زۇنۇن قادىرى

# چىنقىش

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com

زونۇن قادىرى

# چېنىقىش

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : جالالىدىن بەھرام

# چىنقىش

( پوۋېست )

زۇنۇن قادىرى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 № )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر ئىشخانىسىدا تىزىلدى
شىخو شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مىللىمېتىر 32 / 1
باسما تاۋىقى : 6.375 قىستۇرما ۋارىقى : 9
1991 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 500 .8 — 501 .3
ISBN7—228—03720—0/I · 1421
باھاسى : 8.50 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## مۇھەررىردىن

«چىنىقىش» — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى زۇنۇن قادىرنىڭ بىرقەدەر تولۇقلانغان ھېكايىلەر توپلىمى.

توپلامغا ئاپتورنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن يازغان ھېكايىلىرىدىن ئون تۆت پارچىسى كىرگۈزۈلدى. بۇ ھېكايىلەردە ياز- غۇچى ئۆزىنىڭ پىشقان قەلىمى ئارقىلىق يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئۆتمۈش قاراڭغۇ جەمئىيەتنى، ئادالەتسىزلىكنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلسا، ئەمگەكچى خەلققە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كەلگەن ئازاد يېڭى دەۋرنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مەدھىيە- لىگەن.

يازغۇچىنىڭ «چىنىقىش»، «ماغدۇر كەتكەندە» قاتارلىق ھېكايىلىرى تا بۈگۈنگىچە ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ پارلاق ئۈلگىسى بولۇپ، پروزا ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە.

توپلامنى نەشرگە تەييارلاشتا يولداش ھاكىم مۇسا ياردەم بەرگەندى. بۇ قېتىمقى نەشرىدە بەزى ھېكايىلەرگە قىسمەن تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلدى.

1997 ـ يىل نويابىر

# مۇندەرىجە

زۇنۇن قادىر ھېكايىچىلىقىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ........1
ماغدۇر كەتكەندە ....................................32
شەپقەت ھەمشىرىسى ....................................54
مۇئەللىمنىڭ خېتى ....................................62
كۇچۇككە ھۇجۇم ....................................70
ئەخمەتجان قاسىمى ....................................74
پەرمان ....................................96
ئىككى بارمىقىم بىلەن ....................................99
چېنىقىش ....................................104
ئەسلەش ....................................136
گۇمان ....................................151
قىزىلگۈل ....................................162
بەختىخانىنىڭ ھاياتى ....................................171
رەخمەت ....................................187
ئالتۇنىنىڭ تەسىرىدە ....................................195

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

# زۇنۇن قادىر ھېكايىچىلىقىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى

**مۇھەممەت پولات**

زۇنۇن قادىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشقەدەم ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئەدەبىياتىمىزغا رېئالىستىك پروزىنى ئېلىپ كىرگەن، دراماتورگىيىمىزدە بىرىنچى بولۇپ رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇشنى باشلاپ بەرگەن تالانتلىق يازغۇچى ۋە دراماتورگدۇر.

ئۇ ئۆزىنىڭ قىرىق نەچچە يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا «جاھالەتنىڭ جاپاسى»، «گۇلنىسا»، «غۇنچەم»، «توي» قاتارلىق ئونغا يېقىن دراما؛ «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ماغدۇر كەتكەندە»، «چېنىقىش»، «گۇمان» قاتارلىق يىگىرمىدىن ئوشۇق ھېكايە؛ «چىمەنگۈل»، «تىنچ دۇنيا»، «قوشچى بىلەن چاشقان» قاتارلىق ئوتتۇزغا يېقىن شېئىر، مەسەل، «فوللورغا قانداق نۇقتىئىينەزەردە قاراش كېرەك»، «بالىلار ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا» قاتارلىق 10 يېقىن ئەدەبىي، ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى ئا. م. گوركىينىڭ «ئارخىپ بوۋا ۋە لىيونكا»، سوۋېت ئۆزبېك يازغۇچىسى مىركەرىم ئاسىمنىڭ «ئاسترابات»، سوۋېت تاتار يازغۇچىسى ئادىل قۇتىپىنىڭ «تاپشۇرۇلمىغان خەتلەر»، شىنجاڭ قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، شائىر تاڭجارىقنىڭ «گۇندىپاي» قاتارلىق داستان، پوۋېست، ھېكايىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، بىرمۇنچە چۆچەك، قوشاق، ماقال - تەمسىللەرنى توپلاپ ئېلان قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور تۆھپە قوشتى. زۇنۇن قادىرنىڭ كۆپ تەرەپلىملىك ئىجادىي ئەمگىكى ئۇنى خەلق بىلەن مۇستەھكەم باغلىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئۆزىگە خاس بەدىئىي يۈكسەكلىكتە يورۇتۇپ بەرگەن بىر قاتار ئەسەرلىرى

خەلقىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن جەڭگىۋار مۇساپىسىنىڭ ئەڭ ياخشى بەدىئىي خاتىرىسى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ يەنە بىر پارلاق سەمەرىسى بولۇپ قالدى.

زۇنۇن قادىر 1911 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە شەھەر كەمبىغىلى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى، بەش يېشىدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كەلدى. شۇ يىلى ئانىسى ۋاپات بولۇپ، ئاتا تەربىيىسىدە قالدى. يەتتە ياشقا تولغاندا دادىسى ئوغلىنى ئابلاخۇن خەلپەت دېگەن كىشىگە دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى، كېيىن ئۇ. ئىلىدا ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپكە كىرىپ، خەت ساۋادىنى چىقاردى. ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندە دادىسى ۋاپات بولۇپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ئىشىكىدە ئۇششاق ـ چۈشەك، يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. 1936 ـ يىلى ئىلىدا ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئوقۇشقا كىردى. 1937 ـ يىلى مەكتەپنى تۈگىتىپ، غۇلجا شەھەر بەيتۇللادا ئېچىلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولدى. 1938 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىككى يىل، ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدا بىر يىل ئوقۇدى. كېيىن غۇلجىغا بېرىپ باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم، 1940 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى تىياتىر ئۆمىكىدە ئارتىس، قوشۇمچە ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە گېزىت ـ ژۇرناللاردا مۇھەررىر بولدى.

زۇنۇن قادىر كىچىكىدىن باشلاپلا خەلق داستانلىرى ۋە چۆچەكلىرىنى، مەدداھلارنىڭ قىسسە ۋە جەڭنامىلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىدى. ئۇ ساۋادى چىقىش بىلەنلا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قىزىقىپ، نەۋائى، مەشرەپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشقا كىرىشتى. كېيىنچە ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»، شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلستان» غا ئوخشاش مەشھۇر كىتابلىرى بىلەن تونۇشتى. رۇس ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرىنىڭ ۋە ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى ئا. م گوركىينىڭ تاتار ۋە ئۆزبېك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەدرىدىن ئەيىنىنىڭ «قۇللار» ، «ئادىنا» ، «داخۇندا» قاتارلىق كىتابلىرىنى ، سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئۆمەر مۇھەممىدى ۋە نۇر ئىسرايىل قاتارلىقلارنىڭ ھېكايە ، پوۋېستلىرىنى ئوقۇپ چىقتى . دېمەك ، زۇنۇن قادىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ، كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرى ۋە باشقا مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىلغار ئەدەبىياتى تەسىرىدە شەكىللەندى .

زۇنۇن قادىر 1937 ـ يىلدىن باشلاپ يېزىشقا كىرىشتى . ئۇ ئەڭ ئاۋۋال مەرىپەتچىلىك تەرغىپ قىلىنغان «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ناملىق ئۈچ پەردىلىك سەھنە ئەسىرى يېزىپ ، جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلدى . شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ «غۇنچەم» ، «گۈلنىسا» ، «ئۇچراشقاندا» قاتارلىق ئوندىن ئوشۇق دراممىسى ئارقا ـ ئارقىدىن كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى . ئۇنىڭدىن باشقا 1941 ـ يىلى ئىلىدا «غېرىپ ـ سەنەم» سەھنىدە ئوينالغاندا زۇنۇن قادىر بۇ مەشھۇر ئوپېرانىڭ شىكار ئۆستى ۋە مەكتەپ كۆرۈنۈشلىرىنى يازدى .

1944 ـ يىلدىن باشلاپ زۇنۇن قادىرنىڭ ئىجادىيەت دائىرىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا كېڭەيدى . ئۇ دراما ئىجادىيىتى بىلەن بىللە يەنە ھېكايە ، مەسەل ۋە شېئىرىيەت بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ ، جەمئىيەت ئۈچۈن مۇھىم بولغان بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كۆتۈرۈلگەن بىرمۇنچە ياخشى ئەسەرلەرنى ياراتتى . ئۇنىڭ مۇشۇ يىللار ئىچىدە ئېلان قىلىنغان ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار سىياسىي ، ئىستېتىك قاراشلىرى سىڭدۈرۈلگەن ئەدەبىي ، سىياسىي ئوبزورلىرى جامائەتچىلىك ئىچىدە خېلى چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى .

ئازادلىقتىن كېيىن ، زۇنۇن قادىرنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئۆستى . ماركسىزملىق سەنئەت تەلىماتى بىلەن ئىنقىلابىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى يازغۇچىنى تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىجادىيەت زېمىنى بىلەن تەمىنلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئون يىلغا يەتمىگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە سەرگۈزەشتە خاراكتېرلىق رومان «غەزەپ» نىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل لايىھىسىنى ، «غېرىپ ـ سەنەم» دراممىسى

ۋە «غېرىپ ـ سەنەم» كىنو سىنارىيىسىنى يېزىپ چىقتى. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەرلەر مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ قالايمىقانچىلىقىدا يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئىككى دراما، ئۇنىغا يېقىن ھېكايە يېزىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

زۇنۇن قادىر بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تۈرىدە دېگۈدەك ئىشلىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە سالماق ئورۇننى تۇتىدىغىنى پروزا بولۇپ، ھېكايە ئۇنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

زۇنۇن قادىرنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى سېپىگە كىرىپ كەلگەن يىللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر پروزىسى ئەمدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان چاغلار بولۇپ، خەلق چۆچەكلىرى ۋە رىۋايەتلىرى ۋەقەلىكىنى يېڭىچە روھ بىلەن بېيىتىپ، ئۇنى كلاسسىك پروزىمىزنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي رېئاللىقنى گەۋدىلەندۈرۈش — ئۇ چاغدىكى پروزىمىزنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئىدى. بۇ ساھەدە زۇنۇن قادىرنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ئالاھىدە زور بولدى. 40 ـ يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە زۇنۇن قادىرنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن يۈكسىلىپ رېئالىستىك پروزىنىڭ ئىزىغا چۈشتى، ھەممە زۆرۈر بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، رېئاللىقنى ئۆز قىياپىتى بويىچە ئېچىپ بېرىشنىڭ يېڭى پەللىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئەنە شۇ يىللاردا ئېلان قىلىنغان «مۆئەللىمنىڭ خېتى»، «ئىككى بارمىقىم بىلەن»، «كۆچۈككە ھۆجۇم»، «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىلىرىدە بىۋاستە جەمئىيەتنىڭ رېئال، ماھىيەتلىك زىددىيەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، تۇرمۇشنى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر نۇقتىسىدىن يورۇتۇپ، ئەدەبىياتىمىزدا جەڭگىۋار رېئالىستىك پروزىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى.

تۆۋەندە زۇنۇن قادىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە ئىككى ھېكايىسى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە بەزى قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# X

«ماغدۇر كەتكەندە» — زۇنۇن قادىرنىڭ 1948 ـ يىلى يازغان ھېكايىسى. بۇ چاغدا يازغۇچىنىڭ پروزا ئىجادىيىتى ساھەسىدە رەسمىي كۆزگە كۆرۈنگەن، خېلى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت سەۋىيىسىگە ئېرىشكەن چاغلىرى ئىدى. زۇنۇن قادىر بۇ ھېكايىسىدە غېنىدالىلىق ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، روھىي ۋە جىسمانىي تەرەپتىن مىجىلىپ ھالىدىن كەتكەن دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى جانلىق ۋە كونكرېت تەسۋىرلەپ، زۇلۇم ۋە خورلۇق بىلەن تولغان جىنايەتلىك كونا جەمئىيەتنىڭ خۇنۇك مەنزىرىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سىزىپ بەردى.

ئاپتور قانداق قىلىپ ئۆز ھېكايىسىنى بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك يازالىدى؟ بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، ئاپتور ھېكايىسىدە ئەڭ ئاۋۋال باقىدىن ئىبارەت تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۆز ئەسىرىنى يېتەرلىك جانلىقلىق ۋە كونكرېتلىققا ئىگە قىلدى. مەلۇمكى، ئوبرازچانلىق ـ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى. ھەممىنى ئوبراز ئارقىلىق سۆزلەش، تۇرمۇشتىكى خىلمۇ خىل زىددىيەتلەرنى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى نازۇك ۋە ئىنچىكە سىرلارنى، ئادەملەر روھىي دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ قارىمۇ قارشىلىقلارنى روشەن ۋە كونكرېت ئېچىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرەققىياتىنى ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈش — بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى. شۇڭا يازغۇچى بىرەر ئەسەر ئۈستىدە ئىشلىگەن چېغىدا ئۆزىنىڭ ھەممە زېھنىي كۈچىنى ئەڭ ئاۋۋال بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىن ئىبارەت مۇشۇ تۈپ تەلەپ ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ ھەرقانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئوقۇغۇچى قەلبىدە بەلگىلىك ئىستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلالايدىغان ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر يارىتالمايدۇ. بىز زۇنۇن قادىرنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق

ھېكايىسىدىن بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز .

ھېكايە باشلىنىش بىلەنلا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا مۇشەققەتلىك يېزا تۇرمۇشى نامايەن بولىدۇ . تىرىكچىلىك ئازابىدا قەددى پۈكۈلگەن جاپا-كەش دېھقانلارنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ناخشىلىرى قۇلىقىمىز تۈۋىدە جاراڭلايدۇ . ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى باقى كىشىدە ئېغىر ۋە ئازابلىق سېزىم پەيدا قىلىدىغان ئەنە شۇنداق ئەسىرلەر ئىچىدە بەدىئىي سەھنىگە كۆتۈرۈلىدۇ . ئەنە ، خوجايىنىنىڭ ئاياق سېلىنغان خامىنى ، ئات ئايلىنىشتىن توختاپ ھە دەپ ئۇنچە يېمەكتە . ھالىدىن كەتكەن باقى ئارىسىنى قولتۇقلىغىنىچە بىر چەتتە ئۇخلىماقتا . ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششى-غان ، چىرايى كىشىنىڭ غەشلىكىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە سەت ۋە كۆرۈمسىز . ئۇ نېمىشقا بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالدىكىنە ؟

ھېكايىنىڭ كېيىنكى بۆلۈملىرى باقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئۇنىڭ كې-يىنكى تەقدىرىنى ئېچىپ بېرىشنى مەركەز قىلغان ھالدا راۋاجلىنىدۇ . ئاپتور باقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلى-رىنى تەسۋىرلىگەن چېغىدا يېزا تۇرمۇشىنىڭ چوڭ ۋە ئالاھىدە تەرەپلىرىگە ، ئۇقۇم تۇسىدىكى ئابستراكىت تەسىراتلارغا بېرىلمەي ، ئو-قۇغۇچىنى بىۋاسىتە تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىگە ، پېرسوناژنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بىرلىكىگە ، ئۇنىڭ ساددا ۋە پاكىز روھىي دۇنياسىغا ، يەنى تۇرمۇشنىڭ كونكرېتلىققا ئىگە بولغان ئەھمىيەتلىك تەرىپىگە باشلايدۇ . باقىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى بىلەن تۇرمۇش رېئاللىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ، ئۇنىڭ كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان ھايات پاجىئەسىنى جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرى نۇقتىسىدىن ئەمەس . بەلكى ئاشۇ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولغان دېھقان تۇرمۇشىنىڭ جانلىق ۋەقەلىكلىرى نۇقتىسىدىن يورۇتۇپ بېرىدۇ . ھېكايىدە باقىنىڭ تۇرمۇش بىرلىكى ۋە پىسخىك ئالاھىدىلىكىدىن ھالقىپ كەتكەن بىرەر بەدىئىي دېتالنى ياكى ئۇنىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان بىرەر ئالاھىدە ۋەقەنى تاپقىلى بولمايدۇ . باقىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئېلىنغان ئۇششاق ، لېكىن ئەھمىيەتلىك ئۈزۈندىلەر ،

بەكمۇ ئادەتتىكىچە بولغان، لېكىن ئوقۇغۇچىنىڭ قەلب تارىنى تىترەتكەن تەسىرلىك ۋەقەلەر ئوقۇغۇچىنى توپتوغرا تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىگە، باقىنىڭ ھايات پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ ئىجتىمائىي سەۋەبلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇ ھال ھېكايىنىڭ چىنلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

ئەمدى باقىنىڭ خاراكتېرىنىڭ يارىتىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭدىمۇ ئاپتورنىڭ ناھايىتى ئوبدان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرىمىز. باقى تۇرمۇشقا ئەمدىلا كۆز ئاچقان ساددا ۋە ئاقكۆڭۈل بىر يىگىت، ئۇ يېزا تۇرمۇشىنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىمىغان، ئۆز ئەتراپىدا كۈندە دېگۈدەك تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ سىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخى قاراڭغۇ. ئۇنىڭدا تۇرمۇشتىكى شەكىل، ھادىسىلەردىن قايمۇقۇپ، ئاسان ئۈمىدلىنىدىغان دېھقان خاراكتېرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى بولغانلىقتىن، ھايات دولقۇنلىرى بىلەن تۇرمۇش تاسادىپىيلىرىغا نىسبەتەن ھېچقانداق روھىي تەييارلىق يوق. شۇڭا، ئۇ كىچىككىنە زەربىگە يولۇققۇشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ ھالاكەت گىردابىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۆزىنىڭ شۇنچە مۇشەققەتتە ئېرىشكەن قەدىرلىك نەرسىلىرىنىڭ بۇنچىلىك ئاسان قولدىن كېتىش مۇمكىنلىكىگە ئىشەنمەي، ھەيران بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ خۇشال ۋە بەختلىك مىنۇتلىرى ئۈستىدە سۆزلىگەن چېغىدا ھاياجىنىنى باسالماي قالىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا قولدىن بېرىپ قويغان نەرسىلىرى گويا ھازىرلا قايتىپ كېلىدىغاندەك شادلىنىدۇ:

"— راست، بىز ناخشا ئېيتقان، كۈچ-قۇۋۋىتىمىز بار چاغدا قانداق يىگىت ئىدۇق، بىلەمسەن؟ بىزنىڭ پېشانىمىزگىمۇ يەر پۈتكەن، — ئۇن خوچە يېرىم بار ئىدى مېنىڭ...، — تورغاي چۇ چۇلىغاندا قوپۇپ، تا ئەل ياتقۇچە ئېتىزدا قوش ھەيدەيدىغان، كەتمەن چاپقان، ئوما ئورغان ئەزىمەت ئىدۇق. بىز ئېچىق ئېتىش ئۈچۈن قومۇرۇپ كۆتەرگەن چىمنى ئىككى-ئۈچ ئادەم كۆتۈرەلمەيدىغاندى. ناخشىنى مانا شۇ چاغلاردا ئېيتىپ ئارىلىشىپ كەتكەن دېگىنە بىز، ھەي...

ئەمدى كۈچ يوق، يۈرەك يوق!» گەرچە بۇنداق ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ قەلب يارىلىرىنى قوزغاپ ئۇنى ھەسرەت ۋە نادامەت ئوتىدا كۆيدۈرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا مۇشۇنداق خاتىرىلەر بىلەن ئۆزىگە تەسەللىي بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئائىلىسىنىڭ پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىپ تۇرسىمۇ، ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتىش خىيالىدا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىدە بۇنىڭغا لايىق بىرەر ئىقتىدارنىڭ بولۇشى مۇمكىنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ.

ئاپتور باقىنىڭ خاراكتېرىدىكى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە باشتىن-ئاخىر سادىق بولۇپ ئۇنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى شۇنىڭغا ماس بولغان كونكرېت ۋەقەلىكلەر ئىچىدە يورۇتۇپ بېرىپ، ئۆتمۈشنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدە ھەقىقىي ماغدۇرىدىن كەتكەن جاپاكەش دېھقاننىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىدۇ.

ئەمدى ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش تەرىپىدىكى بەزىبىر ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە ئەينى ۋاقىتتىكى پروزىمىزدا قېلىپلىشىپ قالغان ئومۇمىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئۆزىگە خاس يېڭى يول تۇتقان. ئۇ باقىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى تەپسىلىي بايان، ئىزچىل ھېكايە قىلىپ بېرىش ئۇسۇلىغا تايىنىپ ئەمەس، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىرنەچچە ئەھمىيەتلىك ئۆزۈندىلەرنى تاللاپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن. بۇنداق سەكرەتمىلىك تەسۋىر، ھېكايە سۇژېتىنىڭ ئوبيېكتىپلىققا ئىگە ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەردىن تۈزۈلگەنلىكى ئوبرازنى تېخىمۇ كۈچلۈك، جانلىق ۋە ھەرىكەتچانلىققا ئىگە قىلغان. ئۇندىن باشقا ئاپتور ھېكايىسىدە بايان ۋە تەسۋىردىكى بەدىئىي ئورگانىكلىققا ئۆزىنىڭ ئىنچام ۋە مەزمۇنلۇق مۇلاھىزىلىرىنى قوشۇپ، ھېكايىنى قويۇق لىرىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىپ، مەنزىرە بىلەن ھېسسىياتنىڭ تەبىئىي بىرلىكىگە ئېرىشكەن. ھېكايىدىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ۋەزمىن ۋە ئېغىر ھېسسىيات بىلەن

www.uyghurkitap.com

سۇغۇرۇلغانلىقى كىشىدە ئازابلىق تۇيغۇ پەيدا قىلىدىغان مۇڭ ـ قايغۇنىڭ ھېكايىگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۇرۇلگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. گەرچە ھېكايىدە پېرسوناژ تۇرمۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى خۇشاللىق كەچۈرمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بەزىبىر ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوقۇغۇچىدا ھېچقانداق بەختلىك سېزىم پەيدا قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ قەلبىدە ئويغانغان ئازابلىق تۇيغۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

ھېكايە ۋەقەلىكلىرىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئېغىر ۋە موڭلۇق بەدىئىي ۋەزىندە تۈزۈلگەنلىكى ئۇنىڭ تېمىسىغا، يەنى ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكى ئازابلىق تۇرمۇشنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە بەكمۇ ماس كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ھېكايىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، زۇنۇن قادىر بۇ ھېكايىسىدە پېرسوناژنىڭ ھەرىكىتى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە، ئاپتور بايانى بىلەن پېرسوناژ ھېكايىسىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بولۇپمۇ باقىنىنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئىنچىكە ۋە ئالاھىدە تەرەپلىرىنى كۆپرەك ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشى بىلەن ئاچقان. پروزا ئىجادىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھەقىقەتەن، مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە بىر ئىش. لېكىن ئاپتور بۇ ئۇسۇل بىلەن كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئاجايىپ تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنى يارىتىپ، قەھرىماننىڭ خاراكتېرىنىڭ ئىندىۋىدۇئال نازۇكلىقىنى ناھايىتى روشەن ئېچىپ بەرگەن.

"ـــ مەن ئات بېقىشنى بانا قىلىپ، تولا ۋاقىتلاردا كېچىلەرنى ئېتىزدا ئۆتكۈزۈۋېتىمەن، ئېتىزنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى قانداق چىرايلىق، بىر بىرىگە تۇتىشىپ سوزۇلغان ئاشلىقلار، ياپيېشىل يەلپۈنگەن بېدىلىكلەردە مەست بولۇپ سايرىغان بۇدۇنىلەرنىڭ ئاۋازى كۆڭۈلنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ قاچىدۇ ... كۆز يەتمەس يەردە ئاۋرال تېغى چوقچىيىپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ ئاۋرال تېغى باغرىدا باھار ئۇيقىغا كەتكەندۇ. مەن شۇ تەرەپكە قاراپ تاڭ ئاتقۇچە تويماي ناخشا ئېيتىپ چىقىمەن، ئوھۇ! ... بۇ قانداق ناخشىلار ... يۈرەكنى يېرىپ چىقىدۇ. مەن ئۆمرۈمدە سېغىنىش-

نىڭ مۇنداق لەززەتلىك خۇمارىنى سەزمىگەنىدىم.»

بىز ھېكايىنىڭ بۇنداق سەھىپىلىرىدىن جانلىق ۋە ئوبرازلىق خەلق تىلى بىلەن چىن ۋە رېئال بەدىئىي تەسۋىرلىك كۈچ - قۇدرىتىنى، يېزا تۇرمۇشىنىڭ ساددا ۋە رەڭمۇ - رەڭلىكى بىلەن دېھقان پسىخىكىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى ئوبدان كۆرەلەيمىز.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ ھېكايە ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىيلىك تەرەپلەردىكى بىرقاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پروزىمىزنىڭ ئازادلىققىچە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ ياخشى مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭا، ئۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن ئىگىلىشى كېرەك.

×

«چېنىقىش» — يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان تۇنجى ھېكايىسى. ئۇ «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىسىدە فېئوداللىق زۇلۇم ئاسارىتىدە ياشاش ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان ۋەيرانە بىر دېھقاننىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، «چېنىقىش» ھېكايىسىدە كونا جەمئىيەتتە بۇزۇلۇپ كاردىن چىققان بىر ئادەمنىڭ سوتسىيالىزم تەسىرىدە ئۆزگىرىپ ياراملىق بىر ئادەمگە ئايلانغانلىقىنى تەسۋىرلەپ، بىر بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ بەدىئىي سېلىشتۇرمىسىنى ياراتتى.

50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا مەملىكىتىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلغان يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى شىنجاڭ يېزىلىرىدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مىليونلىغان دېھقانلار شەخسىي مۈلۈكچىلىك ئاسارىتىدىن ئازاد بولۇپ، مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ماددىي ۋە مەنىۋى قاششاقلىقتىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇلار ئۆز - ئۆزىگە خوجا ئازاد ئادەملەر سۈپىتىدە كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ قاينام - تاشقىنىغا ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com

ئېتىپ، يېڭى بەختىيار ھايات قۇرۇشنىڭ سەلتەنەتلىك جېڭىنى باشلىدى.

زۇنۇن قادىر «چېنىقىش» ھېكايىسىدە مانا مۇشۇ زور ئىجتىمائىي رېئاللىقنى، يەنى يېزا تۇرمۇشىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى مۇناسىۋەتلەرنى يارقىن ئوبراز، تىپىك خاراكتېرلار ئارقىلىق جانلىق ھالدا ئېچىپ بېرىپ سوتسىيالىزمغا چىن يۈرىكىدىن مەدھىيە ئوقۇدى.

ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى مەتنىياز — ھايات ئىرادىسىنى يوقاتقان، ياشاشقا قابىلىيەتسىز ھورۇن بىر ئادەم. ئۇ تىرىكلىك ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئاز - تولا مىدىرلاپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن، بولمىسا ھويلىسىدىكى كونا سۇپا ئۈستىدە خۇددى ئاپتاپتا قالغان سازاڭدەك ھەپتىلەپ توپىغا مىلىنىپ يېتىشقا رازى. لېكىن ئۇ — قولىدىن ئىش كېلىدىغان، بىر مۇنچە ھۈنەرلەرنى ئوبدان بىلىدىغان يېتىمچى، بىرەر ئادەمدىن رەنجىشنى بىلمەيدىغان، ھېچكىمگىمۇ يامانلىقنى راۋا كۆرمەيدىغان ئاقكۆڭۈل بىر ئادەم. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ھاياتنىڭ ھېچنېمىسىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. كۈندۈلۈك تۇرمۇشنىڭ مۇشەققەتلىك ئېغىر يۈكى ئۇنىڭ يەلكىسىدىن كەتمەيدۇ. نېمىشقا شۇنداق؟ بۇنى مەتنىيازنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى تەسىرىدە شەكىللەنگەن بوشاڭ ۋە ئىرادىسىز تەبىئىتى بەلگىلىگەن. ئۇ — تۇرمۇشقا پەرۋاسىز قاراشقا ئادەتلەنگەن غايىسىز بىر ئادەم، ئۇنىڭغا ھايات ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ئىنتىلىش، ئارزۇ ئىستەككە ئوخشاش نەرسىلەر پۈتۈنلەي يات. ئۇ پەقەت دۇنياغا تۇغۇلغىنى ئۈچۈنلا ئامالسىز ياشاشقا رازى. ئاپتور مەتنىيازنىڭ مەنىسىز تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە شەكىللەنگەن يۇقىرىقىدەك خاراكتېرىنى ناھايىتى قىزىقارلىق، سەممىي يۇمۇرلۇق تەسۋىرلەر بىلەن روشەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ مەتنىيازنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ دېھقانچىلىققا كىرىشكەن دەسلەپكى يېلىنى، يەنى ئۇنىڭ يازلىق يىغىم ۋاقتىدىكى روھىي كەچۈرمىشلىرىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەش يولىنى تاللىۋالىدۇ.

مەتنىياز ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شەھەردە بىر مەزگىل لاغايلاپ يۈرۈپ ياشاش يولىنى تاپالماي، ئاخىر دېھقان بولۇش

ئۇچۇن يېزىغا كېلىدۇ. لېكىن، يېزىنىڭ جاپالىق ئەمگەك ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادىتى ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا يول قويمايدۇ. ئۇ دېھقانچىلىق ئىشىغا كىرىشكەن دەسلەپكى كۈنىدىن باشلاپلا تۈگىمەس جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاددىي، لېكىن ناھايىتى چوڭقۇر ھايات پاجىئەسى باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتى رېئاللىقنىڭ جىددىي سىنىقىغا دۇچ كېلىپ خاراكتېرىدىكى يوشۇرۇنقىدەك ئاجىزلىقلار تېخىمۇ چوڭقۇر ئاشكارىلىنىدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىدە تېرىپ ئۆستۈرگەن تەييار قىچىسىنى يىغىۋېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، سايدا ياتقىنىچە ھەسرەت چېكىدۇ. يېزىغا كەلگىنىگە، ھەتتا دۇنياغا تۇغۇلغىنىغىمۇ پۇشايمان قىلىدۇ. ھاياتتىنمۇ، تەبىئەتتىنمۇ، ھەتتا يېنىدا چىرىلداۋاتقان چېكەتكىلەردىنمۇ بېزىدۇ. ئاپتور مەتنىيازنىڭ بۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىنى تۆۋەندىكىچە تەسۋىرلەيدۇ:

«— ھە، ھى، ھەممە نەرسە كۆيۈپ كېتىدىغۇ مۇنداق ئىسسىقتا، — دەپ غودۇڭشىدى مەتنىياز ئۆژمىنىڭ شېخىدا قونۇپ تۇرغان توك قاغىنىغا قاراپ. ئونلاپ ـ يىللاپ ئۆمۈر سۈرگەن بۇ قېرى قاغا شورلىشىپ كېپەك ئۆرلەپ كەتكەن تۇمشۇقىنى كېرىپ ھەلقۇمىنى لەپىلدىتىپ تۇراتتى. مەتنىياز بولسا، تەر پۇراپ كەتكەن كۆڭلىكىنى كۆكاتقا ئوراپ بېشىغا قويغان، يالىڭاچ دۈمبىسىنى نەم يەرگە چاپلىغان ھالدا ئوڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ يۇمشاق تېنىگە چاۋا ـ چاتقاللار پېتىپ، بىزەك چىۋىنلەر بولسا، ئۇ يېرىدىن قوغلىسا، بۇ يېرىگە قونۇپ بىئارام قىلاتتى. مەتنىيازنى بۇ يىل ئەتىيازدىن بېرى جان ـ جانىۋارلارمۇ، مېھنەتمۇ، مانا ھازىرقىدەك ئىسسىقمۇ قىيناۋاتىدۇ. بۇ ھېچ يالغان ئەمەسقۇ، ئەنە شۇ ھاسىراۋاتقان قېرى قاغا مەتنىيازنى بوزەك ئەتمىگەنمىدى، يېرىم پۇتلۇق يەرگە قوناق تېرىسا پەقەت يىگىرمە ئۈچ توپ ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئەسلىدە بۇ يەرگە يېرىم چەسلەكچە قوناق چاچقانىدى. مىڭلاپ ـ مىڭلاپ دانلار قېنى؟ ئۆژمىنىڭ شېخىدا ئولتۇرغان مۇشۇ كاساپەتلەر يەپ كەتتى ـ دە، قاغىنىڭ پەيسىز لېپىلداپ تۇرغان ھەلقۇمىغا قاراپ يېتىپ مەتنىيازنىڭ ئازراق ئاچچىقى كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— قاناتلىرىڭ كۆيۈپ كەتسۇن ، هارام تاماق . — دېدى ـ دە ، ئەمدى دۇم ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىراپ پات ـ پات يۇمۇلۇپ قالسىمۇ ، خىيالىنى ئورىۋالغان پۇشايمان ۋە ئېغىر ھەسرەتلەر ، بۇنى ئاز دەپ چىۋىنلەرنىڭ غىڭىلداپ غىدىقلاشلىرى ئۇيقۇ بەرمەيتتى .»

مەتنىياز ئەنە شۇنداق ھەسرەتلىك خىياللار بىلەن ئازابلىنىپ تۇرغان چېغىدا ، يىراقتىن ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرىغا چۈشلۈك تاماق ئېلىپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئاياللار ئۆتۈپ قالدۇ . ئۇنىڭ ئىچىدە ھەمكارلىق گۇرۇپپا باشلىقى ھەمرانىڭ تۇل سىڭلىسى ئىززەتخانمۇ بار ئىدى . يالغۇزلۇقنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى تۈپەيلىدىن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىپ يەتكەن مەتنىياز بۇ ئايالغا ئۆزىچە قىزىقىپ يۈرەتتى . شۇڭا ، ئۇ ئىززەتخاننى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا ئاتاپ تىكىۋاتقان تۇپىلىمىسىنى هازىر غىچە پۈتتۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ، قاتتىق خىجالەتچىلىك ھېس قىلدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ناھايىتى چوڭ غەيرەت ۋە چىدام بىلەن ئاران باشلىغان بۇ ئىشنى تاشلاپ قويۇپ ، ئۆيىگە بېرىپ ئىززەتخاننىڭ تۇپلىيىنى پەدەز قىلىشقا كىرىشىدۇ . ئۇ بۇ قىلىقى ئۈچۈن ھەمرادىن تەنبىھ ئاڭلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ باشقىدىن غەيرەتلىنىپ ، ئەتىسى تاڭ بىلەن ئېتىزغا چىقىپ ، قالغان قىچىسىنى پاك ـ پاكىز ئورۇپ تۈگىتىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ ، لېكىن ئۇ ئىشقا كىرىشىپ ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا هورۇنلۇقى قوزغىلىپ بىردەمدىلا ئىشتىن بېزىدۇ :

«— ۋاي ـ ۋاي ـ ۋاي ، كاساپەت ئەجەپ ئاغرىيدىكىنا ! — ئۇ ئىككى بېقىنىنى قاماپ تۇرۇپ گەۋدىسىنى توغرىلىدى . بىرنەچچە مىنۇتقىچە بېلىنى ئۇۋۇلاپ ، ئورغاقنى يەنە قولىغا ئالدى . بۇ ئورمىچى شۇنچىلىك غەيرەت قىلدىكى ، مۇكچىيىۋېرىپ بېلى ئاغرىغاندىن كېيىن ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، گاھىدا تىزلىنىپ يۈرۈپ ئوما ئورىدى . مەيدە ۋە غولىدىكى چوڭقۇرلۇقنى بويلاپ تەر شۇرقۇراپ ئاقاتتى . هۆل بولۇپ چاپلىشىپ كەتكەن كۆڭلىكىنى تېنىدىن سويۇپ ياقىسىدىن تۇمشۇقىنى تىقىپ پۇدەيتتى ، قېشىنى بويلاپ تىنماي ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرنى سىڭىپ قولىنى سىلكىتەتتى . ئاخىر تامىقى قۇرۇپ ، مىدىرلىغۇچىلىك

دەرمانى قالمىغاندىن كېيىن، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا. ئۆزمە سايىسى تەرەپكە كەشىنى سۆرەپ ئاستا مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئۈچ تۈپىنىڭ ئورنىچىلىك يەردىكى قىچىنى ئورىغانىدى.»

شۇنداق قىلىپ، مەتنىيازنىڭ قىچىسى يەنىلا ئورۇلماي قېپقالدۇ. گەرچە ئۇنى ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرى ياردەم قىلىپ ئورۇۋېپ بەرسىمۇ، لېكىن مەتنىيازنىڭ ئۇنى ۋاقتىدا يىغىۋېلىشقا قۇربى يەتمىگەنلىكتىن، قالغان بىر قىسىم قىچىسىنى كالا ـ توپاقلار دەسسەپ تۈگىتىدۇ.

يۇقىرىقى بىر قاتار تېپىك ۋەقەلەر، كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ماھىيەتلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى مەتنىيازنىڭ بوشاڭ، ئىرادىسىز تەبىئىتى بىلەن ئۇنىڭ زىددىيەتلىك روھىي دۇنياسىنى ناھايىتى ئوبدان ئېچىپ بېرىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ھالال، ئاقكۆڭۈللۈكىنى كۆرسىتىدىغان تۆۋەندىكى ۋەقە بولسا مەتنىيازنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇنى ئۆزىگە خاس ئادەت ۋە كۆز قاراشلىرى بىلەن باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان جانلىق ئادەم سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

زىرائەتلەر يىغىلىپ بولغان كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەتنىياز باشقىلار بىلەن بىللە ئۆستەڭ چېپىشقا ماڭىدۇ. لېكىن، بىردىن ئۇنىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىپ، ئىشتىن قېچىپ ئۆرۈك ياغاچلىرى ئارىسىغا مۆكۈۋالغان چېغىدا، باشقىلار كۆرۈپ قالىدۇ. ئەسلىدە بۇ كىشىنى قاتتىق خىجىل قىلىدىغان بىر ئىش ئىدى. مۇبادا مەتنىيازنىڭ ئورنىدا باشقا بىر كىشى بولغىنىدا ئىدى، بىرمۇنچە سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىنى ئاقلاپ بۇنداق ئۇياتلىق ئىشتىن قۇتۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن مەتنىياز ئۇنداق قىلمايدۇ. كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي ئېيتىۋېتىپ، بۇرۇنقى تۈز ۋە راستچىللىقى بويىچە قىلىۋېرىدۇ:

«باياتىن بېرى يول بويىدىكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان سېيىتئاخۇن مۈشۈكنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ توپنىڭ ئالدىغا يورغىلاپ ئۆتۈۋالدى ـ دە:

ـــ ھە، ئۇققۇلدى، مەتنىيازنىڭ بۇ قىلغىنى ئويۇن ئەمەسكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆستەڭگە بېرىشتىن قېچىشكەن - دە، بۇ نېمىدېگەن ساختىپەزلىك؟ مانا قاراڭلار! — دېدى.

— شۇنداق، ھېچ قاملاشمىغان بىر ئوي مىڭەمگە كىرىپ قالدى - دە، ئۆستەڭگە بېرىشتىن قېچىپ مۆكۈۋالدىم.

— ئەمدى بۇنى نېمە قىلىش كېرەك؟ — دېدى سېيىتئاخۇن مەتنىياز تەرەپكە قولىنى سوزۇپ.

— مۇساپىرنىڭ كۆچۈكىدەك بويىنىمىزنى ئېگىپ تۇردۇق. نېمە قىلساڭلار، ئىختىيار سىلەردە، — دېدى مەتنىياز قول قوشتۇرۇپ بويىنىنى ئەگكەن ھالدا.»

كۆپىنچە كىشىلەر دائىم دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت - نەپسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشتىن خالىي بولالمايدۇ، بۇ ھەممە كىشىدە دېگۈدەك ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولىدىغان بىر خىل ئەھۋال. مەتنىيازدا بولسا ھەتتا مۇشۇ نەرسىمۇ يوق. شۇڭا ئۇ ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز قاراشقا ئادەتلەنگەن. بۇ — ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئېغىر ۋە مەنىسىز تۇرمۇش شارائىتىغا ھازىرغىچە كۆنۈپ كەلگەنلىكىنىڭ، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەنلىكىنىڭ تۈپ سەۋەبى، شۇنداقلا بۇ پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ — ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش مەنتىقىسىنىڭ تىپىك ۋە جانلىق ۋەقەلىك نېگىزىدە يارقىن ئېچىپ بېرىلىشىدۇر.

ئاپتور مەتنىيازنىڭ كېيىنكى ئۆزگىرىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىمۇ، خۇددى يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. ئۇ بۇنىڭدا مەتنىيازنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ يېڭىلىنىشى، ماددىي - ئىقتىسادىي ئامىللارنىڭ تەسىرى ياكى بىرەر شەخسنىڭ مەنىۋى غەمخورلۇقى قاتارلىق ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان نەرسىلەرنى تەسۋىرلىمىگەن، بەلكى ھەممە نەرسىنى ئۇنىڭ خاراكتېر ۋە تۇرمۇشىنىڭ مەنتىقىلىق راۋاجىدىن ئىزلەپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ماھىيەتلىك تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى تاللىغان. كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ زوق - شوقى، ئەركىن ۋە ئازادە تۇرمۇش، كوللېكتىپنىڭ ئىشەنچ ۋە مېھرىبانلىقى، ئىززەتخانىغا بولغان مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى قاتارلىق

مەنۋى ئاملار، ئۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭ لەززىتى، ھاياتنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەتنىياز ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھەقىقىي ھالدا چۈشىنىپ، كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ قابىنام تاشقىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ، بەختىيار تۇرمۇشنىڭ ياراتقۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاپتور مەتنىيازدىكى ماھىيەتلىك بۇرۇلۇشنى، يەنى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بەرگەن چوڭقۇر ئۆزگىرىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېچىپ بېرىپ، خاراكتېر ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئوبراز يۈكسەكلىكىگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا ھېكايىنى ئوقۇپ چىققان كىتابخان باشتىكى بوشاڭ ۋە ئىرادىسىز مەتنىيازنى ئۆزىنىڭ كىشىلىك بۇرچىنى تونۇپ يەتكەن ئاڭلىق ئەمگەكچى سۈپىتىدە كۆرۈپ چەكسىز سۆيۈنۈش ھېس قىلىدۇ. بۇ — ئاپتورنىڭ ماھارەتلىك قەلىمىدە يارىتىلغان بەدىئىي چىنلىقنىڭ، يەنى تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنىڭ ئادەم ھېس قىلالايدىغان كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مەتنىياز ئوبرازىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىسىدا بىرىنچى قېتىم بارلىققا كەلگەن، رېئاللىقنىڭ ئومۇمىي تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرغا ئىگە مۇكەممەل بەدىئىي تىپ دېيىشكە بولىدۇ.

ھېكايىدە مەتنىيازدىن باشقا ھەمرا، سېيىت، ساۋۇتجان، ئىززەتخان قاتارلىق بىرنەچچە پېرسوناژلار بار بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىر بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

ھەمرا — كوللېكتىپلىشىش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يېزا ئاكتىپى. ئۇ — ئېنىق غايە، مۇقىم سىياسىي قاراشقا ئىگە بولغان ئاڭلىق تەشكىلاتچى. ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى تەلەپچانلىق ۋە ئەمەلىيەتچانلىق. ئۇ مەتنىيازنىڭ كەلگۈسىگە چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. ھەتتا مەتنىيازغا بولغان ئادىل قارىشى تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان بىرمۇنچە سۆز — چۆچەكلەرگە قالغان چاغلاردىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ. ئۇنىڭ بولمىغۇر قىلىقلىرىنى تەنقىد قىلىپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ. تۇرمۇش ئۇنى قىينىغان، ئازابلىغان پەيتلەردە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا سەمىمىي مەدەت بېرىدۇ. نەتىجىدە مەتنىياز ئۇنىڭ تەسىرى ۋە ئىشەنچىسى بىلەن چىدام ۋە غەيرەتكە ئۆگىنىپ، مەنىلىك تۇرمۇش يولىغا كىرىدۇ. كىتابخان ھەمرا ئوبرازىدىن كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا يېزىلىرىمىزدا بارلىققا كەلگەن سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنى كۆرەلەيدۇ. ئوتتۇرا دېھقان سېيىت ئوبرازىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئوبراز دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور ئۇنىڭدا ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئىدىيىۋى خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلىك ھالدا كۆرسىتىپ، كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ دېھقانلارنى شەخسىي مۇلۇكچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ. ئىززەتخان ئوبرازى ھېكايىدە ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئوقۇغۇچىغا ئەركىن ۋە شوخ تەبىئەتلىك يېزا ئاياللىرىنىڭ يېقىملىق قىياپىتىنى ئەسلىتىدۇ.

قىسقىسى، «چېنىقىش» ھېكايىسى ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى، ئوبرازلىرىنىڭ روشەن ۋە كونكرېتلىقى، تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنىڭ جانلىق ۋە رەڭمۇ ـ رەڭلىكى بىلەن كىتابخاندا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

×

زۇنۇن قادىر — ئۇزۇن يىللىق ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن تالانتلىق يازغۇچى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك تەرەپلەردە بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، تەلەپچان يازغۇچىنىڭ كەشپ قىلىش ۋە ئىجاد قىلىشقا بولغان قىزغىن ئىنتىلىشى بىلەن تولغان.

زۇنۇن قادىر ئۆز ھېكايىلىرىدە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ چىنلىق قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىگە بىردەك كۆڭۈل بۆلۈپ، رېئاللىقنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدىغان خىلمۇ خىل بەدىئىي ئوبرازلارنى ياراتتى. ئۇ غايىۋى مەزمۇنى

گەۋدىلەندۈرۈشتە ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، ئىجادىي زېھنىنى كۆپرەك سەلبىي ۋەقەلەر ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ھېكايىلىرىنىڭ بەدىئىي ۋەزنىنى يۇمۇرلۇق تەبەسسۇم، مەسخىرىلىك كۈلكە بىلەن يۇغۇرۇپ، سەلبىي ھادىسىلەر تەسۋىرى ئارقىلىق ئىجابىي ھادىسىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆز كىتابخانىنى تۇرمۇشنىڭ تېخى ھېس قىلىنمىغان يېڭى گۈزەللىككە باشلىدى.

تۆۋەندە بىز زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئەڭ ئاۋۋال ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنىڭ باي ۋە خىلمۇ خىللىقىدا كۆرۈلىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ نەرسە زۇنۇن قادىرنىڭ چوڭقۇر تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ زۇنۇن قادىر — ئۆز خەلقىنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي سەرگۈزەشتىلىرىنى پىششىق بىلىدىغان، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، روھىي - پسىخىك ھالىتى، ھېس - تۇيغۇ ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان يازغۇچى. ئۇ تۇرمۇشنى يازغۇچىلىق دىت بىلەن كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ تۇرمۇشنىڭ تېخى ئېچىلمىغان ماھىيەتلىك تەرەپلىرى بىلەن، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئۇششاق، لېكىن خاراكتېرلىق ۋەقەلەرگە بولغان قىزىقىشىدا كۆرۈلىدۇ. بېلىنسكىي مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق خەلقنىڭ ئىككى خىل پەيلاسوپىيىسى بار. بىرى، ئىلمىي، كىتابىي، تەنتەنىلىك ۋە شەۋكەتلىك پەيلاسوپىيىسى، ئىككىنچىسى، كۈندىلىك، ئائىلىۋى، تۇرمۇشتىكى پەيلاسوپىيىسى. كۆپىنچە بۇ ئىككى پەيلاسوپىيە بىر بىرىگە بىرمۇنچە يېقىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتنى تەسۋىرلىمەكچى بولغان كىشى بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىلەن تونۇشۇشى، لېكىن كېيىنكىسىنى ئالاھىدە ئۆگىنىشى لازىم.»①

زۇنۇن قادىرنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىي ئەمەلىيىتىدىن ئۇنىڭ

---

① بېلىنسكىي — «تاللانغان ئەسەرلەر»، ئۆزبېكچە نەشرى، 384 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇرمۇشنى ئۆگىنىش ۋە كۆزىتىشتە بۇ مۇھىم تەلەپكە ئىزچىل ئەمەل قى-
لىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ھېكايىلىرىدە كىتابىي
بىلىملەرگە، ئابستراكت ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرگە، جەمئىيەت ئۈچۈن
ئورتاق بولغان چوڭ ۋە سەلتەنەتلىك ۋەقەلەرگە بېرىلمەيدۇ، ئەكسىچە،
تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان ئۇششاق تىپىك ۋەقە ۋە تە-
پىك كۆرۈنۈشلەرگە ئىنتىلىدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىنى ئۆز پېرسوناژىنىڭ ئەڭ
كىچىك تۇرمۇش بىرلىكىگە، ئۇنىڭ ئۆي ۋە خانىسىغا، روھىي دۇنياسى-
نىڭ ئەڭ يوشۇرۇن بۆلۈملىرىگە باشلاپ كىرىدۇ. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى
ھەرقاچان تۇرمۇشنىڭ قاينىمىدا، زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىقلارنىڭ
مەركىزىدە نامايەن بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە جەمئىيەتنىڭ
قايسى قاتلام، قايسى تەبىقىسى تەسۋىرلەنگەن بولسۇن ياكى تۇرمۇشتىكى
قانداق بىر شەخسنىڭ بەدىئىي قىياپىتى سىزىلغان بولسۇن، ئۇلار
ئوقۇغۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى تۇرمۇشتىكىدەك روشەن گەۋدىلىنىدۇ.
«ماغدۇر كەتكەندە» نى ئېلىڭ، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن تۇرمۇش كۆرۈ-
نۈشلىرى نېمە دېگەن باي — ھە؟ سىز بۇ ھېكايىدىن ئۆتمۈشتىكى ئۇيغۇر
دېھقانلىرىنىڭ پاجىئەلىك ھاياتىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئا-
دەتلىرىنى، ئەمگەك، مۇھەببەت، دىن ۋە نىكاھقا بولغان مۇناسىۋەتلىرى
بىلەن جەمئىيەتكە بولغان كۆز قاراشلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئىجتىما-
ئىي ئاڭ - پىكىرلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشاشلا ساددا ۋە
يارقىن بولغان پاك روھىي دۇنياسىنى تولۇق كۆرۈۋالالايسىز. ئەمدى
كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان رەڭمۇ رەڭ تۇرمۇش مەنزىرىلىرى بىلەن
جانلاندۇرۇلغان «گۇمان» دېگەن ھېكايىنى ئوقۇپ چىقسىڭىز، ئاپتورنىڭ
بۇنچىلىك كەڭ تۇرمۇش مەزمۇنىنى قانداق قىلىپ بىرنەچچە بەتلا
كېلىدىغان قىسقا بىر ھېكايىگە سىغدۇرالىغانلىقىغا ھەيران قالىسىز. زۇنۇن
قادىر ھېكايىلىرى ئەنە شۇنداق قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە بولغانلىق-
تىن، ئوقۇغۇچىغا ئالاھىدە بىر خىل بەدىئىي كۈچ بىلەن تەسىر قىلىپ،
ئۇنى يېڭىدىن يېڭى ھېسسىياتلار دۇنياسىغا باشلاپ كىرەلەيدۇ.

زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى كومپوزىتسىيە

ۋە سۇژېت قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى مۇكەممەللىكتە كۆرۈلىدۇ. كومپوزىتسىيە ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەسەردىكى ھەرقايسى بەدىئىي بۆلەكلەرنىڭ بىر بىرىگە تەبىئىي باغلىنىشى، قىسملارنىڭ مۇۋاپىق ھالدا جايلاشتۇرۇلۇشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. كومپوزىتسىيىنىڭ قانداق تۈزۈلۈشكە ئىگە بولۇشى، ئەڭ ئاۋۋال ئاپتورنىڭ تەسۋىرلىمەكچى بولغان ۋەقە ـ ھادىسىلەر ھەققىدىكى پىكىر ۋە خۇلاسىلىرىگە باغلىق. شۇڭا ئۇ ئەسەر ۋەقەلىكلىرى، پېرسوناژلار ئوبرازى، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەبىئەت تەسۋىرلىرى بىلەن ئورگانىك بىرلىككە ئىگە بولۇشى لازىم.

ئەمدى سۇژېتقا كەلسەك، ئۇ ــ ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق تېمىنى ئېچىپ بېرىدىغان، بىر بىرىگە باغلانغان ۋەقەلەر تىزمىسى، شۇڭا سۇژېت رېئال ھاياتتىن ئېلىنىشى، زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھالدا، تۇرمۇشنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشى، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر ئېپىزوت ۋە ھەر بىر ۋەقە چوقۇم تېمىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.

دېمەك، كومپوزىتسىيە ۋە سۇژېت ـ ئەسەرنىڭ ئومۇرتقىسى ۋە جېنى، ئۇنىڭسىز ھەرقانداق بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

زۇنۇن قادىر ئۆز ھېكايىلىرىدە تېما ۋە پېرسوناژ خاراكتېرلىرىنىڭ مەنتىقىسىگە سادىق بولۇپ، يېتەكچى ۋەقەلىكتىن تارتىپ ئەڭ كىچىك دېتاللىرىغىچە بولغان ھەممە نەرسىنى ئورگانىك ھالدا بىر بىرىگە باغلاپ، ھەرقانداق ئېھتىياتسىز قولنىڭ تېگىشىنى كۆتەرمەيدىغان جانلىق ۋە نازۇك بەدىئىي گەۋدە تۈزىدۇ. مۇبادا ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ بىرەر بۆلۈكىگە تېگىلسە، ئۇ چاغدا ھېكايىنىڭ پۈتۈن قىسمى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. «چېنىقىش» ھېكايىسىنى كۆرۈپ باقايلى. ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە كونا جەمئىيەتتە بۇزۇلۇپ كاردىن چىققان بىر ئادەمنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئۆزگىرىپ يارامىلىق بىر ئادەمگە ئايلانغانلىقىغا دائىر جەرياننى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەكچى بولغان. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەتنىيازنىڭ شە-

www.uyghurkitap.com

ھەردىكى مەنىسىز تۇرمۇشى، يېزىغا كەلگەندىن كېيىنكى ئىدىيىۋى كەچۈرمىشى، ئەمگەك ۋە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، مۇھەببەت ۋە كوللېكتىپقا بولغان مۇناسىۋىتى، مۇرەككەپ ئىچكى زىددىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىرمۇنچە ئۇششاق ۋەقەلىكلەردىن قۇرۇلغان بەدىئىي بۆلەكلەرنى ماھىرلىق بىلەن بىر بىرىگە باغلاپ، مەتنىيازنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىنى روشەن يورۇتۇپ بېرىدىغان مۇكەممەل بەدىئىي قۇرۇلما تۈزگەن، بۇنىڭدا ئۇ ئەڭ كىچىك بىر دېتالنىمۇ تەۋرەتكىلى بولمايدىغان، مۇبادا ئاشۇنداق قىلىنسا، ھېكايىنىڭ ئىزچىللىقى بۇزۇلۇپ ئوبراز خىرەلىشىدىغان، بىز ئۇچراشقان ساددا ۋە ئاقكۆڭۈل مەتنىياز تۇرمۇشتىكى باشقا مەتنىيازلارغا ئوخشىماي قالىدىغان بەدىئىي مۇقىملىقنى شەكىللەندۈرگەن. دېمەك، زۇنۇن قادىر ھېكايە كومپوزىتسىيىسىنى تېمىغا ۋە پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ تەلەپ ۋە زۆرۈرىيىتىگە قاراپ قۇرۇپ، ئوبراز بىلەن قۇرۇلمىنىڭ يۇكسەك بىرلىكىگە ئېرىشكەن.

زۇنۇن قادىر سۇژېتنى تەشكىللەشتە كۈندۈلۈك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ماھىيەتلىك زىددىيەتلەرگە، خاراكتېرلىق توقۇنۇشلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسىنى جانلىق ۋە قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەر نېگىزىدە ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ھەرقاچان ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى يول قويغان پائالىيەت دائىرىسىدىلا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە چېپىلمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، ساددا پىكىر ـ خىياللىرى بىلەنمۇ ئوقۇغۇچى قەلبىدە ئاجايىپ يۇكسەك ھېس ـ تۇيغۇلارنى قوزغىتالايدۇ.

زۇنۇن قادىرنىڭ ھېكايىلىرى كۆپىنچە سۇژېتنىڭ بىر لىنىيىلىك تەرەققىياتى بويىچە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. مۇرەككەپ ۋە ئەگرى ـ توقاي ۋەقەلەر، پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك تەرەققىياتى بولمايدۇ. بۇ ھال ئاپتورغا تۇرمۇشنى تېخىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ھېكايىسى «چېنىقىش» نى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭدا مەتنىيازنىڭ

ئەمگەك ۋە مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىگە تەئەللۇق بولغان بىر يېتەكچى ۋەقە بىلەن ئۇنىڭ ئادەت ۋە كۆز قاراشلىرىنىڭ يېڭىچە مۇناسىۋەتلەر مۇھىتى بىلەن توقۇنۇشىشىدىن پەيدا بولغان بىر چوڭقۇر مەنىۋى زىددىيەتلا بار. بۇ ۋەقە ۋە زىددىيەت ھېكايىدىكى باشقا بىر مۇنچە ئۇششاق ۋەقە — ئېپىزوتلارنى، زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىقلارنى، ئەسلىمە ۋە قىستۇرمىلارنى تەبىئىي ھالدا بىر بىرىگە باغلايدۇ. ئۇلارنى خۇددى يىپقا مەرۋايىت تىزغاندەك بىر بەدىئىي ئىزغا سېلىپ، بىر يول بويىچە راۋاجلىنىپ بارىدىغان ئاددىي ۋە جانلىق ۋەقەلەر تىزمىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مەتنىيازنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى ئەنە شۇ ۋەقەلەر تىزمىسى ئاساسىدا تەدرىجىي ئېچىلىدۇ.

پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر.

خاراكتېر — ئوبرازنىڭ جېنى، ئۇنىڭ ئورگانىزمىدا ئايلىنىپ يۈرگۈچى ھاياتىي قان. ئۇ — پېرسوناژنىڭ ئاساسىي مەسلەك كۆز قارىشىنى بەلگىلىگۈچى، نىسبىي تۇراقلىققا ئىگە تۈپ خىسلىتى، يازغۇچى تەرىپىدىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارىخىي ئىجتىمائىي شارائىتتا مەنسۇپ بولغان خۇلقى - مىجەزىنىڭ تىپى، ئۇ پېرسوناژلارنىڭ رېئاللىققا بولغان مۇناسىۋىتىدە، بولۇپمۇ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە، ھەرىكىتى، پىكرى كەچۈرمىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىگۈچى ئامىلىدۇر. ھەرقانداق خاراكتېر بەلگىلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە تۇرمۇش مۇھىتى شارائىتىدا شەكىللەنگەنلىكتىن، روشەن دەۋر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يارقىن مىللىي خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە بولىدۇ ۋە بولۇشى لازىم. ئۇ ئۆزى تەۋە بولغان خەلقنىڭ مىللىي تۇرمۇش بىرلىكى، پسىخىك ئۆزگىچىلىكى زېمىنىدە شەكىللىنىشى، شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ھەممە تارىخىي، ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى سەنئەت قاراشلىرىنى ۋە ئۆزىگە خاس تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە يىغقان، خۇلقى - مىجەز ۋە پسىخىك نازۇكلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ ۋە شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

بولۇشى لازىم. پەقەت مۇشۇنداق خاراكتېرلا شۇ مىللەت خەلقىگە نىسبە-
تەن تېپىكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ھەقىقىي بەدىئىي ئوبرازلار
بولالايدۇ. زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىدە خاراكتېرنىڭ بۇ مۇھىم ئالامەتلىرى-
نىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ، ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇش
بىرلىكىدە، مىللىي ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تولغان ماھىيەتلىك تۇرمۇش
ۋەقەلىكلىرى زېمىنىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلار ھەممە نەرسىنى ئۆزىچە
قارايدۇ، ھەممە نەرسىنى ئۆزىچە چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېسسىيات،
پىكىر - خىيال، ئارزۇ - ئارمان، خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىدا ئۇيغۇر
پىسخىكىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى نامايەن بولىدۇ. بىز يۇقى-
رىدا توختىلىپ ئۆتكەن باقى ۋە مەتنىياز ئوبرازلىرى ئەنە شۇنداق
خاراكتېرلىق ئوبرازلاردۇر. بۇ ئوبرازلار ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇش مۇھىتى
ياراتقان ھەقىقىي جانلىق خاراكتېرلار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ
ھايات - سەرگۈزەشتىسى، خۇلقى - مىجەزى، روھىي كەچۈرمىشى ۋە ئە-
قىل - ئىدرىكىدىكى ئايرىملىقلىرى بىلەن باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدا بار
بولغان مۇشۇ خىلدىكى ھەرقانداق بەدىئىي ئوبرازلاردىن پەرق قىلىدۇ. بىز
«چېنىقىش» ھېكايىسىدىكى مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىغا باغلىق بولغان تۆ-
ۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

«مەتنىياز بەزى ۋاقىتلاردا دېھقانلارنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ،
ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياساپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا باش چۈشۈرتكەن كىشىنىڭ
ئىشى بولماسلىقى ۋە ئۆزىمۇ زېرىكمەسلىكى كېرەك. ئۇ ئىشكىنىڭ ئالدى-
دىكى تاشتا ئولتۇرغان كىشىنىڭ بېشىنى ئاۋۋال ئون - ئونبەش
مىنۇتقىچە قۇرۇق ئۇۋۇلاشقا باشلايدۇ، كېيىن ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ ئۇش-
شاق قوللىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېقتىپ يەنە ئۇۋۇلاشقا باشلايدۇ. بۇ
ھەرىكەت خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلىپ، چاچ ئالدۇرغۇچىنىڭ قۇلاق چۆ-
رىلىرى ۋە قاشلىرىنى بويلاپ يۇندا ئېقىپ كۆڭلەكلىرىنى ھۆل
قىلىۋېتىدۇ. ساتراش بولسا ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەستىن، ئەزمىلىك بى-
لەن جەڭنامە قىسسىلىرىنى سۆزلەۋېرىپ، قوللىرىنىڭ توختاپ
قالغانلىقىنى سەزمەي قالاتتى. تاكى تاش ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان

كىشى: «ئۇستام، چاچ قۇرۇپ كەتتىغۇ» دېگەندىن كېيىن مەتنىياز يەنە ھۆللەپ ئۇۋۇلاشقا باشلايتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تۈگىمەس قىسسىلىرىنى داۋام قىلىشقا باشلايتتى.

— پادىشاھى جەمشىت لەيلىۋەشكە ھەممە نەرسىلىرىنى ئۇتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئەڭ چىرايلىق خوتۇنى مەلىكە دىلئۆزنى قىمارغا تىكتى. لەيلىۋەش بۇ نازىنىن پەرىزاتنىمۇ ئۇتتۇۋالدى — دە، ھى، ھى، ھى ... — ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ھوزۇر قىلىپ كۈلەتتى.»

بۇ پارچىدا مەتنىيازنىڭ ئۆزىگە خاس چۈشەنچىسى، تۇرمۇش ئادىتى، خۇلقى ـ مىجەزى، ھەۋەس ـ قىزىقىشى، مىللىي تۇرمۇشنىڭ كىشى ھېس قىلالايدىغان كونكرېت كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق روشەن گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىلگەن. مەتنىيازغا ئوخشاش بۇنداق ئالاھىدە خاراكتېر — ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز قاراشقا ئادەتلەنگەن بۇنداق ئەزمە ۋە بوشاڭ پېرسوناژ پەقەت شۇنداق تۇرمۇش مۇھىتىدىلا مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن.

تەسۋىرنىڭ چىن ۋە يارقىنلىقى — زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى، بۇ — پروزا ئەسەرلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى. چۈنكى، تەسۋىر ئارقىلىق ئوقۇغۇچى پېرسوناژ ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي شارائىت، تەبىئىي مۇھىت بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، خۇلقى ـ مىجەزى، چىراي ۋە قىياپەت ئالاھىدىلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا تەسۋىر ئىنچىكە، تەپسىلىي، خۇددى تۇرمۇشتىكىدەك ئېنىق ۋە روشەن بولۇشى كېرەك.

زۇنۇن قادىرنىڭ بەدىئىي تەسۋىرلىرىدە بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەر تولۇق تېپىلىدۇ.

«سىلەر مۇشۇ يېزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېرىقنى ياقىلاپ ماڭساڭلار، كوچا تەرەپتىكى تاملىرى ئۆرۈلۈپ ئوت بېسىپ كەتكەن، بەش ـ ئالتە تۈپ ئالما ۋە ئاچچىق ئۆرۈكى بار، ئوتتۇرىسىدىكى غوللىرى قۇرۇپ قالغان، لېكىن تۈۋىدە يەنە قويۇق شاخلاپ چىقىۋاتقان كىچىككىنە شاپتۇللۇق باغنى كۆرىسىلەر. باغنىڭ شىمالىدىكى دالىنى ئۆرۈلۈپ كې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېپ يالغۇز قالغان بىر ئېغىز ئۆيگە كىرىپ قاراپ بېقىڭلار : ئوچاقتا داتلىشىپ كەتكەن كىچىككىنە بىر قازان ئېسىقلىق تۇرىدۇ . ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىشى ياتقۇدەك ئورۇن بوش بولۇپ ، ئاتنىڭ توقۇمىچىلىك بىر پارچە يىرتىق كىگىز سېلىقلىق . .. ئۆينىڭ توغرا كەلگەن بىر يېرىدە تۆمۈرچىلىك ، ياغاچچىلىق ، موزدۇزلۇق ۋە ساتىراشلىق ئۈچۈن كېرەكلىك تۈرلۈك جابدۇقلار بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ چېچىلىپ ياتىدۇ ، قازان بېشى ۋە ئويۇقلارغا بۇرۇنقى زامانلاردىن قالغان تۆمۈر قۇتىلار ، دات باسقان سۇنۇق ئۇستۇرىلار ، ئۇششاق ۋىنتا ، گايكا ، كونا تاقا ۋە مىخلار تاشلاپ قويۇلغان ، ئويۇقتا قېلىن ، چۆرىسى قىرچىلىپ ياغلىشىپ كەتكەن كونا جەڭنامە كىتابىدىنمۇ ئىككىسى تۇرىدۇ . تورۇسنىڭ ھەر تەرىپىدە ۋە ئىسلىشىپ كەتكەن تاملاردا ئېسىقلىق تۇرغان قول ھەرە ، ياغاچ تېشىدىغان ئۈچكە ، قېلىپنى تارتىپ چىقىرىدىغان بولجۇرغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئۆمچۈكلەر تور باغلاپ كەتكەن .» («چېنىقىش ») بۇ تەسۋىرنىڭ چىن ۋە رېئاللىقى ، ھەممە نەرسىنىڭ خۇددى رەڭدار سۈرەتتەك ئېنىق ۋە يارقىنلىقتا ئىگە بولۇشى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ . مانا بۇنى ئوقۇغۇچىدا كونكرېت تۇيغۇ پەيدا قىلالايدىغان ھەقىقىي جانلىق بەدىئىي تەسۋىر دېسە بولىدۇ .

زۇنۇن قادىرنىڭ پورترېت ۋە تەبىئىي تەسۋىرلىرىمۇ خۇددى شۇنداق ئېنىق ۋە يارقىنلىقتا ئىگە . ئۇ پورترېت تەسۋىرىدە پېرسوناژ قىياپىتىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ياردىمى بولىدىغان ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تاللاپ تەسۋىرلىسە ، تەبىئەت تەسۋىرىدە پېرسوناژنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشىنى يورۇتۇپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىدۇ : «مەن تونۇردىن پۈتۈمنى تارتىۋېلىپ ئاسمانغا قارىدىم ، يېقىن بىر جايدىكى قارىياغاچ شاخلىرى ئارىسىدىن تولۇنئاي مارىلاپ تۇراتتى . يۇمشاق شامالدا تىترىگەن يوپۇرماقلار تونۇر بېشىدىكى ئالا كۆلەڭگىنى نازغىتىپ ئوينايتتى . كېچە بەك چىرايلىق ئىدى » («ماغدۇر كەتكەندە») . «قىشچە قارنىڭ ئاستىدا ياتقان يوپۇرماقلار سەمرىپ ئالمىلىق باغلاردىن خۇش پۇراقلار قوزغالـ

ماقتا. نەمىلەشكەن ھۆللۈك ياغاچلارنىڭ يوپۇرماقلىرى كوچىدىكى ئاق تېرەكلەرنىڭ سۇس يوپۇرماقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يېزىنىڭ ھاۋاسىدا ئەجەپ يېقىملىق پۇراق ئەگىپ يۈرەتتى.» («چېنىقىش»).

بۇ ئىككى تەسۋىردە مەنزىرىلەر ئۇستىلىق بىلەن جانلاندۇرۇلۇپ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىك ماھىيىتىدە ئەكس ئېتىدىغان ھەقىقىي گۈزەللىكى جانلىق ۋە كۆركەم ھالدا ئېچىپ بېرىلىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئاپتورنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىكى تۆۋەندىكى ئىككى پورترېت تەسۋىرى تېخىمۇ ئاجايىپ: «ئېچىلغان قوقاسىنىڭ يورۇقىدا باقىنىڭ يۈزىگە سەپسالغاندىم، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتقان گۈل، بوستان، بۇلبۇل، باھار دېگەن چىرايلىق سۆزلەر خىيالىمدىن ئۆچتى. چۈنكى، ئۇنىڭ چىرايى سوغۇق شامالدا تىترەپ ئالدىمىزغا چۈشۈۋاتقان كەچ كۈزدىكى ئوششاق يوپۇرماقلارغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى چىرايىنى ئەمەس، بۇلبۇل بولۇپ سايراپ يۈرگەن چاغلىرىنى كۆرگۈم كەلدى.»

«ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى گىردە نانداك قىزارغان، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا گۈل ئۈستىدىكى ئوششاق شەبنەم دانىلىرىدەك تەر تامچىلىرى تىزىلىپ تۇراتتى. ئىڭىشكەندە ئىككى مەڭزىدىن ئالدىغا چۈشكەن چاچلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن سىلكىتىپ ئارقىسىغا ئېتىپ قوياتتى.»

يۇقىرىدىكى پارچىلارنىڭ بىرىنچىسىدە زۇلۇم ۋە خورلۇق دەستىدىن ھايات باھارى سولغان ۋەيرانە بىر دېھقاننىڭ ھەسرەتلىك ئىچكى دۇنياسى يورۇتۇپ بېرىلگەن بولسا، كېيىنكىسىدە ھاياتقا يېڭىلا كۆز ئاچقان، تۇرمۇشنىڭ جاپا-مۇشەققىتىنى تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن شوخ ۋە ئەركىن بېرزا قىزنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل قىياپىتى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

— زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرى تەپسىلاتلىرىنىڭ چىن ۋە جانلىقلىقى بىلەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەپسىلات دېگىنىمىز — ئەسەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە نىسبى مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك دېتالى، پېرسوناژ تۇرمۇشىنىڭ ئەھمىيەتلىك ئۇششاق ئۈزۈندىسى، ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقىنىڭ بىردەملىك ۋاقىت ئىچىدىكى تىپىك ئىنكاسى. ئۇ ئەسەردە سۇژېتنى جانلاندۇرۇپ، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك تەرەپلىرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا تەجرىبىلىك يازغۇچى باشقا ھەرقانداق نەرسىگە قارىغاندىمۇ تەپسىلاتقا كۆپرەك كۆڭۈل بولىدۇ، ئۇنى تېپىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ قىيىن ۋە مۇشەققەتلىكلىكىگە قارىماي (چۈنكى تەپسىلات پېرسوناژ روھىي ھالىتىنىڭ دەرھال سېزىۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل نازۇك ئىپادىسى) ئىجادكارغا خاس جۈرئەت بىلەن رېئاللىقنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ قاينىمىغا چۆكۈپ، ماھىيەتلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ئىزدەپ تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەسىرىنىڭ ھاياتىيلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئالاھىدە تەرەپلىرىنى رۇشەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنى بۇ ساھەدە ياخشى بىر بەدىئىي ئۆلگە دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ئوقۇغۇچىنى ۋەقەلىكنىڭ ماھىيىتىگە، پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسىغا باشلاپ كىرەلەيدىغان جانلىق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىغا باي بولغانلىقتىن ئۇزاققىچە كىشىنىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

«بۇ ئائىلىدە كۆپ ۋاقىتتا شۇنداق يېرىم تويۇش ھۆكۈم سۈرەتتى. باللار تاماقنى بىر بىرىدىن قىزغىنىپ چاينىماي يۇتىدۇ، قاچىدا ھېچنەرسە قالمىغاندىن كېيىن، تاماقنىڭ تاتىقى قالغان قولىنى يالاپ شۈمۈرۈپ ئانىسىغا ‹ يەنىچۇ › دېگەن مەنىدە بوينىنى سىڭايان قىلىپ تەلمۈرۈپ قارايدۇ» («ماغدۇر كەتكەندە»)؟

«ئۇ ئەتىياز ئىززەتخاننىڭ پۇتىنى چىگە بىلەن ئۆلچەۋاتقاندا تومبۇلاق پاچىقى تېگىپ كېتىپ بىلىكىنى ئىسسىتۇەتكەنلىكىنى يادىغا چۈشۈرۈپ بىئارام بولدى. ئۇ ئىززەتخاننىڭ يۇيۇپ يېيىپ قويغان كۆڭلىكىنى كۆرگەندىمۇ ئۆزىدە قانداقتۇ غەلىتە ئىسسىق بىر تۇيغۇنىڭ پەيدا

بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى ، («چىنىقىش»)

بۇ پارچىلاردا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى شۇنچىلىك چىن ۋە روشەنكى، ئۇلارنى ئوقۇغان ھەر بىر كىتابخان ھېكايە پېرسوناژلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتى بىلەن تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېچبىر قىينالمايلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ . بۇ ھال كىتابخاننىڭ ھېكايە پېرسوناژلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە كونكرېت تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇننى تولۇق تۈزلەشتۈرۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ .

زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنىڭ بەدىئىي پورما ۋە ھېسسىيات ۋەزنى يېقىندىكى ئالاھىدىلىكلىرىمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ . ئۇ ھېكايىلىرىنىڭ سۇژېت ، ئېپىزوت ، تەپسىلات ۋە تىل قۇرۇلمىلىرى بىلەن بايان ، تەسۋىر ، دىئالوگ ۋە مۇلاھىزىگە ئوخشاش بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھېكايىسىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا ماس ھالدا تەشكىللەپ ، بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان بەدىئىي پورما ۋە ھېسسىيات ۋەزنىنى يارىتىپ كەلتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان بەدىئىي مۆھىت يارىتىدۇ . ئۇ قېيۇداللىق زۇلۇم شارائىتىدىكى دېھقان تۇرمۇشىنىڭ ئېچىنىشلىق مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەشكە بېغىشلانغان «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىسىنى كىشى قەلبىنى ئېزىدىغان ئېغىر مۇڭ ۋە ھەسرەتلىك ھېسسىيات بىلەن سۇغارسا ، كونا جەمئىيەتتە بۇزۇلۇپ كاردىن چىققان بوشالڭ بىر ئادەمنىڭ يېڭى جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «چىنىقىش» ھېكايىسىنى سەمىمىي يۇمۇرلۇق تەبەسسۇم بىلەن يۇغۇرىدۇ . شۇنداقلا ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە بېيىغان ئاچكۆز ئەمەلدارنى پاش قىلىدىغان «ئىككى بارمىقىم بىلەن» ناملىق ھېكايىسىنى ئۆتكۈر ھەجۋىي، نەپرەتلىك كۈلكە بىلەن جانلاندۇرسا، ئۆز ئەيمۈنى چۈشىنىپ يەتكەن گۇمانخور ئەرنىڭ روھىي كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن «گۇمان» ھېكايىسىنى چوڭقۇر ئۈيات ۋە ئېغىر قورۇنۇش تۇيغۇسى بىلەن يۇغۇرىدۇ . دېمەك ، زۇنۇن قادىر ھەر بىر ھېكايىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ماس بولغان ئالاھىدە بەدىئىي پورما ۋە ھېسسىيات ۋەزنىنى تاللىۋېلىپ ئۆز ئەسىرىنى يېتەرلىك ئارگىناللىقا ئىگە قىلىدۇ. بۇنى زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتكەن بەدىئىي ماھارىتىنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان مۇھىم بىر تەرىپى دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايە تىلىمۇ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ھېكايە تىلىنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى ساددىلىق ۋە ئېنىقلىقتىن ئىبارەت. ئەدەبىي ئەسەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بەكمۇ مۇھىم بىر تەرەپ. چۈنكى، ساددىلىق بولماي تۇرۇپ ئېنىقلىق ۋە روشەنلىككە ئېرىشكىلى، ئەدەبىي تىلنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايە تىلى خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك ساددا ۋە يارقىن بولۇپ، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە بەكمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئوقۇغۇچىدا ئېنىق چۈشەنچە پەيدا قىلالمايدىغان، دەبدەبىلىك، يالتىراق جۈملىلەر پۈتۈنلەي يات. ئۇ ـــ سۆزنى تېجەپ ئىشلىتىدىغان، ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنىنى ئىپادىلەشنى بىلىدىغان يازغۇچى. ئۇ قىسقىغىنە بىر نەچچە جۈملە بىلەنلا ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى، پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى، تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپ زىددىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرىنى ئېچىۋېتەلەيدۇ. ئۇ پېرسوناژلار تىلىنى ماھىرلىق بىلەن ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆزىگە خاس تىل بىلەن سۆزلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى روشەن يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايە تىلىدىن ئانا تىلىمىزنىڭ ھەقىقىي كۈچىنى، ئۇنىڭ باي، يارقىن ۋە ئوبرازلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

«ئىززەتخان بالىسىدىن توپلىمىنى تارتىپ ئېلىۋاتقاندا، مەتنىيازنىڭ يۈزىگە ئىسسىق ۋە يۇمشاق تىنىقى ئۇرۇلدى. مەتنىياز سىماپتەك تىترەپ كېتىشكە ئاز قالغان تېنىنى ئاران تۇتۇۋالدى. ئۇ بۇ ھالەتنىڭ يەنە بىردەم داۋام قىلىشىنى تىلەيتتى. بىراق ئىززەتخان توپلىمىنى بالىسىدىن تارتىۋېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇستام ئانىسىنىڭ پۇرىقى سىڭىپ قالغان بالىنىڭ قولاقلىرىنى پۇراپ ئەكىلتەتتى» («چېنىقىش»)

بۇ جۈملىلەردىكى ساددىلىق ۋە ئېنىقلىقنى قاراڭ ! ئۇنىڭ ھەممىسى خەلقىمىزنىڭ جانلىق تىلىدىن كەلگەن ئاددىي جۈملىلەر ، لېكىن ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن مەنە شۇنچىلىك كەڭ ۋە شۇنچىلىك ئېنىقكى ، ئۇنىڭدىن مەتىنىيازنىڭ خاراكتېرىنىمۇ ، ئۇنىڭ تۇرمۇشتا بولغان ئىنتىلىشىنىمۇ ، مۇھەببەت ۋە ئارزۇ ـ ھەۋىسىنىمۇ ، كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ئاجايىپ مىجەز ـ خۇلقىنىمۇ بىلىۋالالايمىز .

ئەمدى «چېنىقىش» ھېكايىسىدىكى تۆۋەندىكى دىئالوگلارنى ئوقۇپ كۆرەيلى :

«ــ شۇنداق ـ شۇنداق ، بۇ توغرا ، ئەمدى قانداق قىلسام بولىدىكىن ؟

ــ مەن دەۋاتىمەنغۇ ! ياپسام پىشامدىكىن ، كۆمسەم پىشامدىكىن دەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس بۇ ، بەلنى چىڭ باغلاپ ئورۇپ يىغىش كېرەك .

ــ يىغىشنىغۇ يىغارمىز ، راستىنى ئېيتسام ، يىغىش تەس كېلىۋاتىدۇ ـ دە .

ــ ھەي ئۇستام ، ــ دېدى ھەمرا ئېچىنغان قىياپەت بىلەن ، ــ ئاشلىقنى يىغىپ تېپىۋېلىش ئۇنى يىقىتىپ قويۇشتىن ئوڭاي ئەمەس . ھەممىسگە چىدام كېرەك ، چىدام .

ــ غەيرەت لازىم دېسىلە» .

«چېنىقىش» ھېكايىسىنى كۆرسەك ، ئۇنىڭدىكى ھەمرا ۋە مەتىنيازلاردىن خەۋىرى بولمىغان ھەرقانداق بىر كىتابخانمۇ بۇ دىئالوگلارنى ئوقۇپلا ، سۆزلىشىۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالالايدۇ . چۈنكى ھەمرانىڭ سۆزىدىن ئۆز ئىشىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ، غەيرەتلىك ۋە تەلەپچان بىر ئادەمنىڭ قىياپىتى كۆرۈنسە ، مەتىنىيازنىڭ سۆزىدىن بوشاڭ ۋە ئىرادىسىز بىر ئادەمنىڭ مۇغەمبەرلەرچە كۆرۈنىدىغان ساددىلىقى سېزىلىدۇ . بۇنىڭدىن زۇنۇن قادىرنىڭ پېرسوناژلار تىلىنى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇشتا قانچىلىك يۇقىرى سەۋىيىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، زۇنۇن قادىر ــ ھېكايىچىلىقىمىزدا ئۆزىگە خاس يېڭى يول ئاچقان تالانتلىق يازغۇچى . ئۇنىڭ پروزىمىزنىڭ

راۋاجلىنىشىغا تۆھپە بولۇپ قوشۇلغان بىرمۇنچە ھېكايىلىرى بىزنىڭ ھې-كايىچىلىق ماھارىتىنى تىرىشىپ ئۆزلەشتۈرۈشىمىزدە ئوبدان بەدىئىي نەمۇنە بولالايدۇ .

# ماغدۇر كەتكەندە

## 1

بىز تېخى كىچىك ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن دادىمىزدىن قالغان بىرنەچچە خو يەرنى ئۆزىمىز تېرىپ باشقۇرالمايتتۇق. مەھەللىمىزدە ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئورغۇن يەرلىرىگە دېھقانچىلىق قىلىپ، يەنە يېرىنى تېرىيالمىغان بىرنەچچە دېھقانلار بىلەن ئورتاقچىلىق قىلىدىغان بىر خوجايىن بار ئىدى.

بىر يىلى بىزمۇ شۇ باي بىلەن ئورتاقچىلىق قىلدۇق. ئەتىيازدا ئۇنىڭ يىللىقچىلىرى كېلىپ قوش بىلەن بىر كۈندىلا بىزنىڭ تۆت خو يېرىمىزنى ھەيدەپ، ئۇرۇقنى توپىغا كۆمۈپ بېرىپ كەتتى.

يازىچە بۇغداينى سۇغىرىپ ئاسراپ ئۆستۈردۇق. مانا ئەمدى كۈزدە بۇغداينى بىز ئورۇپ يىغىمىز، ئورتاقچى باي بولسا ئورمىغا ئىككى ئەمگەك، خامان ئېلىش ئۈچۈن بىر ئادەم بېرىدۇ، تولۇقنى بىز ھەيدەيمىز. باينىڭ چىقارغان ئادىمى بولسا ئارا تۇتىدۇ.

## 2

ئۇ بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلاتقان ھالدا، ئارىنىڭ ئۇچى بىلەن چۆيۈندەك قاتقان يەرنى سىجاپ ئولتۇراتتى. مەن تولۇق ھەيدەۋاتاتتىم.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىن تارتىپ ئامازدىگەرگىچە بىر دائىرىنى ئايلىنىۋېرىش ۋە تولۇقنىڭ بىر خىل گۈپۈلدىگەن ئاۋازى مېنى زېرىكتۈرەتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇستىخانلىرىم ئاجراپ كەتكەندەك بولۇپ، پۈتۈن ئەزالىرىم سىقىراپ، ھاردۇق يېتىپ قالغانىدى. ئۆزەمە تايىقى بىلەن ئاتنىڭ چوڭسىغا كۈچۈمنىڭ بارىچە بىرنەچچە قېتىم ئۇرىمەن، دۈۋىتىپ تىزگىنىنى سىلكىيمەن. ئات يەنە قېتىراپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەش - ئالتە قېتىم چۆگىلەپ قويۇپ ئېغىر يۈك تارتقاندەك ئاستا مېڭىشقا باشلايدۇ. مەنمۇ ئارام ئالغاندەك بولۇپ، دىمىقىمدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ خىيال سۈرۈپ كېتىمەن: «دۇكاندارلارنى قارا، ئۇلار ئاپتاپتا كۆيمەيدۇ، تەرلىمەيدۇ، سۇ سېپىپ قويۇپ سايىدا ئولتۇرۇشىدۇ، ساختىپەزلىك قىلىشىپ راھەت كۆرىدۇ.» «خامان ئالماق — شەھەر ئالماق» دېگەنلەر راست ئېيتقانىكەن. تېخى مۇشۇ دۆۋىلەگىلىك بۇغداي باغلىرىنى يۇمشىتىش كېرەك. بۇغداينى ساماندىن، توپىدىن، چادىن ئاجرىتىپ قىپقىزىل چەش قىلىش كېرەك. چەش بۇرنىنى ئايرىيمىز. قەلەندەرلەر يۈگۈرىشىپ كېلىدۇ. ئۇلارغا بىر - ئىككى گۈرجەكتىن كەپەن بېرىمىز. ئۇ كۈنى خامانغا مانتۇ قويغانلارغا ئىككى پۇت بېرىمىز. ئورمىچىلارغا تۆت خو بۇغداي بېرىش كېرەك. ئۇندىن بىرىنى ئۈشرىگە ئايرىيمىز، ئاندىن چەشنىڭ ئالدىدىكى دانلىقراق يەردىن خاماندىلا ئۈگۈت ئېتىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان دەننى قاچىلاپ قويۇش كېرەك. ھەم دەن، ھەم ئۈشرە ئالسا، دېھقانلارغا ئېغىر بولمامدۇ. بىرسىنى ئالسىمۇ بولىدىغۇ. بىزمۇ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ھەم ھۆكۈمەتنىڭ غەللە - پارىقىنى ھەم مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئۈشرىسىنى تۆلەيدىكەنمىز. تېخى ھاشارغا، مەدىكارغا بېرىپ قويغان پۇلى ئۈچۈن ئوتاقچى خوجايىن يېرىم باھادا بۇغداي ھېسابلاپ ئالىدۇ. ئۇنىڭغا قانچىلىق بۇغداي كېتەركىن. ئارپا، بېدە سېلىقى بار، ئۇنىڭغىمۇ بۇغداي سېتىپ بېرىش كېرەك. ھارۋا سېلىقى، كۆمۈر سەيسىسى، يەنە مەن بىلمەيدىغان قانداق دەردى بالالىرى بارىكىن. بۇغدىيىمىزنىڭ ئۇرۇقى تۆت خو، ئەگەر ياخشى بولغان بولسا، قىرىق خو بولار. بۇنىڭدىن بىزگە يىگىرمە خو تېگىپ، ئون خوسى دەنگىلا بېرىلسە، شۇنىڭ بىلەنلا يىللىق ئوزۇققا، كېلەر يىلى ئۇرۇققا ئاشامدۇ - يوق؟ ئاشمايدۇ، ئەگەر دەنگە پۇل ئالسا، باشقا نەرسىلەرنى سېتىپ تۈگىتىپ ئون خوچە بۇغداي ساقلاپ قويۇش كېرەك... تۇرمۇشنىڭ قاتتىق ۋە قاراڭغۇلۇق جايلىرىغا چۈشۈپ قالماي، قانداق قىلىپ ياخشىراق — بەختلىك كۈن كەچۈرۈش خىياللىرى مېنى، ئەتراپىمنى ئورۇۋالغان ھادىسىلەردىن ئاجرىتىۋېلىپ، ئاللىقانداق تېگى يوق دولقۇنلۇق دېڭىز ئە-

چىگە ئاتقانىدى، ئاتنىڭ تۇيۇقسىزلا قاتتىق پۇرقىشى بىلەن خاماندا تۇلۇق ھەيدەۋاتقانلىقىم ئېسىمگە چۈشتى. ئات بولسا، توختاپ قېلىپ بۇغداي يەۋېتىپتۇ. خامان تېپىدىغان كىشى ئارىنى قوچاقلىغان بويىچە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇنىڭ چىرايى خۇددى يېنىدىكى سامانىنىڭ رەڭگىدەك، قاپاقلىرى ئىششىق، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئۈستىدە تۈكۈرۈك كۆۋۈكلىرى گىژىلداپ، چۈشىنىپ بولمايدىغان غەلىتە ئاۋازلار چىقىرىپ تۇراتتى. كۆڭلەكسىز تېنىگە كىيىۋالغان ياماق ۋە چىرىپ كەتكەن پەشمەتى، مايلاشقان شاپاق بۆكى، ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىگە غەشلىك سالىدىغان قىياپىتىنى كۆرۈپ تېخىمۇ بىئارام بولدۇم.

«بۇ — بولۇمسىز ھورۇن ئادەم» دەيمەن ئىچىمدە، يەنە بىر ياقتىن ئۇنىڭغا ئىچىنىمەن، «بۇ گاڭگىراپ كەتكەن ئادەم. مەنمۇ چوڭ بولغۇچە تۈزۈكرەك يول تاپالمىسام، ئەنە شۇنداق تەمتىرەپ قالىمەن — دە!» دېگەن ئەندىشىلىك خىياللارغا بېرىلىمەن.

نېمىشقا نۇرغۇن ئادەملەر شۇنداق يامان كۈنلەرگە قالىدۇ؟ مەن بۇ سوئالنىڭ تېگىگە ئويلاپ يېتەلمەس ئىدىم. يەنە خىيالىم چىگىش كىرىپ كەتكەن لەگلەكنىڭ تانىسىدەك بولۇپ كەتتى. كۆزۈمنى چەكسىز كەتكەن ئېتىز باغرىغا تاشلىدىم.

بىر بىرىگە تۇتىشىپ سوزۇلغان ئېگىزلار ئاپتاپتا ساپسېرىق ئالتۇندەك تاۋلىناتتى. ئېرىقنىڭ قىرلىرىدىكى چۆپلەر ۋە دەل — دەرەخلەرلا يېشىل بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇياق — بۇياقتىكى خامانلاردىن ئاسمانغا قونتان بولۇپ ئېتىلىۋاتقان توپانلار ۋە بۇغدايلىقلاردا مۈكچىيىپ، بەس — بەس بىلەن ئۆمۈلەپ كېتىپ بارغان ئادەملەرنىڭ ھەرىكەتلىرى توپىغا چېچىلىپ كەتكەن دانلارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن باشلانغان كۈرەشنىڭ جىددىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. يىراق جايلاردىن ئورما ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ:

ئورمىنى تولا ئورۇپ،
بىلىكىڭ تالدىمۇ يارىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاز كۈن ئۇيناپ ئايرىلدۇق،
يۈرىكىمنىڭ قاندىمۇ يارىم.
ئالتۇنۇم، ئامرىقىم، ئۇمىقىم...

ئوھۇ! نە قاتارلىق چىرايلىق ناخشا ئېيتىدىغان ئادەملەر بۇ؟ ئارزۇ ـ ئارمانلارغا قانمىغان ھەسرەتلىك يۈرەكلەردىن شۇنداق پارقىراپ تۇرىدىغان ئۇنچىدەك سۆزلەر ئۈزۈلۈپ چىقىدىكەن ـ دە.

ئەنە ئاشۇ يۈرەكلەرنى ئېزىۋەتكۈدەك دەردلىك ناخشا ئېيتىۋاتقان ئورمىچى يىگىت تىنماي ئىشلەپ قانچىلىق ھوسۇل ئالىدىكىن؟ ھە، تايىنلىق، ھە قاچان ئورمىغا يەتكۈچە ئۇمۇ جازانىخورلارغا بىرمۇنچە قەرزدار بولغاندۇ. ياخشى، توق تۇرمۇش كەچۈرىمىز دەپ ئارزۇ قىلغان، لېكىن ياز بويى ئىشلەپ، ئايىغىدا ھوسۇل ئورنىغا ئارا، گۈرجەكنى قولتۇقلاپ قالغان دېھقانلار ئازمۇ؟...

ئەتىدىن كەچكىچە ئالتە قىرلىق ئېغىر تاش تۈلۈقنى سۆرىگەن ئات، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالغان مەن بۇ بىر تۈگىمەس دائىرىنى ئايلىنىساق، يوقىرىقىدەك ئاخىرى ئۈزۈلمەس چىگىش خىياللار مېنىڭ بېشىمنى ئايلىناتتى...

خامانغا بىزنىڭ ئوتاقچى خوجايىن كەلدى. ئۇ قورسىقىنى ئالدىغا چىقىرىپ، قولىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا ماڭا قارىمايلا ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۆزىمۇ ھازىرلا ئۇيقۇدىن تۇرغان بولسا كېرەك، ئەتىمالىم. ئاچ بۆرىنىڭكىدەك قىزارغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

ــ ھوي باقى! ــ دەپ ۋارقىرىدى، ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى تاپىنى بىلەن ئىتتىرىپ، ــ مۇشۇ ئىش بولدىما؟ ئۆلۈمتۈك.

باقى تەمتىرەپ قوپۇپ:

ــ يۇمشاپ كېتىپتىمۇ، مېنى نېمىشقا ئويغاتمايەن؟ ــ دەپ ماڭا قارىدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈچە ئوتاقچى خوجايىن جۇدۇن بىلەن:

ــ سېنى خامانغا بېرىپ ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋالغىن، دەپ ئەۋەتمىگەن ـ دە، كۈنلۈككىگە ئالدىغان يېرىم پۇت بۇغدايىنى ھالاللاپ

ئالـالا بولمامدۇ ؟ — دېدى .
— مـىجـەزىـم يوق ، — دېدى باقى ، ئارتۇق سۆز قىلالماي يەرگە قاراپ قالدى .
— تـاشلا ئارىـنى ! مىجەزى يوق ئىمىش . مىجەزى يوق ئادەم ئىشـلەلمەيمەن دېيىش كېرەك . تەپسە تاغنى ئۆرۈيدىغان نېمىلەر ئىش تاپالماي يـۈرىدۇ . ھەر ھالدا ئۆششاق باللىرى بار ، راپاۋىتىمىز بولۇپ قالسۇن دەپ كـۈنـلـۈككە يېرىم پۇت بۇغداي بەرگەننى بىلمەيدۇ . مىجەزى يوق كىشى ئۆزىـنـىڭ گـۆرىـگە كىرىپ ياتسۇن ، بۇ كېسەل ياتىدىغان جاي ئەمەس ، بىلىپ قوي ، بۇ خامان !!
خـوجـايىنىنىڭ زەردە بىلەن قىلغان ئاچچىق سۆزلىرىنى ئىچىگە يۇ- تـىۋېتكەن باقى گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ ، ئۇلۇغ كىچىك تـىنـدى ـ دە ، ماتەمدار كىشىلەردەك بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا مەھەللە تەرەپكە بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ يۈرۈپ كەتتى .
ئۇنـىـڭ ئۈچ كۈندىن بېرى كېسەلدىن قىينىلىپ يۈرۈپ ئىشلىگەن ھەقـقىنى بىكار كەتتى . خوجايىن ئۇنىڭ يېرىم جان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىـلىـپ تـۇرۇپ ، ئەرزان ھەق بىـلەن ئىشلىتىشنى ئويلىغانىدى . ئەمدىچۇ ، مـۇشـۇ بانا بىلەن ئۇنىڭ بىر يېرىم پۇت بۇغدىيىنىمۇ بەرمەيدىغان بولدى . بـاقـى كـەمبـەغەللىكتە ئۆستۈرۈپ ئۆستۈرۈپ كۆرۈنگەن بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى چـىـرايـلـىق ، زىل بولغىنى ئۈچۈن قاتتىق گەپنى كۆتۈرەلمەيدۇ . ئىككىنـ چـىـدىـن ئۇ ئاچـتـىـن ئۆلـىمۇ ئەرز قىلىپ بېرىشنى ئېغىر ئالىدۇ . ئۇ — كـەمـبـەغـەلـلەر ئۈچۈن ياقا يىرتىدىغان سوراقچى تېپىش ھەممىدىن تەس ئىكەنلىكىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى .

### 3

بـاھارخـان كـىـچـىككىنە قىزىنىڭ ۋاي سالغىنىغا قارىماي ، ئۇنىڭ يېرىلغان پۇتلىرىنى چىراغ يېغى بىلەن داغلاۋاتقانىدى .
— ئەزبـىرايى خۇدا ، تويدۇم مۇشۇ كۈندىن ، — دېدى باقى قولـ دىـكـى بـەتىنكىنى يەرگە ئېتىپ ، بىگىز سانچىلغان قولىنى سىلكىدى ، —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ جايى قىغ ، ئالۋاستىنىڭ ... ئوچاققا تاشلاپ كۆيدۈرىمەن !

— ئەۋەي ، تۆمۈر بولسىمۇ ئۇپرايدۇ ، بۇ يىل قىش چىقسا شۇ بەتىنىكىگە بەش يىل بولىدۇ . ھېلىمۇ ياز بويى ئۇنى ئاياپ يالاڭئاياق يۈرىمەن .

باقى خوتۇنىنىڭ بەتىنكىسىنى يەنە ياماشقا كىرىشتى . ياماپقۇ ئۇنىڭغا ياماق سېلىۋاتقىنى يوق ، كەندىر چىگە بىلەن ئۇياقتىن ــ بۇياقتىن تارتىپ پۈرۈشتۈرەتتى . چىرىپ كەتكەن قىرىم چاك تۇتالماسىدى . باقى بەتىنكىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ تىكىشكە كىرىشتى . يىڭنە ئۆتكەن جايغا تۇكۇرۇكنى پۈركەپ ، بارماق بىلەن بېسىپ تۇرۇپ چىگىنى ئاۋايلاپ تارتاتتى .

ئادەم بويىدىن بىر غېرىچلا ئېگىزلىكتىكى ئۆي ، بۇنى ئۆي دەپ ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ ، مومايلارنىڭ « ئالۋاستى كەپىسى » دېگىنىگە ئوخشاشلا بىر نەرسە . ئويۇقتا ئورۇن - كۆرپە نامى بىلەن بىر قۇچاق ئەسكى ــ تۈسكى نەرسىلەر تىزىپ قويۇلغان . يەردە ئىككى غۇلاچچە تىتىلىپ كەتكەن كىگىز ؛ چىلەك ، چۆگۈن ، چۆمۈش ، تۆمۈردىن ياسالغان نەرسىلەر ئەمەس ، دېھقانلار ئۆزى تېرىۋالغان قاپاقلار . ناھايىتى بۇ ئۆيدە پۇلغا يارىغۇدەك بىرلا نەرسە ــ كىچىككىنە بىر قازان . بىراق بۇ قۇم قازانمۇ ، ياكى چۆيۈنمۇ بايقاپ ئالالمىدىم . بەلكى قۇم قازاندۇر . مەن دېھقانلارنىڭ قۇم قازان ، قۇم چۆگۈن ئىشلىتىدىغانلىقىنى جىق كۆرگەنىدىم .

ئۆيىنىڭ بۇلۇڭلىرىدا تۇشقاندەك تۈگۈلۈپ ئۈچ ــ تۆت بالا ئولتۇرىدۇ . ئانا ــ بالىلارنىڭ بىر ــ بىرسىدىن پەرق قىلمايدىغان تۇپىرەڭ چىرايىدىن ئادەمگە يارىشىدىغان ئىسسىقلىق ــ خۇشاللىقلار كۆرۈنمەيدۇ . ھەممە قاپاقلار تۈرۈك ، ئۆيدە غەمكىن بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ . « بالىلىق ئۆي بازار ، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەن سۆزلەر بۇ ئۆيدە قېنى ؟ «ئىھ ــ ئىھ » لىغان ئۈنلەر ، قايسى بىرسىنىڭ قاتتىقراق ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلانغانىدى ، دادىسى قاغاشقا باشلىدى .

— سەپرايىمنى ئۆرلەتمە ! ھازىر ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمەن ! يا ئۆلمىدى بۇ ئىنجىمارۇق جىن تەپكەنلەر ... خۇدايىم تىلىگەنلەرگە بەرسە بولمامدۇ

غاندۇ بۇ ئۈستىنىڭ كۆچۈكلىرىنى...

— نېمانچە سەپرالىق بۇ !؟ جان ئاغرىغاندىن كېيىن داتلىمامدۇ. تۈزلىرىمۇ تالاڭ ئاتقۇچە غىڭشىپ، يۆتىلۈپ ياتالمايدىلىغۇ، — دېدى باھارخان باقىغا تىكىلىپ.

يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ كەتتى. قارا چىراغتىن بىر غېرىچ تۆرلەپ تارىلىۋاتقان ئىس تام - تورۇسلارنى قارا رەڭگە بوياۋاتاتتى. ئۆينىڭ ئىچى بارغانسېرى گۇگۇملىشىپ ئىچىدىكى ئادەملەرنى خىيالىي بىر گەۋدىلەرگە ئايلاندۇرماقتا. مەن ئاچچىق زەردە گەپلەر بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ئۆيگە كىرىشتىن كەچتىم. بىچارە ئادەمگە ئۆزرە ئېيتىپ كېلەي دېگەن خىيالىم - سوغا چۈشكەن قاردەك ئېرىپ كەتكەندى. پەنجىرە تۈۋىدىن ئاستا - ئاستا بېسىپ ئارقىغا يېنىپ كەتتىم.

ئۆيگە بېرىپ ياتقاندا تىنىچ ئۇخلىيالمىدىم. ئۇنىڭ باللىرى شۇنچە مۇلايىم، ئۇلار باشقا كىشىلەرنىڭ باللىرىدەك كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن، بۇ بېشىغا قىنقاس - چۇقان سېلىپ يۈگۈرۈشمەيدۇ. تال چىۋىقتىن ئات ئېتىپ، كوچىنى چاڭ كەلتۈرۈشنىمۇ بىلمەيدۇ. بوسۇغىدا، ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا دەرمانسىز شۈمشىيىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. يىناش ئۈچۈن قورساق توق، كۆڭۈل خاتىرجەم، تەن ساق بولۇش چېرەك - تە. ھەممىسى ئاغرىق، يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرەكلەرگە مىشتەردەك سانچىلىدىغان سۆزلەر، سىلكىش، ھەر كۈنى بىرنەچچە قېتىم نەگىرىدىن ئۆلۈم تىلەش، ئاتا - ئانىلىرىمۇ ئاغرىق، ئوقەت قىلىدىغان كىشى يوق. پەقەت ئۇلار قارغىش، رەنجىش، كۆڭۈل ئاغرىقىنى كەسىپ قىلىۋالغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. بۇ نە قەدەر ئۇسال كۈن كەچۈرۈش ھە ؟!

باقى ھەر كۈنى مەسچىت ئالدىدا يانپاشلاپ ياتىدۇ. باھارخان مەھەللە بېشىدىن ياكى ئايىغىدىن كۈلۈمسىرەپ، بولمىسا سولتۇيۇپ كې- لىدۇ. ئۇنىڭ پاخپايغان چاچلىرى، چاپاق بېسىپ قىزارغان كۆزلىرى، جۇلجۇل بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆلرەڭ تېنى، كۈلسىمۇ، يىغلىسىمۇ باقىنىڭ «ئالۋاستى» دەپ تىللايدىغان قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى، لېكىن دۇنيادا باقىغا بۇنىڭدىن مېھ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

رىبان باشقا ھېچنەرسە پۈتمىگەنىدى. مۇھەببەت ئۇلۇغ نەرسە دېسە، مانا شۇنىڭغا ئىشەنسە بولىدۇ. بەزى ئادەملەر يىرگىنىپ گەپلەشكىسى كەلمىگەن بىلەن دۇنيادا باقىغا ئۇنىڭدىن چىرايلىق كۆرۈنىدىغان ئىككىنچى بىر ئادەم بولمايدۇ. ئۇرۇشۇش ــ تىللىشىش، رەنجىشىش بۇ ئائىلىگە ئەسلى خاس ئەمەس. ئۇلار بىر ــ بىرىگە نېمە يامانلىق قىلىشقان گۇناھى ئۇچۇن زەردە قىلىشىدۇ، نېمە تالىشىدۇ، ئۇرۇشقىدەك ئىش بارمۇ؟ يوق، پەقەت تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق زەھرى مەست قىلغان چاغدىلا شۇنداق بولۇپ قالىدۇ.

باھارخان نان ياققان جايدىن بىر ــ ئىككى ئىسسىق نان، توغاچ گاھى چاغدا كىر يۇغان جايدىن كوزىدا يا ھېجىردا تاماق كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئۆي تەرەپكە قايرىلدىمۇ، باقى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھېچ تەرەپكە قارىماي دوكۇلداپ كىرىپ كېتىدۇ. باھارخان نېمىكى تاپسا، ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆزى چەتتە قاراپ تۇراتتى. چوڭ ئادەم نەپسىنى يىغىۋېلىشى مۇمكىن، لېكىن چالا تاماق يەپ قالغان كىچىك بالىلارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراش ناھايىتى تەس. كۆڭۈلنىڭ نازۇك يەرلىرىگە بولغان بۇنىڭ تەسىرىنى قورسىقى توق كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بېرىشمۇ تەس. بۇ ئائىلىدە كۆپ ۋاقىتتا شۇنداق يېرىم تويۇنۇش ھۆكۈم سۈرەتتى. بالىلار تاماقنى بىر ــ بىرىدىن قىزغىنىپ چاينىماي يۇتىدۇ. قاچىدا ھېچنەرسە قالمىغاندىن كېيىن تاماقنىڭ تاتىقى قالغان بارماقلىرىنى يالاپ، شۇمۇپ ئانىسىغا «يەنىچۇ» دېگەندەك بويىنىنى سىڭايان قىلىپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

مەن بالىلارنى مۇنداق قىياپەتتە كۆرگەندە ئىچىمنى نېمىدۇ بىر نەرسە تاتلاۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، چىداپ تۇرالماي يەرگە قارىۋالاتتىم.

## 4

كەچ كۈزنىڭ بىر كېچىسى تونۇر بېشىدا ئولتۇراتتۇق.

— بىز ھايۋان ئەۋلادى ئەمەسقۇ! بىز ئادەمغۇ! تووۋا قىلدىم، — دېدى باقى ياقىسىنى تۇتۇپ، — ھېچكىم بىزنى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغا ئال-

مايدۇ، خۇددى بىر سۈپۈرەندى ئەخلەت. بىزمۇ جاھان تۈتۈپ كۆرگەنغۇ. ئەلنىڭ گۈلىگە گۈل، خېلىغا خال قويغان. مۇنداقلا ئەمەس ئىدۇق.

ئۇ بىر نەرسە تىڭشاۋاتقان ئادەمدەك بويىنىنى ئېگىپ جىم بولۇپ قالدى، مەن تونۇردىن پۇتۇمنى تارتىۋېلىپ، ئاسمانغا قارىدىم. يېقىن بىر جايدىكى قارا ياغاچ شاخلىرى ئارىسىدىن تولۇنئاي ماراپ تۇراتتى، يۇمشاق شامالدا تىترىگەن يوپۇرماقلارنىڭ تونۇر بېشىدىكى ئالا كۆلەڭگىسىنى ئوينايتتى. كېچە بەك چىرايلىق ئىدى. يىراق يەرلەردە ئېتىزدىن ئات بېقىپ قايتقان كىشىلەرنىڭ ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى، مەن يەنە پۇتۇمنى تونۇرغا ساڭگىلىتىپ:

— جىمىپ كەتتىڭغۇ باقىكا. جاھاننىڭ كارى تۈگەيدۇ، قېنى ناخشا ئېيتقىنا! — دېدىم. ئۇ، خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن ئۇزۇن بىر ئۇھ تارتىپ، چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسەتتى.

— راست بىز ناخشا ئېيتقان، كۈچ - قۇۋۋىتىمىز بار چاغدا قانداق يىگىت ئىدۇق بىلەمسەن! بىزنىڭ پېشانىمىزگىمۇ يەر پۈتكەن — ئون وچە يېرىم بار ئىدى مېنىڭ. بىر ئات، بىر ھارۋا، سېغىپ ئىچىدىغان كالىمىز، ئۆز ئالدىمىزغا قوشقا قاتىدىغان بىر جۈپ ئۆيىمىز بار ئىدى، غاي چوڭ چىللىغاندا قوپۇپ، تا ئەل ياتقۇچە ئېتىزدا قوش ھەيدەيدى، كەتمەن چاپقان، ئورما ئورغان ئەزىمەت ئىدۇق، بىز ئېچىق ئېتىش چۈن قومۇرۇپ كۆتۈرگەن چىمنى ئىككى - ئۈچ ئادەم ئاران كۆتۈرەلەيدىغانىدى. ناخشىنى مانا شۇ چاغلاردا ئېيتىپ ئارىلىشىپ كەتكەن دېگىنا بىز، ھەي... ئەمدى كۈچ يوق، يۈرەك يوق!

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ياش يىگىتلىك چاغلىرىدىكى شېرىن خاتىرىلىرىنى زوق بىلەن سۆزلەشكە چۈشتى.

— مېنىڭ ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىمنى ئاڭلاپتىكەنسەن - دە. راستىنى ئېيتقاندا، مۇشۇ مەھەللىدە مېنىڭچىلىك ناخشا ئېيتالايدىغان كىشى يوق ئىدى، مەن بولغان توي - تۆكۈن، مەشرەپلەر ئالايىتەن قىزىپ كېتەتتى. ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ سەرخىلى بىر گۈلى ئىدىم، ھەممە مېنى باقەم -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باقەم دېيىشىپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

بولۇپمۇ مەن ناخشىنى قاچان تولا ئېيتاتتىم. مانا بۇنى ساڭا سۆزلەپ بېرىمەن، ھەي، ئېسىت ياشلىق چاغلار !... قانچىلىك شوخلۇقلارنى قىلغان بىز !

باقى ناھايىتى 45 ياشلاردىكى كىشى بولسىمۇ، ئۆزىنى سەكسەن، توقسان ياشلاردىكى بوۋاي چاغلايتتى. چۈنكى تەگسىز تۇرمۇشنىڭ ئەزگۈچى قاتتىق قولى، ئۇنىڭ ياقىسىنى دەم ئالدۇرماي سىققان، سۆلۈك-لەر قېنىنى شوراپ، ئۇنى قۇرۇق قاخشال قىلىپ ماغدۇرسىز، ئاپئاق ساقال قىلىپ قويغانىدى.

ئۇ، قۇرۇپ كەتكەن تامىقىنى ھۆللەپ، تۇكۇرۇكىنى يۇتۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

— ئۆرۈكلەر راسا مەي باغلاپ پىشقان چاغ ئىدى. ھاۋا تىنجىق. ماداخان قىلىنغان ئالدى ئۇچۇق كۆڭلىكىمنىڭ ھەممە ئېزىملىرىنى شېشىپ ئەتتىم، بېشىمدا قىرلانغان ئاق مالىخاي، پۇتۇمدا پەس پاشنا مەسكاپ ئۆتۈك، تام شورىلىرىدىن ئاتلاپ چۈشۈپ، جاڭگاللىق باغلاردا ئۆرۈك تالاپ يەپ يۈرگەنىدىم. قويۇق ئۆرۈك ياغاچلىرى ئارىسىدىن ئۈچ - تۆت بالىنى ئەگەشتۈرۈپ، بىر قىز كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنى تونۇدۇم. ئۇ، ئۈششاق ئۆرۈلگەن قويۇق قارا چاچلىق، پىستە كۆزلۈك، لەۋلىرى جىنەستىدەك قىزارغان سۇمباتلىق باھار ئىدى. بىز ئۇچرىشىپ قالغان چاغلاردا بىر - بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىشىپ ئۆتۈپ كېتەتتۇق. باھار كۈلگەن چاغدا ئىككى قوۋزىدىكى زىنقى ماڭا ئۇنىڭ چىرايىنى ناھايىتى يېقىملىق قىلىپ كۆرسىتەتتى.

ئەنە، ئۇلار توپ - توغرا مەن تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. يۈرىكىم دۇپۇلدەپ كەتتى. ئالدىمدىكى ئېگىز ئۆسكەن باراقسان شاخلىق ئۆرۈك ئۈستىگە چىقىۋالدىم.

باھار شۇ ئۆرۈك تۈۋىگە كېلىپ:

— تېرىڭلار ئۇكىلىرىم، مۇشۇ ياخشى ئۆرۈك، — دېدى - دە، قولىدىكى سېۋەتنى يەرگە قويۇپ، ئۆرۈك تېرىشكە باشلىدى. مەن كەپ-

تەرنى ماراپ ياتقان مۈشۈكتەك، بوپۇرماقلار ئارىسىدىن قاراپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى تاماشا قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئىككى مەگزى گىردە ناندەك قىزارغان، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا گۈل ئۈستىدىكى ئۇششاق شەبنەم دانىلىرىدەك تەر تامچىلىرى تىزىلىپ تۇراتتى. ئىڭىشكەندە ئىككى مەگزىدىن ئالدىغا چۈشكەن چاچلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن سىلكىتىپ ئارقىسىغا ئېتىپ قويىدۇ. ئارىلاپ - ئارىلاپ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ئۆرۈكلەرنى ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ.

ئالا بولغان ئۆرۈكتىن ئۈچ - تۆت تال ئۈزۈپ ئالدىم - دە، غولىنى چەللەپ تۇرۇپ بىرىنى ئاتقانىدىم، ئالدىغا چۈشتى، ئۇ ئۇياق - بۇياققا قاراپ قويۇپ، يەنە ئۆرۈك تېرىشكە تۇتۇندى، ئىككىنچى قېتىم ئاتقانىدىم، بېشىغا قاتتىق تەگدى، ئەتىمالىم، قوشۇمىسىنى تۈرگەن بويى ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ:

— ئۇ ... ھوي قايسىڭغۇي، نېمە ئۇنداق قىلىسەن، — دەپ ئارقىسىدا ئۆرۈك تېرىۋاتقان بالىغا كۆلەيدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈۋەتكەنىدىم.

— ۋىيەي ... سارەڭ، — دېدى - دە، چالۋاقاپ سېۋەتكىمۇ قارىماي دومسايغان بويى باغدىن چىقىپ كەتتى. ئۇھ، مانا ئەمدى قالدىم بالاغا. ئۇ، شۇنچە نازۇك ئىكەن - دە، نېمىشقا ئويناشتىم ھە ... ئەمدى بۇ گۇناھنى قانداق يۇيۇش كېرەك.

بالىلار بىلەن سېۋەتنى ئۆرۈككە لىققىدە توشقۇزۇپ، باھارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ بارىمەن، ئۇ، ئانىسىغا يىغلاپ بارغان بولسا، «ھوي جۇۋاينىمەك كەتكۈر، قىزىمغا نېمىشقا تېگىشتىڭ ...» دەپ جاۋىلداپ كەتسە، نېمە دەيمەن، سېۋەتنى ئىشىك ئالدىغا قويۇپ، ئۇنى قىچقىرىش كېرەك.

ئىش مەن ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى. پۈتۈنلەي باشقىچە. ئۆرۈكنى كۆتۈرۈپ بارغىنىمدا باھارنىڭ ئانىسى ھويلىدىن پايپاسلاپ چىقىۋاتاتتى، گەپ قىلماستىن سېۋەتنى ئىشىك ئالدىغا قويغانىدىم.

— رەھمەت بالام، خۇدا ئۆمرۈڭنى بەرسۇن. باھار ئۆزى قەيەردە

قالدى ؟ — دېدى.
مېنىڭ گۇناھىم تېخى بۇ يەرلەرگە يېتىپ كەلمىگىنىنى سېزىپ:
— كېلىۋاتىمدۇ، — ھازىرچە مەندىن خوش بولغان بىلەن كېيىن تىللايسەنغۇ — دېدىم ئىچىمدە. ئارتۇق سۆز قىلماستىن ئارقامغا ياندىم.
— ھىم، تازا ئىشلىتىۋالدىمۇ ـ تازا، — غورۇنىڭ يېنىدىكى چولاق تام كەينىدىن تۇيۇقسىز چىققان بۇ گەپ مېنى چۆچۈتىۋەتتى، ئىتتىك ئارقىغا قارىسام، باھار كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ.
— ۋاي تاۋى نازۇك، شۇنىڭغىمۇ يامانلاپ كەتتىڭىزمۇ! — دېدىم.
ئۇ، ئۇنچىقماي چېچىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ خومالاشقان كۆزىدىن رەنجىگەنلىك سېزىلمەيتتى. «تاۋى نازۇك» دەپ قىلغان تەنەمگە جاۋاب قايتۇرماستىن شۇنداق يېقىملىق، مۇلايىم قاراپ تۇرۇشى، «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دەۋاتقاندەك. خۇددى شۇ ۋاقىتتا ئۇ، «گەھ» دېسەم قولۇمغا كېلىپ قونىدىغان قورغۇي بولۇپ كۆرۈنەتتى. تەلپۈنۈپ تۇرغان ياشلىق كۆڭلۈمدە ئۇ بىرىنچى قېتىم ھېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان ئىسسىق بىر تۇيغۇ قوزغاتتى. خىجالەت بولۇشقا باشلىدىم. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تەمتىرەپ قېلىپ:
— بۇگۈنكى ئىسسىقتا ئۆرۈك تازا پىشىدۇ، — دېدىم.
— بىراق كۈنىنىڭ شۇنچە تەپتىدە سىز تېخىچىلا غورا ئىكەنسىز، — دېدى باھار كۈلۈپ.
«ھىم، مانا ئوخشاتتى سېنى، ئەمدى نېمە دەيسەن» دېدىم ئىچىمدە، شۇ پەيتتە ئۇ قىزغا گەپ تېپىپ بېرەلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدىم. ئۆز تەڭ تۇشلىرىم ئارىسىدا ئىشتىلا ئەمەس، چاقچاق، گەپ ـ سۆزدىمۇ چېچەن ئىدىم. ئەمما، شۇ تاپتا مېنىڭ ئۇ چېچەن تىللىرىمنى قانداقتۇ بىر سېھىرلىك كۈچ سېھىرلەپ قويغاندەك جۇرئەتسىز ھالدا ئىدى. ياخشى ئۇنى ئانىسى قىچقىرىپ، سۆزىمىز شۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالدى.
شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلۈمدە «باھار» دېگەن چىرايلىق بىر ئىسىم

ھەمىشە يادلىنىدىغان بولدى، بىراق باشقىلارغا ئوخشاش «ئىشق ئوتىغا
گىرىپتار بولدۇم، مېنىڭ دەردىم بار» دەپ لاقىلداپ يۈرگىنىم يوق. زوق
بىلەن ئىشلەپ ئېتىزنىڭ باغرىنى گۈل قىلىۋەتتىم. يەلپۈنۈپ تۇرغان
كۆپكۆك بۇغدايلار، قوغۇن - قاپاقلار، باراڭ ئەتراپىدا ئېچىلغان گۈل،
زاراڭزىلار ھەر كىمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. مانا شۇ چاغدا قىن - قىنىمغا
پاتماي ناخشا ئېيتاتتىم. كىمكەن ئۇ، مېنى ماختىمايدىغان، ھەممىسى
ئۆپچۆرمىدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيتتى. ئەنە، ئېتىزىم بوستان، مەن بولسام
بۇلبۇل بولۇپ سايرىغان. شۇنداق چىرايلىق چاغلاردا باھار بىلەن يار بو-
لۇشقان، گۈللۈك باراڭدا سۆيۈشكەنىدۇق !...

ئۇ، ھەر كۈنى بىزنىڭ باراڭغا قوغۇن - تاۋۇزغا كېلەتتى.

— مۇشۇ قوغۇنلۇق ساڭا قارايدۇ، ئۆزۈڭ تاللاپ ئۈزۈۋال، —
دەيتتىم.

— ناخشا، ناخشا... ھە، بايا دېدىمغۇ، ناخشا ئېيتقۇچىلىكىمىز
قالدىمۇ، سەن تېخى ئۇقمايسەن...

ئۇ، يەنە ئۆزىنىڭ كونا سەرگۈزەشتىسىگە چۈشۈپ كەتتى.

— بىزنىڭ مەھەللىدە باھارلارنىڭ تىرىلغۇ يەرلىرى بولمىغىنى
ئۈچۈن، ئاتا - ئانىسى تىرىكچىلىك ئىزلەپ سۈلتانئۇيىسكە كۆچۈپ
كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ باھارىممۇ سۈلتانئۇيىستە بولۇپ قالدى.

باھار كەتكەندىن كېيىن، مېنىڭ قاپىقىم ئانچە ئېچىلمايدىغان
بولۇپ قالدى. ئۆيدىكىلەر بىلەن ئەرزىمەس ئىشلارغىمۇ ئۇرۇشۇپ قالى-
مەن، دادام: «ھە، بۇ ساراڭنىڭ بۇرنى كۆپتى» دەپ قوياتتى.

مەن ئات بېقىشنى بانا قىلىپ، تولا ۋاقىتلاردا كېچىلىرى ئېتىزدا
ئۆتكۈزۈۋېتىمەن، ئېتىزنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى قانداق سىرلىق؛ قانچىلىك
چىرايلىق دېگىنە؛ بىر - بىرىگە تۇتۇشۇپ سوزۇلۇپ كەتكەن ئېتىز - ئې-
رىقلار، تاختا بولغان بۇغدايلار، ياپيېشىل يەلپۈنگەن بېدىلىكلەردە مەست
بولۇپ «ۋىتتۇالداق — ۋىخ... ۋىخ» قىلىپ سايرىغان بۆدۈنىلەرنىڭ
ئاۋازى كۆڭۈلنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ قاچىدۇ. غۇيۇلداپ ئۇچۇۋاتقان
شامالدا يىراقتىن كېلىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاش قانداق كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گۈللۈك . ئەنە ، كۆز يەتكۈسىز يەرلەردە ئاۋرال تېغى چوقچىيىپ تۇرىدۇ .
ئەنە شۇ ئاۋرال تېغى باغرىدا مېنىڭ گۈزەل باھارىم ئۇيقۇغا كەتكەندۇ .
مەن شۇ تەرەپكە قاراپ تاڭ ئاتقۇچە تويماي ناخشا ئېيتىپ چىقىمەن ،
ئوھۇ ! ... بۇ قانداق ناخشىلار ... يۈرەكنى يېرىپ چىقىدۇ . مەن ئۆمرۈمدە
سېغىنىشنىڭ مۇنداق لەززەتلىك خۇمارىنى سەزمىگەنىدىم ، — دەپ
كۆكسىنى تۇتۇپ بىر ئۇھ تارتقاندى . مەن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭدىن :
— شۇنىڭدىن كېيىن يارىڭىز بىلەن ئۇچراشمىدىڭىزمۇ ؟ — دەپ
سورىدىم .

## 5

— قىسقىسى ، بىز مۇرادىمىزغا يەتكەنىدۇق . باھار بىلەن ئۆي
تۇتتۇق . كېچە ــ كۈندۈز بىللە ئىشلەپ ، راھەتنىمۇ ، جاپانىمۇ بىللە كۆ-
رەتتۇق . قولىمىزدا ئارتۇق نەرسە بولمىسىمۇ ، بىلەكنىڭ كۈچىگە
تايىنىپ ، ۋاقتىمىزنى چاغ ئۆتكۈزەتتۇق .
ئەتىياز ئايلىرى ، قىزىق قوش ھەيدەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە
دادام ئۇزاق تارتقان سىل كېسىلى بىلەن يېرىم كېچە مەھەللىدە جان
ئۈزۈپ قالدى . دادام ئاز ــ تولا كىتاب ئوقۇشنى بىلىدىغىنى ئۈچۈن يۇرت
ئىچىدە ئابرويى بار ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن مەھەللە چوڭلىرى چاپسانلا
يېتىپ كېلىشتى . ھە ، راستلا بىر گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن . مەن ھازىر
شۇنچە خار بولۇپ قالغان بولسامۇ خەلق مېنى نېمىشقا « سەن » دېمەي ،
« سىز » دەيدۇ . چۈنكى مەن دادامنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ئانچە ــ مۇنچە
قارا خەت تونۇپ قالغانىدىم . قارىغىنا شۇنىڭمۇ ھۆرمىتى بولىدىكەن .
يۇرت چوڭلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئون خوجە بۇغداينى هار-
ۋىغا بېسىپ ، توخۇ ئىككى قىچقارغان چاغدىلا شەھەرگە كىرىپ كەتتىم .
بازاردىن كېپەنلىكلەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن شەھەر ئىچىگە
(سېپىل ئىچىگە) كىرىپ تۇققۇنىمىزنى نامازغا ئېيتىپ قايتقانىدىم ، دەڭ
دەرۋازىدىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالدىم . ھەي ... شەيتانلارنىڭ ئىشى دېگىنا !
ھەممە پېشكەللىكنىڭ ئاۋۋىلى مانا شۇ يەردىن باشلاندى . شۇ ۋاقىتتا ئال-

دىراپ، ئىچىمنىڭ تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقىنى قايسى تىل بىلەن ئاڭلىتاي. ئاش ۋاقتى بىلەن كەلگەن ئادەم تا چىڭقى چۈشكىچە ساقلاپ تۇردۇم. دەرۋازىنىڭ ئىچ - تېشىدا ماڭا ئوخشاش يول تالىشىپ تۇرغان ئات ھارۋا، ئۆكۈز ھارۋا، ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادە كىشىلەرنىڭ سانى يوق. دەڭ دەرۋازا ئىچى خۇددى چوڭ بىر پاتقاق دەرياسى. ئۇنىڭدا ئاتلار ئۈزىدۇ. چىلىشىپ كېتىپ بارغان ھارۋىلار ئادەمگە قېيىقنى ئەسلىتىدۇ. پىيادە ئادەملەر بولسا، بۇنداق «قېيىقلارغا» ئىككى گوۋازا. تولا ئالدىراپ كەتكەنلەر بىر تەڭگە كىرا بېرىپ ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. يول تالىشىپ ئاتلىقلارنىڭ، ئادەملەرنىڭ باش - كۆزىگە قامچىلار تېگىدۇ. تېيىلىپ يىقىلغان ئادەملەرنىڭ تەلەتىگە قاراپ كۈلگۈڭ كېلىدۇ. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ رەسۋا بولغان ئېچىنىشلىق قىياپىتىگە قاراپ ئىچىڭ ئاغرىيدۇ ياكى يىغلىغۇڭ كېلىدۇ. ئاتلار مۈدۈرۈپ كەتسە ياكى سەللا پۇتىنى ئېگىزرەك كۆتۈرسە پۇتۇن ئەتراپقا پاتقاق مۆلدۈردەك ياغىدۇ. مۇنداق ۋاقىتتا ئادەملەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ ناھايىتى كۈلكىلىك قىياپەتلەرگە كىرىۋالىدۇ، زارلىنىدۇ. لەنەت ئوقۇيدۇ. تىزىغىچە پاتقاق كېچىپ يۈرۈپ مۇشلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ رەڭگى - روخسارىغا قاراپ تېخىمۇ قاتتىق كۈلگۈڭ كېلىدۇ. لېكىن بۇ يەردىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار، يۈرەكنى تىلىپ تاشلىغۇدەك ئاچچىق تىللار، كۈلكىلەرنى باسىدۇ. بولۇپمۇ شۇ كۈنى ئادەملەرنىڭ ئۆتۈشەلمەي كۆپرەك تۇرۇپ قېلىشىغا بىر دېھقان سەۋەبچى بولدى. بىراق، شۇ سەۋەپ بولدى دەپ تىللاي دېسەڭ ئۇنىڭ ھالى ھەممىمىزنىڭكىدىن يامان بولغانىدى. ھېلىقى دېھقانىنىڭ جىنازىغا ئوخشاپ قالغان ئېتى پاتقاقتىن ھارۋىنى تارتىپ چىقالماي تازا چوڭقۇر يەردە يىقىلدى. ئۇنى سەۋەبچى بولدى، دېگەن كىشىلەرمۇ ئىناپ قىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە. پاتقاق دەرياسىغا چۆكۈپ كەتكەن ئېتىنى چىقىرىمەن دەپ ئۇنىڭ تارتقان كۈنى ئازمۇ؟ ئاخىر ئېتى ئۆلۈپ قۇتۇلدىغۇ. بىچارە دېھقانىنىڭ بوغا، جەۋەننى مۆرىسىگە سېلىپ، سۇزمە خالتىسىدەك بولۇپ چىقىۋاتقىنىنى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى پاتقاقنى، ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تارام - تارام يېشىنى كۆرگەن ئادەملەر يەنە ئۇنى سەۋەب بولدۇڭ، دەپ قانداق

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىللىماقچى ئىدى. ئەسلىدە سەۋەب بولغان كىم، نېمە؟! شۇ قارا دەرۋازىدا ئادەملەرنىڭ يولىنى توراپ قويغان دەرۋازا ئىگىسى «ئۆلۈغلار» ـ دە.

مېنىڭ بالالىقتا ماڭا ئەمدى ئۆتۈش نۆۋىتى كەلگەنىدى. قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي، تەلەتى سۈرۈن بىر يايى كېلىپ، ئېتىمنىڭ تۇمشۇقىغا بىر قامچە ئۇردى ـ دە:

— ھارۋاڭنى ئارقىغا قايتۇر، — دېدى.

— ئاكا، مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش... — تېخى سۆزۈم ئاياقلاشقۇچە باش ـ كۆزۈمگە قامچا ياغدى. يەنە بىر يايى كېلىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى ـ دە، ھارۋامنى ئارقىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

«ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ» دېيىشەتتى، قېنى ئېرىتكىنى! مەن شۇ كۈنى دۇنيادىكى بار ياخشى سۆزنى قىلدىمغۇ. يالۋۇردۇم، ئىتقا ئوخشاش ئۇلارغا كۈچۈكلۈنۈپ يىغلىدىم. دادامنىڭ ئۆلۈكىنى ۋە پۈتۈن ئەۋلىيالارنىڭ ئەرۋاھىنى شېپە كەلتۈردۈم. مېنى زادىلا قويۇپ بەرمىدى. ئۇلارنىڭ باغرى تاشتىنمۇ قاتتىق، پۈتۈن تېنى مۇزدىن يارىتىلغان ئادەملەر ئىدى. ئادەملەر دۇنياغا بىرىنى بىرى مۇشۇنداق بوزەك قىلىش ئۈچۈن تۇغۇلغانمۇ؟ دەردىڭنى ئاڭلايدىغان ئادەملەر قەيەردە...؟

ماڭا ئوخشاش ئوتتۇز ھارۋىكەش ساگدىن بۇغداي قاچىلاپ سار بۇلاققا ماگدى... (بۇ ۋاقىتتا سار بۇلاقتىكى تۈگمەندە چېرىكلەر ئۈچۈن ئۇن تارتىلاتتى). يالۋۇرۇش تۈگىمىگەنىكەن تېخى، تۆت كۈن ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپ بۇغداينى تۈگمەنگە ئۆتكۈزدۇق. ئات ـ ھارۋا بىلەن ئۈزۈك نەچچە كۈن بىكارغا ئىشلىسەڭ رەھمەت ـ تازىم قېنى؟ مانا قارا، رەھمەت ـ تازىم ئورنىغا «ئوغرى، بۇغداي كەم» دەپ يۈزلىرىمگە تۈكۈرۈپ، يەتتە كىشىنى كۈرەدە ئۈچ كۈن سولاپ قويدى... مانا پالەشلەرنىڭ كاشىلىسى، مەن سولاقتىن چىقسام «ئېتىڭ ئۆلۈپ قالدى» دېدى ـ دە، ئالدىمغا ئاتنىڭ تۆت تۇيۇقىنى تاشلاپ قويدى. ئۇ مېنىڭ ئېتىمنىڭ تۇيۇقىمۇ ئەمەس. مانا ئۆزلىرى ئوغرى. ئەزبىرايى خۇدا مەنسەپدارلارنىڭ ئۆزلىرى ئوغرى. بۇ ئەھۋالدىن بىر يەرگە داتلاشمۇ تەس. كىمگە ئەرز قىلساڭ بولىدۇ؟ «دادام ئۆلۈپ قالدى، جېنىم ئاكا...» دې-

گىنىڭگە قارىماي قامچىلاپ سىنى غۇلجىدىن كۆرەگە ھەيدەپ كەلگەن ئادەملەرگىمۇ ياكى « ئوغرى » دەپ سولاپ قويغان چىرىكلەرنىڭ ئەڭ چوڭى جىڭشۇسىغىمۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرىپ باش قويۇشتىن يەنە نىمە پايدا چىقار؟ ...ئاتتىنمۇ، ئاتىدىنمۇ ئايرىلدىم. بوغا – جەۋەنىنى ئۆشنەمگە سىلىپ غۇلجىغا قايتتىم. خەير ئۇمۇ كەتتى.

ئۇ، ئادەتتىكى سۆزىنى ئۆزگەرتىپ، تۇيۇقسىزلا قايناپ:

— شۇمۇ ئادەمگەرچىلىكمۇ، بۇ نە قەدەر ئۇياتسىزلىق ئىش – ھە، خۇددى غالجىر ئىت ئۇلارچۇ قارا! — دەپ خىقراپ توختاپ قالدى.

مەن ئۆچۈپ تۇگەي دەپ قالغان سامان ئوتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاتلاملىرىنى چوخچىلىغانىدىم، ئۇنىڭ قاشلىرى چىمرىلىپ كۆزىدە غەزەپ ئوتى چاقنىغاندەك كۆرۈندى.

ئاي بىز بىلەن ئاللىقاچان خوشلاشقان، جاھان بارغانسىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە پاتماقتا. يىقىن بىر جايدىكى ئىتنىڭ ھۇلىغان زوۋۋالىق ئاۋازى كۆڭۈلگە قورقۇنچ سىلىپ ئۆتەتتى.

باقى سۆزىنى داۋام قىلدى.

— بىزنىڭ ئۆيدە ئۆلۈم مەرىكىسى بولدى. ئۆلگەن كىشى بولسا، مىنىڭ دادام. ئۇنى قانداق ئۇزاتقاندۇ؟ مەن ھازىدار، بىلىمگە ئاق باغلاپ، كۆك تاياق تايىنىپ، جىنازا ئالدىدا يىغلاپ چىقىشىم كىرەك ئىدىغۇ. مىنى دادام قانچە ئىغىر چىلىقلار بىلەن باقتى، مەندىن نىمىلەرنى كۆتكەنىدى. قىنى ئۇ، قىنى مىنىڭ ئەسقاتقىنىم، ئىست، ئىست، بەختسىزلىك ... يۇرت ئالدىغا نىمە دەپ، قايسى يۈزۈم بىلەن چىقىمەن ... شۇنداق تۈگىمەس – پۈتمەس خىياللار بىلەن كىچىچە پىيادە يۈرۈپ، چاي ۋاقتى بىلەن دوتەي يامۇلنىڭ ئالدىغا يىتىپ كەلگەنىدىم.

— ھەي جۇمبو كۆتەرگەن، توختا! — دىدى بىلىدە سىم ئورىغان قامچىسى بار بىر ئادەم.

— ياق ساتمايمەن، — دەپ يولۇمغا كىتىۋەرگەنىدىم، ھىلىقى بۇگۇرۇپ كىلىپ:

— كىمىڭنى ئەخمەق قىلىسەن چوشقا! ماڭ بۇياققا، سەيسە قد

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىسەن ! — دېدى ـ دە . ئارقامغا ئىتتىرىۋەتتى .

— يەنە نېمە سەيىسە بۇ ، مەن ھازىر سەيىسدىن كەلدىمغۇ !

— ساختىپەزلىك قىلما . ياخشىلىقچە مالڭ ئىت !

— ئەزبىرايى خۇدا ، مەن سەيىسدىن كەلدىم .

— ياخشىلىقچە ماڭامسەن ـ يوقمۇ ؟! ھېلى بىكار كۆرىسەن چوشقىنىڭ بالىسى .

— ئۆزۈڭ چوشقا ، ئۆزۈڭ غالتىر ئىت ، ماڭمايمەن ، نېمە قىلىسەن ؟!

ئۇ قامچىسى بىلەن بىر نەچچىنى ئۇرغانىدى . قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ چىڭ تۇتۇۋالدىم . بۇنىڭغا بوي بەرمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ ، نەدىندۇ ، ئىككى چېرىك يۈگۈرۈپ كەلدى . ئۈچى بىر بولۇپ مېنى دوتەي يامۇلىغا ھەيدەپ كىردى . ئاۋۋال ، ھارغىچە ئۇرۇپ ، تېپىپ دۇمبالىدى . كېيىن بىر قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويدى .

ھارغانلىق ۋە قورساقنىڭ ئاچلىقىدا ئەسنەپ ـ ئەسنەپ كۆزۈم ئۇيقىغا كەتكەنىكەن ، يەنە ھېلىقى قاپقى يامان ، سىم ئۇرىغان قامچىسى بار يايى :

— تۇرە ئوغرى ، — دەپ بېشىمغا تېپىپ ئويغىتىۋەتتى .

ـ ئەمدى چىقىپ كېتەيمۇ ئاكا ؟

— ئاناڭنىڭ يېنىغا بارامسەن ھارىمى ...

— يەنە نېمە دەيسىز بېگىم ؟!

— ھە ، ئەمدى خېلى چۆچۈپ قاپسەن . ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ ، — دېدى ـ دە ، ماڭا ئوخشاش پايتىمىسىنى تەتۈر ئورىغان سەيىسكەش بىر ئادەم بىلەن ئىككىمىزنى چۈشكىچە بېدە توغراتتى . ئۇندىن كېيىن نامازدىگەرگىچە قىغ توشۇتۇپ قويۇپ بەردى . مانا كۆردۈڭمۇ بۇ نېمە دېگەن خورلۇق .

ئۆز ئاتىسىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ كېتىدىغان ئادەملەرمىدۇق بىز . مۇنداق ئوساللىقنى مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن قىلدىممۇ ؟ ياق . ئىش شۇنداق بولسىمۇ يەنە ھەممىسى مەندىن كۆڭۈل ئاغرىتىدۇ . يۇرت ئىچىدە

مەن ئەڭ باغرى تاش يامان ئادەم ! ھەتتا ئادەممۇ ئەمەس . خۇددى كالا ياكى ئىت . توغرا ، ئۇلارنىڭ شۇنداق قاتتىق رەنجىشكە ھەققى بار . بىراق ، كاساپەتكە ئۆزۈم يولۇقاي دەپ ئالايىتەن بارمىدىم ـ دە ، ... ئۆرۈق ـ توغقانلار ماڭا ئوچۇق چىراي ئاچمايدۇ .

ـــ داداڭ ئۆزى تاپىقان بىر جۈپ ئۈكۈزنى سېتىپ ، بىر كۈنلۈك مەرىكىسىنى ئۆزاتتۇق . سەنمۇ ئوغۇل بالا مەن دەپ بىلىگنى باغلاپ يۈرسەڭغۇ . قېنى يەتتە نەزىرىنى قانداق قىلسەن ، ياكى داداڭنىڭ يەتتىسىنمۇ بەرمەمسەن ، ـــ دېگەندەك سۆزلىرى جان ـ جىنىمدىن ئۆتۈپ يۈرەككە نەشتەردەك سانچىلىپ تۇراتتى . ئۆرۈق ـ توغقانلارنىڭ تەنىسىنى بېسىش ئۈچۈن دادامنىڭ يەتتە نەزىرىنى ناھايىتى چوڭ ئۆتكۈزدۈم .

شۇ يىلدىن باشلاپلا ئۆز ئالدىمغا يەر ھەيدىيەلمىدىم . قوش ، ئات ـ ھارۋا ، ھەتتا ئۆرۈقلۇققا بىر خو بۇغداي ئۈچۈن باشقىلارغا ساغىرىدىغان بولۇپ قالدىم . ئەمدى كىچە ـ كۈندۈز جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىسەكمۇ چاپىنىمىز تىزدىن ئاشمايدىغان بولۇپ قالدى . ئۈچ ـ تۆت يىلغا بارماي يېرىمىزنىڭ مۇقىم پارتىي دېن ۋە باشقا ئالۋاڭلارنى بېرەلمەستىن يەرنى سېتىپ بېرىپ ئۇنىڭدىنمۇ ئادا تاپتۇق ... شۇندىن بىرى تالادا قېلىپ ، ھەركىمنىڭ ئىشىكىدە تەمتىرەپ يۈرىمىز . ئىككىمىز خامان تەپكەن كۈنى ھېلىقى خوجايىننىڭ زەھەرلىك سۆزلىرىنى ئۆزۈڭمۇ ئاڭلىدىڭ . ھە ، مانا بىزنى شۇنداق ئاچ كۆز خوجايىنلار ، ئالۋان ـ ياساقلار ، خورلۇق ـ ھاقارەتلەر قۇرۇق قاخشال قىلىپ قويدى . مانا ھازىر ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇ-رىسەن . بىزدىن ئەمدى ماغدۇر كەتكەن . تىرىكچىلىك بولسا ، مۇشۇ ... قېنى ياشلىق ! قېنى كۆڭۈلدە يالقۇنجاپ تۇرىدىغان زوقلار ! ئەمدى كۆ-ڭۈلگە ئارام بەرگۈدەك چىرايلىق ناخشا ئېيتىش مۇمكىنمۇ ، يوق . ئۇنىڭغا زوق كېرەك ، ماغدۇر كېرەك .

باقى كۆڭلىدىكى ھەسرىتىنى قايلىشىپ چىققان تۇتۇندەك ئۇزۇن ۋە ئېغىر بىر تىنىپ چىقاردى ـ دە ، توختاپ قالدى .

يەرنى قۇچاقلاپ ئالغان كېچىنىڭ ئېغىر قاپقارا بېسىمىنى بۇزۇپ ھەر تەرەپتىن خورازلار قىچقاردى . بۇ ئاۋازلار شەرقنى قاپلاپ ياتقان قو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يوق قاراڭغۇلۇقنى يېپىزلىتىشكە باشلىدى. بىز تونۇرغا ئېگىشكەن ئىدۇق، كاۋىنىڭ كۆيۈپ پىشقان پۇرىقى دىماققا كېلىپ تەگدى. ئۇنى تونۇردىن كەتمەندە ئاۋايلاپ ئالدۇق ـ ده. باقىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتۇق.

## 6

باھارخان ئۆلگەندىن كېيىن باقىنىڭ سىل كېسلى ئېغىرلىشىپ، ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بىر كۈنى ئۇنى يوقلاپ قويماقچى بولۇپ يېزىغا چىقتىم. سىلەرگە تونۇش بولغان ھېلىقى «ئالۋاستى كەپىسى» بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە يەتلىشىپ كېتىپتۇ. ھەممىگە نۇر بېرىشكە سېخى بولغان كۈنمۇ بۇ بىر ئېغىز ئۆي ئىچىگە ئۆزىنىڭ ئىسسىق ئاق نۇرىنى چېچىپ ئۆتمەيدۇ. بىرنەچچە ۋاقىتتىن بېرى باھارخاننىڭ شۋاق سۇپۇرگىسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئەخلەپ ـ چىرىندىلەر ۋە كېسەلنىڭ غەلدى ـ غەشلىرى ئىنتايىن يامان پۇراق چېچىپ تۇرۇپتۇ. مۇنداق ئۆيلەردە كىمنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، ئارام ئېلىپ تۇرالايدۇ. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھايۋانلارمۇ شۇنداق جايلاردا ئۇزاق چىداپ ياتالماس ئىدى. لېكىن باقىنىڭ ئائىلىسىدەك مىليونلىغان ئائىلە كىشىلىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان «ئالۋاستى كەپىلىرى» دە كۈن كەچۈرۈپ يۇرۇپ ئاچچىق ھەسرەتتە دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلىشاتتى.

ئۆيدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. يېڭى تىرىلىپ باقىنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىنلەرنىڭ گىژىلدىشى ۋە ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئۇخلاۋاتقان ئاۋاق پۇشقاق مۇشۇكنىڭ يۇمشاق خىرىلدىشى بۇ جىمجىتلىقنى ئېچىنارلىق مۇڭ بېرىپ تۇراتتى. مۇڭلۇق بۇ جىملىق ئىچىدە باقىنىڭ تۆت بالىسى دان توشۇپ تۇرغۇچى ئانىسىدىن ئايرىلغان سېرىق تۈكلۈك كەپتەر باچكىلىرىدەك يېرىم ئاچ ھالدا شۈمشىيىپ يېتىشىدۇ.

مەن باقىنىڭ يەتتە ياشلىق بالىسى توختىدىن:

— داداڭ كىشى تونۇمدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۈچ كۈن بولدى گەپ قىلمىغان، كۆزىنى ئاچمىغان... — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن.

— يۈزىنى يېپىپ قويۇپسەنغۇ ؟ — دېدىم .

— بايا دادام ، ئى ... ئى ... قىلىپ ھىجايدى ، ئاغزىغا چىۋىن ئولىشىپ كەتتى ، يېپىپ قويدۇم ، — دېدى ئۇ كۆلۈمسىرەپ . ئۇنىڭ ئۆڭگەن يۈزىدە خىرە يانغان خۇشاللىق نۇرى دادىسىنىڭ ئەمدى ياخشى بولغانلىقىنى ئىپادە قىلماقچىدى . لېكىن ئەكسى ھالدا ماڭا ئۇنىڭ يۈزى بىر نەرسىدىن يىرگىنىۋاتقان ئادەمنىڭ چىرايىدەك بولۇپ كۆرۈندى .

باقىنىڭ يۈزىنى ئاستا ئېچىپ باققانىدىم . مەن ئۇنى چىرايى تامدەك تاتىرىپ ، ئىڭىكى تۆۋەن چۈشكەن ھالدا كۆردۈم . تېنىم جىغىلداپ كەتتى . قورقۇنچ باستى . بالىلىرىغا تۇيدۇرماستىن ئاستا تالاغا چىقىپ كەتتىم .

ئەتىسى ئەتىگەندە مەھەللىدىكى بىر نەچچە كەمبەغەل ، كۆيۈمچان ئادەملەر يىغىلىپ ، سۆگەت شاخلىرى بىلەن جىنازا توقىدى . ئۇنى غېرىپ يوپۇقى بىلەن ياپتى ــ دە ، ئاش ۋاقتى بىلەن باقىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ مەھەللىدىن يىراقتىكى تۇپراقلىققا ئېلىپ مېڭىشتى . ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھازىدارى يوق ئىدى . جىنازا مەھەللىدىن ھەشەمەتسىز ، يېنىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆزىتىلدى . ناھايىتى ، جىنازا ئالدىدا باقىنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى يىغلامسىراپ ، بۆرىنىنى تارتىپ ، ئۆز گەۋدىسىنى باشقۇرالماي ، مۇدۇرۇپ ــ مۇدۇرۇپ كېتىپ باراتتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بولسا بەش ياشلىق سىڭلىسى پىلدىرلاپ ئەگىشىپ بارىدۇ . بۇ كىچىككىنە قىزنىڭ يۇمشاق چاچلىرى ئايلاپ تاغاق كۆرمەي پاخماق بولۇپ قالغان ، پۇتى يالاڭغىداق ، ناھايىتى ئۇچىسىدا ھەر رەڭلىك لاتىلار بىلەن يامالغان كىر ، يىرتىق كۆڭلىكى بار ئىدى . ئۇ كىچىككىنە قارا كۆزلىرىنى كۈچ بىلەن ئېچىپ ، بىر ئارقىسىغا ، بىر ئالدىغا مۆلدۈرلەپ قارايدۇ ، بىر يۈگۈرەيدۇ ، بىر توختاپ ئاكىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالىدۇ . ئۇنىڭ مونچاقتەك پارقىرىغان كۆزىدىن : « ئاپام قېنى ، ئەمدى دادامنى نەگە ئېلىپ بارىسىلەر ، بىز قانداق قىلىمىز ... » دېگەندەك مەنىلەر چېچىلاتتى . خۇددى شۇ ۋاقىتتا باقىنىڭ تۇمانلىق ۋە قاراڭغۇ ھاياتى ئېغىر كۆلەڭگە بولۇپ جىنازا ئۈستىدىن ئۆتەتتى . مەن ھەسرەت دەرياسىغا چۆمگەن

ھالدا بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ كېتىپ بارىمەن. مېنىڭمۇ بەش ياشلىق چاغدىكى تەجرىبىسىز يۈرىكىمدە ئانامدىن ئايرىلغان مۇنداق كۈنلەرنىڭ ئاچچىق دېغى قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۈرەكنى ئېزىدىغان تىترەتكۈچى مۇنداق ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەر ماڭا ھەممىدىن چوڭقۇرراق تەسىر بەخش ئەتتى.

مانا تۇپراقلىقتا يېتىپ كەلدۇق، بۇ يەردە بەختسىز ھاياتتىن خوشلاشقان مىڭلاپ ئادەملەرنى ئۆز قوينىغا ئالغان كونا تۇپراقلار دۇمچەك - دۇمچەك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھەممە قەبرە بىر خىل كۆرۈنۈشتە ئەمەس ئىدى. ھېمايىچىلىرىدىن ئايرىلغانلىرى ئويۇلغان ياكى ئېزىنىسى تۈگەپ كىچىككىنە دۇمچەك بولۇپ قالغان. بەزىلىرىنىڭ بولسا، ئۈستىگە تاش، ياغاچ، قوچقار مۈڭگۈزلىرى قويۇلغان، ئاندا - ساندا سالاسۇن بىلەن ئورالغان ۋە گۈمبەز قىلىپ قاتۇرۇلغان مۇتىۋەر قەبرىلەرمۇ كۆزگە چېلىقتى. يەنە يېڭىدىن توپا دۆۋىلەنگەن قەبرىلەر ئۈستىگە يوپۇرماقلىق شاخلار قادالغان ياكى ئۈستىگە گۈللەر تېرىلىپ سۇ قويۇپ قويۇلغانىدى. مانا شۇلارنىڭ ئارىسىدىن يېڭى توپا دۆۋىلەنگەن باقىنىڭ ئاددىي قەبرىسى ئورۇن ئالدى. كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقان قەبرىلەرنىڭ يەنە بىر سانى ئاشتى.

باقىنىڭ قەبرىسىگە مۈڭگۈز قويۇلمىدى ياكى گۈل تېرىلمىدى. ئۇنىڭ قەبرىسى تېخى ئەتىيازنىڭ يۇمشاق كوكاتلىرى بىلەن قاپلانمىغان يالىڭاچ مۇڭلۇق قەبرە بولۇپ قالدى.

1948 - يىل، غۇلجا.

# شەپقەت ھەمشىرىسى

## 1

يانۋار كۈنلىرى. پۈتۈن ئەتراپ ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن. سوغۇق ئادەمنى ھەرىدەك چېقىپ تۇرىدۇ. تۈگمەننىڭ نوسى ئۈستىدە ساڭگىلىشىپ تۇرغان چوكا مۇزلار ئادەتتىكى ئىقىمنى ئۆزگەرتىپ، ئەتراپىغا مەرۋايىتتەك يالتىراق تامچىلىرىنى سىپىپ تۇراتتى.

بىز تۈگمەننىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭگە كەلگەندە لەڭشالڭ بۇتخانىسى ئەتراپىغا ئورناشقان گومىنداڭنىڭ پوتەيلىرى ئاشكارا كۆرۈندى.

— ئەمدى تۈۋەنگە قاراپ يۈگۈرۈش كېرەك، — دېدى يېنىمدا كېلىۋاتقان يولدىشىم.

— توختا، ساناپ باقايلى، قانچە پوتەي ئىكەن، — دېگەنىدىم،

— ھەي، بەغەرەز نېمىكەنسەنا، مۇشۇ بۇرۇلۇشتىكى دۆڭ خەۋپلىك؛ دۈشمەنگە مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىسەن - دە، — دېيىشى ئارىلىقىدا «تاڭ»، «تۇڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ۋىڭىلداپ بىر ئوق ئۆتۈپ كەتتى. بىز تۈۋەنگە قاراپ يۈگۈردۇق.

تۈگمەننىڭ ئۈستىگى بويىدا ئىككى كىشى قولىياغلىق يۆيۈشۈپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ قىزلار ئىكەنلىكىنى يىراقتىن قاراپ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ناھايىتى يۈز قەدەم يېقىنلاشقان چاغدىلا ئاۋازىنىڭ زىللىقىدىن «ھە، بۇلار قىزلار ئىكەنغۇ» دېدۇق. ئۇلارنىڭ بېشىدا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن ئاق قولاقچا، ئۇچىسىدا قايرىم ياقىلىق قىسقا جۇۋا، پۇتىدا پىيما بار ئىدى. ئەسكىرىي فورمىدا، ئەرەنچە تىكىلگەن جۇۋا ئۇلارنىڭ گەۋدىسىگە ئانچە لايىق كەلمەي، چاققانلىقىنى يوشۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، تاسما بەلۋاغ بىلەن بېلىنى مەھكەم باغلاپ، پىيمىنىڭ قونجىنى قايرىپ ئېلىپ، يۈرۈش - تۇرۇشتا خېلى قولۇشۇپ ئىلىشقانىدى.

بىز ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، ئويماندىكى سازلىقنىڭ شىمالىغا ئورناشقان شتاپقا كىرىپ كەتتۇق. بۇ شتاپ پوزىتسىيەمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئەڭ چەتتە تۇرغان جاي بولۇپ، دۈشمەننىڭ لەڭشاڭ ئېگىزلىكىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن پوتەي ۋە ئاكوپلىرىغا قارشى مۇھىم ئورۇن ئىدى. ئىككىنچىدىن، بۇ شتاپ جايلاشقان قىسىملىرىمىزنىڭ پوزىتسىيەسىنى «يېڭى ھايات» مەھەللىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن يوللار غەربىتىكى دۈشمەن پوزىتسىيەسىدىن ئاجرىتىپ تۇراتتى. دۈشمەنلەر يولنىڭ ئۇ قانىتىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە پوتەي ياساپ، ئىستانوكلۇق پىلىموتلارنى ئورنىتىۋالغان. بۇ قاناتتا بولسا، دۈشمەنلەر تەرەپتىن كۆيدۈرۈپ ۋەيرانە قىلىنغان ئىمارەتلەرنىڭ تاملىرى ۋە ئاندا ـ ساندا ئوقتىن پاناھ قىلىپ تىزىلغان كېسەكلەر بىزنىڭ پوزىتسىيەمىزنىڭ چېكى ئىدى. بىز شتاپ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ بىرئاز سۆھبەت قىلغاندىن كېيىن، سۇ بويىدا ئۇچراتقان قىزلاردىن بىرى ئىشىكتىن رۇخسەت سوراپ كىرىپ كەلدى.

— مانا بۇ بىزنىڭ قىسىمنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل بولىدۇ. قىرىق كۈندىن بېرى بىز بىلەن بىرقانچە جەڭلەردە بولدى. يۈرەكلىك، ئىشچان قىزىمىز، — دەپ تونۇشتۇردى شتاپ باشلىقى.

— شۇنداق، بىز تونۇشقۇ، — دېدى مېنىڭ يولدىشىم. رىزۋان كۈلۈمسىرەپ:

— سىزغۇ بۇ يەرگە بىرقانچە قېتىم چىققان ئىدىڭىز. بۇ كىشىنىڭ بىرىنچى قېتىم كېلىشىغۇ دەيمەن، — دېدى.

— توغرا، — دېدىم مەن.

رىزۋانگۈل — قوي كۆزلۈك، قارا قاش، قاڭشا بۇرۇن، بۇغداي ئۆڭ، ئوتتۇرا بويلۇق، 19 ياشتىكى قىز ئىدى. ئۇ ئۆزىگە سەپداش بولۇۋاتقان، ئۇيغۇر قىزلىرى ئىچىدە تېتىكلىكى، پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلىكى بىلەن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى، باشقا قىزلارغا قارىغاندا ئۆزىگە ياراشقان تەمكىن يېقىملىق قىياپەتتە كىشىلەر بىلەن ئەركىن سۆزلىشەتتى. ئۇرۇش باشلانغىلى ئىككى ئايغا يېقىن بولۇپ قالدى. كۈن ساناپ پارتىزان شەك-

لىدىن ئىنتىزاملىق ئەسكىرىي قىسىملارغا ئايلىنىۋاتقان جەڭچىلىرىمىز كېچە ـ كۈندۈز تىنىماي مەشىق قىلىپ، ھەربىي قائىدە ۋە قورال ئىشلىتىش يوللىرىنى ئۈستۈن ھەۋەس بىلەن ئۆگەنمەكتە ئىدى. ئەنە، بىر بولۇڭدا بەش ئاتار مىلتىقنى بۇزۇپ، تۈزەپ ئۆگىنىۋاتقان بىر يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ دۈشمەندىن ئولجا ئالغان قوراللارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش يوللىرى توغرىسىدا سۆھبەت قىلىشتۇق. ھەممىمىز تىكىلىپ قاراپ تۇر- غانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ يىگىت مىلتىقنىڭ چاقمىقىنى ئورنىغا سېلىشتا تەمتىرەپ قالدى، رىزۋانگۈل مىلتىقنى قولىغا ئېلىپلا، ھېچقانداق تەمتىرەپ تۇرماستىن چاقماقنى ئورنىغا سېلىپ قويدى. يىگىت ئىزا تارتقىنىدىن قى- زىرىپ كەتتى.

رىزۋانگۈل بەش ئاتار مىلتىق، قول پىلىموت ۋە گىرانات ئېتىشنى، مىلتىقلارنى چۇۋۇپ، تۈزەشنى ئۆز ـ ئۆزىدىن ئۆگىنىۋالغانىدى. چۈنكى ئۇ قايتا جەڭلەردە بولۇشنى، ئەگەر بىرەر ئېغىر ۋەزىيەت ئىچىدە قالسا، دۈشمەن بىلەن ئاخىرقى تامچە قېنى قالغۇچە قوراللىق كۈرەششىنى ئويلايتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، رىزۋانگۈل ئىنقىلابنىڭ 6 ـ كۈنىلا بىرنەچچە دوستلىرى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى باش شىتابقا كېلىپ پىدايى بولۇپ ئالدىنقى سەپكە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پىدايىلارنى تىزىملاۋاتقان قارا- قاش يىگىت ھاكاۋۇرلۇق بىلەن:

— ھەي سىڭلىم، ئۇرۇش دېگەن قورچاق ئويىنى ياكى ئاغچايلام ئويىنى ئەمەس، بىلىپ قويۇڭ، بۇ جەڭ! — دېدى.

يىگىتنىڭ كۆرەڭلەپ قىلغان سۆزلىرى رىزۋانگۈلنىڭ ئىززەت نەپسىگە تەگدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇ يىگىتكە قاتتىق تېگىپ:

— چاپىنى بارغا مۇش ئاتسام، جۇۋىسى بارغا تور كەتتى، دېگەندەك مەن گومىنداڭغا قارشى مۇش ئاتاي دېسەم سىزگە تور كەتتىمۇ ـ نېمە؟! — دەپ ئۈستەلگە ئالقىنىنى قويۇپ ئۇنىڭ تىزىملاۋاتقان دەپتىرىگە قارىدى. زالدا پىدايىلىققا تىزىملىتىشقا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغۇچىلار ئارىسىدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇكامۇي ! ئۇرۇش دېگەن جان بىلەن ئوينىشىدۇ . بۇنداق ئىشقا بېلىنى چىڭ باغلىغان ئوغۇل بالا بولۇشى كېرەك . مەن سىلەرنى قىز دەپ ئاياپ گەپ قىلسام قايناپ كەتتىڭىزغۇ ! — دېدى يىگىت خىجالەت بولۇپ .

— پۈتۈن خەلقىمىز قوزغىلىپ كوچا - كوچىدا دەريادەك دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتىدۇ . بىز ئۆيىمىزدە شۇك ئولتۇرالامدۇق ؟ خەلق ئەر- كىنلىك ئۈچۈن « هۇررا » قىچقىرىپ جەڭگە كىرىۋاتسا ، بىز تاماشا كۆرۈپ تۇرساق ، مۇشۇ بەستىمىز بىلەن قورچاق ئوينىساق ، ئۇيات ئە- مەسمۇ ؟ بىز مۇنداق نومۇسنى كۆتۈرەلمەيمىز ! ئوغۇللار خەلقنىڭ بالىسى بولسا ، قىزلار خەلقنىڭ بالىسى ئەمەسمۇ ، ئۇلار دۈشمەنگە قارشى تۇرماس- لىقى كېرەكمۇ ؟! ياق ، قىزلارمۇ جەڭگە ئاتلىنىشى كېرەك ! سىزمۇ بۇنى بىلىپ قويۇڭ ! قېنى يېزىڭ بىزنى ! — دەپ ئۇنىڭغا تىكىلدى .

— جەڭدە سىلەرگە قىيىن بولارمىكىن دەيمەن - دە ، — دېدى يىگىت ، ئەتىمالىم سۆزىدە خېلى ئالدىراپ قالغان بولسا كېرەك ، ئىككى قولىقىنى كەينىگە قايرىپ باغلىۋالغان قولاقچىسىنى بېشىدىن ئالدى ، ئۇ- نىڭ پېشانىلىرىدا تەر تامچىلىرى كۆرۈنەتتى . ئۇ ، رىزۋانگۇلنىڭ تەلىپىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قىزلارنى شتاپ باشلىقىغا ئەۋەتتى ، باشلىقمۇ ئۇنىمىغانىدى . رىزۋانگۇل :

— دۈشمەن بىلەن ئەرك ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقانلار ۋەتەننىڭ ئوغۇللىرى بولسا ، بىز ۋەتەننىڭ قىزلىرى . قىزلار « قورال تۇتالمايدۇ » دەپ قايسى تارىختا كۆرسىتىپتۇ . بىزگە قورال بېرىلسۇن ! ھېچقانداق توختالغۇسىز ئالدىنقى لىنىيىگە بارىمىز ... — دەپ مۇراجىئەت قىلدى .

بەزىلەر رىزۋانگۇلگە دوستلىرى بىلەن ساقلىقنى ساقلاش ۋاقىتلىق نازارىتى گوسپىتالىدا خىزمەت قىلىشنى تەكلىپ قىلغانىدى .

رىزۋانگۇل :

— بىز دۈشمەنگە قارشى ھەقىقەتەن غەزەپكە كەلدۇق ، يولىمىزنى توسۇماڭلار ! فرونتتا قورال بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز ! — دېدى . ئۇنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزارغان ، غەزەپ بىلەن يانغان كۆزلىرىدىن

ياش تامچىلىرى ئەگىپ تۇراتتى. ئۇ، شۇ ھالدا دۈشمەنگە قارشى يېرىلىشقا تەييار تۇرغان بومبا ئىدى.

باشقىلار رىزۋانگۈلنىڭ ئاجايىپ جاسارەتلىك قىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ۋەتەنگە، خەلققە، ئازادلىققا بولغان مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى كۆردى. ئۇنى ئارقا سەپتە قالدۇرالمايدىغانلىقىنى سەزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جەڭ مەيدانلىرىغا شەپقەت ھەمشىرىسى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. رىزۋانگۈل جەڭ مەيدانلىرىدىكى ھەرقانداق مۇشەققەتلەرگە چاپسان كۆنۈپ، ئۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن بىر تۇغقاندەك بولۇپ كەتتى.

كۆيۈمچانلىقى ۋە ھېچنەرسىدىن ئىيمەنمەسلىكى ئۈچۈن جەڭچىلەر ئۇنى ئەڭ شەپقەتلىك، مېھرىبان ھەمشىرىمىز دەپ ھۆرمەت قىلاتتى.

## 2

1945 ـ يىل 13 ـ يانۋار. تاڭ بىلەن بىزنىڭ قىسىملىرىمىز دۈشمەن پوزىتسىيىلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى.

دۈشمەنلەردىن تارتىۋېلىنغان قوراللارنىڭ سانى خېلى كۆپەيگەن بولسىمۇ، پىيادە بولۇپ، سەپكە كىرىۋاتقانلارغا تېخى قورال تولۇق يېتىشمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پىيادىلار تۆمۈرچىلەرگە نەيزە ياسىتىپ چەنزىلەرنىڭ ئۇچىغا قادىۋېلىشقان، مىڭلاپ ـ مىڭلاپ نەيزىلىرىنى كۈندە يالتىرىتىپ، كوچىلاردىن ئۆتكەندە، ئۇلارغا ئەگەشكەن خەلق توپى كوچىلاردا دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ ئاقاتتى. پۈتۈن خەلق ئادەتتىكى شەخسىي تىرىكچىلىكنى ئۇنتۇتقان، ھەممىنىڭ پىكرى ـ خىيالى دۈشمەنگە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. جەڭ كۈنى مەيدانلاردا قىسىم ـ قىسىمغا بۆلۈنگەن قوراللىق جەڭچىلىرىمىز ئەتراپىدا نەيزە كۆتەرگەن پىيادىلار ۋە كالتەك، چوماق كۆتۈرۈپ چىققان يۈز مىڭلاپ خەلق دولقۇنى ئاقاتتى. قوراللىق قىسىملىرىمىز ھەربىي قائىدە بويىچە ھەرىكەتلىنەتتى. پىيادىلەر نەيزىچىلەرمۇ تەرتىپكە سېلىنغان. لېكىن كالتەك كۆتۈرۈپ يۈرگەن خەلق بولسا، ئۆز ئىختىيارىچە ھەرىكەتلىنىپ يۈرەتتى. گاھى چاغلاردا دۈشمەننىڭ ئەڭ دەھشەتلىك ئوت توچكىلىرىغا ئۆمۈلۈشۈپ باراتتى. مانا بۇگۈنكى

www.uyghurkitap.com



جەڭ كۈنىدىمۇ ھەرەمباغ ۋە لەگشاك ئەتراپىدا سان ـ ساناقسىز خەلق چۈقان سېلىپ يۈرەتتى .

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن چاغدا ، ئەڭ دەھشەتلىك جەڭ ھەرەمباغنىڭ غەربىي تۆپىلىكىدە باشلاندى . دۈشمەن بارلىق كۈچىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قارشىلىق قىلماقتا . يۈتۈن ئاكوپ ، بىلىنداژ ، پوتەيلەردىن تىنىمسىز ئوت ئاچماقتا . بىزنىڭ قوراللىق قىسىملىرىمىز ھەرەمباغ تەرەپتىكى زەرەتكارلىقتا قارغا كۆمۈلۈپ ئالغا سىلجىماقتا . تېخى شاھاجىنىڭ بېغىدىن تۆپىلىككە چىقمىغان جەڭچىلەر سېپى ئارىسىدا بىزمۇ فرونت ھەمشىرلىرى بىلەن بىللە تۇراتتۇق .

ــ قىسىملىرىمىز ئالدىنقى سېپى دۈشمەننىڭ ئەڭ خەۋپلىك پوتەيلىرى جايلاشقان تەرەپكە سىلجىپ كەتتى ، ــ دېگەنىدى بىرى .

رىزۋانگۈل ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ :

ــ بىزنىڭ ئەمدى بۇ يەردە تۇرغىنىمىزنىڭ ھېچ پايدىسى يوق . جەڭچىلىرىمىز ئارىسىدىن ئورۇن تېپىشىمىز كېرەك ، ــ دېدى . بۇ تەكلىپكە بەزىلىرى ئۇنىغان بولىسمۇ ، بەزى ھەمشىرىلەر ئۇنىماي قالدى . رىزۋانگۈل ئۆزىنىڭ سۆزىدە مەھكەم تۇردى . سومكىسىنى پۇلاڭلىتىپ باغدىن تۆپىلىكتىكى زەرەتكارلىققا چىقىپ كەتتى . 2 ـ ھەمشىرە بىلەن زەرەتكارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇنچە كىشى پاتقۇدەك ئويمانلىققا بېرىپ جايلاشتى . ئۇنىڭ ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن يانغان ياش يۈرىكى قەھرىمان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ پەدىسىدە تېپەتتى . ئۇ تەۋرەپ كەتكەن خەلقنىڭ ئۇيستۇن روھىنى ، ئەركىنلىك ئۈچۈن پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان جەڭگىنى كۆرۈپ مەغرۇرلىناتتى . مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭىدۇ ، دېگەندەك ئۆز ۋەتىنىگە ، خەلقىغە بولغان مۇھەببىتى ئالدىدا رىزۋانگۈلگە ئۆلۈم ناھايىتى ئاددىي نەرسە كۆرۈنەتتى . ئۆلۈم ئۇنىڭ يادىغىمۇ كەلمەيتتى . ئۇ جەڭگىلەردە ئەڭ خەۋپلىك يەرلەرگە ناھايىتى قىزغىن ۋە قەھرىمانلارچە يۈگۈرۈپ باراتتى . قەلبىدە مۇھەببەت بىلەن نەپرەت قايناپ تاشاتتى . مۇھەببىتى ئەلگە ، ۋەتەنگە ، نەپرىتى دۈشمەنگە ئىدى . مۇشۇ كۈچ ئۇنى ئالغا ئىنتىلدۈرەتتى ، باشلايتتى . جەڭ ناھايىتى دەھشەتلىك تۈس ئالدى .

ھەر ئىككى تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ـ پىلىموت ئوقلىرىنىڭ ۋە گىرانـاتلارنىڭ ئاۋازلىرى قۇلاق، مېڭىنى يەپ تۇراتتى. ھەربىر قەبرىنىڭ دۆۋىلەنگەن توپىلىرى جەڭچىلىرىمىزگە ئوقتىن ساقلىنىشقا پاناھ بولماقتا. پىلىموت ئوقلىرى بولسا، قەبرىلەر ئۈستىدىكى قارلارنى ۋىژىلدىتىپ ئۇچۇراتتى.

— دۈشمەننىڭ بىلىنداژلىرىغا يېقىن بېرىپ قالغان ئىككى ـ ئۈچ جەڭچىگە ئوق تەگدى. — دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان، رىزۋانگۈل ئالغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئۇنى كۆرگەن ھەر بىر جەڭچى:

— توختاڭ !!

— توختاڭ رىزۋان!

— ئۆرە ماڭما ھوي، سىڭلىم! — دەپ ۋارقىراشتى.

رىزۋانگۈلنىڭ قۇلىقىغا كىشىلەرنىڭ ۋە ئوقلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىدا پەقەت « جەڭچىگە ئوق تەگدى » دېگەن بىرلا قايغۇلۇق ئاۋاز شۇۋىرلايتتى. مانا شۇنىڭغا ياردەم قىلىش كېرەك. ئۇ، مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوق ئاستىدا كۈچىنىڭ بېرىچە ئۆرە يۈگۈرۈپ كېتىپ باراتتى. چېكىڭ باغلىغان تاسما بەلۋېغىغا يوغان قاچا قىستۇرۇۋالغان. قولىدا بولسا داكا ۋە پاختا سېلىنغان سومكا پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

ئۇ يارىدار بولغان ئىككى جەڭچىنىڭ يارىسىنى تېڭىپ، ئارقا سەپكە ئەۋەتكەندىن كېيىنلا ۋىزۋود كوماندىرى ئەلى خەۋپلىك يەردە بېشىدىن يارىلىنىپ يىقىلدى. رىزۋانگۈل ئۇنى كۆردى ـ دە، شۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. كوماندىر دۈشمەننىڭ پىلىمونت ئوقى ئۈچ تەرەپتىن قايچا ئۆتتۈشۈپ تۇرىدىغان خەتەرلىك جايدىن ئون قەدەمچە نېرىدا تۇرغان ئەسكى تامغا يېتىۋېلىشقا يۈگۈرگەندە ئوق تەگكەندى. شۇ چاغدا رىزۋانگۈل يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى ـ دە، ئۇنى ئۆزى نىشانلىغان چولاق تامغا سۆرىدى. ئۇشقىتىپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلار رىزۋانگۈل بىلەن يارىدارنىڭ ئەتراپىدىكى قارلارنى ئۇچرىتىپ تۇراتتى. لېكىن مەرد رىزۋانگۈل ئوقلارنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرۈۋاتقان ئۆلۈم خەۋپلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ھېسابلاشمايتتى. ئۇ، كۆزلىگەن ئون قەدەمدىكى چولاق تامغا يارىدارنى يەتكۈزۈپ بېشىنى تاڭدى ۋە ئاغزى - بۇرنىنى سۈرتۈپ ھوشىغا كەلتۈردى.

كوماندىر ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلدى.

جەڭچىلەر دۈشمەننىڭ دەھشەتلىك قارشىلىقىنى سۇندۇرۇپ ئىلگىرى كېتىپ باراتتى. خەۋپلىك جايدا يەنە بىر جەڭچى يارىدار بولدى. رىزۋانگۈل ئەمدى ئارقىغا قاراپ يارىدار جەڭچىگە يۈگۈرگەنىدى، دۈشمەننىڭ ئوقى كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى.

— ئاھ رىزۋانگۈل! — يۈگۈرگەنىدى دوستلىرىدىن بىرى، يۈرەكتىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىققان بۇ ئاۋاز شەپقەت ھەمشىرىلەر ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى چۆچۈتىۋەتتى. ھەممىمىز ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاشتۇق. رىزۋانگۈل كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ، چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يۈزىدىن ئەگىپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان قىپقىزىل قان ۋە تال - تال بولۇپ يۈزىگە چېپىلغان قارا چاچلىرى ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىر سۈر پەيدا قىلغانىدى. ئۇنىڭ بېشى داكا بىلەن مەھكەم تېڭىلىپ گوسپىتالغا ئەۋەتىلدى. ئۇزىتىپ قالغۇچىلار بولسا، ئېچىنىشلىق چوڭقۇر ھەسرەت ئىچىدە ئۆرە تۇرۇپ قالدى.

شۇ كۈنى ئازادلىق ئۈچۈن بولغان قايناق جەڭلەردە شەپقەت ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ يەنە بىرى — رازىيەمۇ ئېغىر يارىدار بولدى.

شەپقەت ھەمشىرىلىرىمىزمۇ خەلقنىڭ ئەركى ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى كۈرەش مەيدانىدا شېھىت بولغان ۋەتەننىڭ قەھرىمان ئېزىز پەرزەنتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

1948 - يىل، نويابىر.

# مۇئەللىمنىڭ خېتى

مۇئەللىم كونۋېرت ئۈستىگە «بۇ خەت غۇلجا شەھرىدە تۇرۇشلۇق ئانام چىمەنخانغا تەگسۇن»، تۆۋىنىگە «ئۈرۈمچى شەھرىدىكى ئوغلىڭىز روزىدىن» دەپ يازدى. ئەمدى يېزىلغان بۇ سالام خەتنى ئانىسىغا قانداق قىلىپ ئەۋەتىشنىڭ چارىسىنى ئويلاپ، ئۇ چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەنىدى.

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا مايلىشىپ قارىداپ كەتكەن بىر ئۈستەل تۇرىدۇ. بۇ ئىشلەش ھەم تاماق يېيىش ئۈستىلى. كېچىسى بولسا، يېتىش ئۈچۈن كارىۋاتنىڭمۇ خىزمىتىنى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈستەلگە يېيىلغان جاپاكەش كۆپە، ياستۇق ۋە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان كىتاب، دەپتەر، قەغەزلەر كىرلىشىپ يىرگىنىشلىك تۈس ئالغانىدى. ئۆينىڭ تام تورۇسلىرىدا ساڭگىلىشىپ تۇرغان ئۆمۈچۈك تورلىرى ئىسلىشىپ، قارا رەڭگە بويالغان. ئۈستەل يېنىدا سوگى يەنچىلىپ كەتكەن ئەسكى شىرەۋەكتىن باشقا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەللىمنىڭ ياستۇقى ئاستىغا جايلىشىپ كەتكەن. پەنجىرىنىڭ ئويۇقىدا ئىسلىشىپ كەتكەن كۈرۈشكا بىلەن بىر دانە قارا ھېجىر تۇرىدۇ. ئىشىكنىڭ يېنىدىكى تۆۋى كەڭ، جۈمىكى ئۈزۈن بىر چۆگۈن چاي دەملەش ئۈچۈن ھەم يۈز يۇيۇش ئۈچۈن كېرەك بولۇپ تۇراتتى. يەنە ئاغزى ماكچىيىپ كەتكەن بىر ئەسكى چامداننى ئېتىۋارغا ئالساق، بۇ ئۆيدىكى ھەممە جابدۇقنى ساناپ تۈگەتكەن بولىمىز.

چامغۇرغا ئورنىتىپ قويغان شامنىڭ پوتلىسى ئۆسۈپ ئىسلاشقان بۇ زەي ئۆينىڭ ئىچى بارغانسېرى قاراڭغۇلاشماقتا.

پەرۋانىلەر شامنىڭ پىلىلدىغان كۈچسىز نۇرىنى سىلكىتىپ مۇئەللىمنىڭ خىيالىنى تېخىمۇ تۇمانلاشتۇراتتى.

كوچا تېخىمۇ قاراڭغۇ. ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ ئاسمىنىدا يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ. گويا شەھەر تا ئاسمانغىچە كۆمۈرگە ئايلىنىپ قاپقارا بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قېتىپ قالغان، ئەل قاتتىق ئۇيقۇغا چۆمۈپ، پۈتۈن ئەتراپتا ئۆلۈم جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. ناھايىتى بۇ سۈرلۈك كېچىنىڭ تىنچلىقىنى قەيەردىندۇر، يىراق يەرلەردىن ئاڭلىنىۋاتقان كۆكەمە ئىتلارنىڭ ئاچچىق قاۋاشلىرى ۋە پەنجىرىدىكى قاتتىق نان پارچىلىرىنى غاجاۋاتقان چاشقانلارنىڭ كىترلاشلىرى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۆينىڭ قاراڭغۇلىشىشى بىلەن مۇئەللىمنىڭ ھەرىكەتسىز جىم بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن چۈچۈنلەر ئۆمۈلىشىپ، بۇرگىلەر بولسا سەكرىشىپ ئۇنىڭ قېنىنى شوراشقا كىرىشتى. لېكىن مۇئەللىم بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى سەزمەيدۇ. ئۇ مەيدىسىنى ياستۇققا قويۇپ، بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا قويغان ھالدا جەينىكىنىڭ ئاغرىشىنىمۇ تۇيماستىن دۇم ياتىدۇ.

چەتتىن قارىغان كىشى ئۇنىڭ ئۇيقۇدا ئىكەنلىكىنى ياكى ئويغاقلىقىنى پەرق قىلالمايتتى.

— روزى، روزى، ھەي روزەم!

پەنجىرىدىن كىرىۋاتقان تۇيۇقسىز ئاۋاز مۇئەللىمنى سەسكەندۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ چىگىش كىرىپ كەتكەن خىياللىرى دەھشەتلىك بىر قورقۇنۇچقا ئورۇن بېرىپ قەيەرلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتەردى ـ دە، بىر نۇقتىغا قاراپ بەزگەك كىشىدەك تىترەشكە باشلىدى. چۈنكى، مۇشۇ ھالەتتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جاللات شىبڭ شىسەينىڭ خەلققە كۆرسىتىۋاتقان دەھشەتلىك قانلىق كارتىنىلىرى ئۆتۈشكە باشلىغانىدى:

مىڭلاپ ـ مىڭلاپ كىشىلەر تۇيۇقسىزلا كۆك ماشىنىغا چۈشۈپ غايىپ بولاتتى. ئۇلار نېمە گۇناھ قىلدى ۋە نەگە ئېلىپ كېتىلدى؟ ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن تۈرمىلەردە بولۇۋاتقان ھاقارەت، زورلۇق، زۇلۇم، ۋەھشىيلەرچە قىيناشلار، ئادەم سويىدىغان قۇشخانىلاردا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قانلىق پاجىئەلىرىدىنمۇ نەچچە ھەسسە دەھشەتلىكرەك قىيناپ ئۆلتۈرۈشلەرنى سېزەتتى. مۇئەللىمنىڭ بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىنىڭ تولىسى بىر كېچىدىلا كۆك ماشىنىغا چۈشۈپ يوقاپ كەتكەنىدى. ئەنە ئۇلارنىڭ بىرىنى ئادەم ئوغرىلىرى بېشىنى چۆمكەپ ھايۋاندەك يېتىلەپ

كېتىپ بارىدۇ. ئۇنى بۇگۈن سويسا كېرەك.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا: قارنى يېرىلغان، باشلىرى مىجىلغان ياكى يۇرەكلىرى سۇغۇرۇپ ئېلىنىپ، تىللىرى كېسىلگەن گەۋدىلەرنىڭ قانغا مىلىنىپ يېتىشلىرى، ئۆزىنىڭ تىرىك كۆمۈلىدىغان ئورىسىنى كولاۋاتقان بىچارە مەھبۇسلارنىڭ ھالسىز ھەسرەتلىك قىياپەتلىرى، تاغ ئارىسىدا قاغجىراپ ياتقان ئادەم بېشىنىڭ قۇرۇق سۆڭەكلىرى قاتار تىزىلىپ كەلدى.

مۇئەللىم ئادەم قاساپلىرىنىڭ بۈگۈن چولىسى تېگىپ بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا جەزمەن ئىشەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۇلۇغ، كىچىك بىر تىنىدى ـ دە، ئالدىراشلىق بىلەن قالايمىقان كىيىنىشكە باشلىدى.

ــ ھەي، روزى، روزى بارمۇ سەن ئۆزۈڭ !؟

ــ مەن، مەن ... مانا ھازىر، ــ دېدى مۇئەللىم ھودۇقۇپ، ــ خاپا بولماڭلار ... چاپىنىمنى ... ــ ئۇنىڭ ھاسىرىغان ئاۋازى پەنجىرىدىن ھويلىغا ئاشكارە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ــ قورقما ھەي روزىم ! مەن سادىق. ئىشىكنى ئاچ ! ــ مۇئەللىم روزى ئۆزىنى تامام دەھشەت ئوراپ ئالغانلىقىنى ئەمدى سەزدى. پېشانىسىدىن بۇرۇلداپ چىققان تەرنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ:

ــ ۋاي خۇمپەر ! كېچىدە كېلىپ ئادەمنى شۇنچىمۇ قورقۇتامسەن، ــ دېدى ـ دە، ئىشىكنى ئاچتى. ھازىر ئۆيگە كىرگەن مېھماننى دەررۇ قاراشتا مۇئەللىمنىڭ دوستى سادىق دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇنىڭ بالدۇرقى ئاق دومىلاق يۈزى قارايغان، كۆزلىرى ئىچكىرى كىرىپ، چوڭقۇر چاناق ئىچىدە پىلدىرلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى كېلىشكەن گەۋدىسىمۇ ۋىجىكلەپ قالغانىدەك بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇگۇپ، يىرتىلىپ كەتكەن كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۇنىڭ ھازىرقى قىياپىتىنى تېخىمۇ سەت كۆرسەتتى. سادىق ئۇشىنىسىدىكى توپا باسقان بوپىسىنى پەنجىرە تۈۋىگە قويۇپ ئولتۇردى ـ دە، روزىنىڭ ياتقىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ:

www.uyghurkitap.com

— بەللى ئاداش، سەن مەندىنمۇ ۋەيرانە ئىكەنسەن. ئوقۇتقۇچىنىڭ تۇتقان ئۆيى شۇنداق پاسكىنا بولامدۇ؟

— خاتىرجەمسىز ھاياتتا قولۇڭ قانداق ئىشقا باردۇ ئاداش. كۆڭۈللۈك ئۆي تۇتۇش ئۈچۈن، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كېرەك، — دەپ روزى شامنىڭ پوتلىسىدىن قارايغان قولىغا تۇكۇردى.

— ھازىرقى روھىي چۈشكۈنلۈك، ئەندىشىلىك ئەھۋالىمىزدا بۇ سۆزنى قىلىشقا ھەقلىقسەن. ئەمما ئوقۇتقۇچى بولغان كىشىنىڭ ئۆزىنى تۇتالماسلىقى، بىپەرۋالىقى ئوسال ئىش.

— پەلسەپە ساتمىساڭچۇ. ھويلىغا نەدىن كىردىڭ؟ — دېدى روزى سادىقنىڭ گېپىنى كېسىپ.

— ۋارقىراپ-ۋارقىراپ ئاڭلىتالماي، ئاخىر تامدىن چۈشتۈم.

— ئوغرىلىقنىمۇ ئۆگىنىپسەن-دە؟

— ئەھۋال مۇشۇنداق بولسا ھەر نېمە بولىمىز-دە، — دېدى سادىق بېشىنى لىڭشىتىپ. ئۇ غەزەپلىنىپ مۇشتىنى تىزىغا ئۇرۇپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ گومىنداڭچىلارنىڭ پەيلى مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بىزنى بەخت-سائادەتكە، مەدەنىيەتكە ئېلىپ بارىمىز دېگەنلىكى مەلۇم بولدى. خەلق ئاچ-يالىڭاچ قېلىپ خورلۇق، گادايلىق، نادانلىق ئاپەتلىرىگە ئۇچرىدى. خەلقنى مەدەنىيەتكە باشلايدىغان مۇئەللىملەرنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇنداق. بەخت-سائادەتنىڭ جايى زىندان بولدى. تەقىپ قىلىش، چېقىمچىلىق، مۇتتەھەملىك، خىيانەت، تۆھمەت، ئوغرىلىقلار ئۇچىغا چىقتى. تېخى بۇ گېزەندىلەر ئۇيالماستىن ئۈچ ۋىلايەتتە زۇلۇمغا، ھوقۇقسىزلىققا قارشى قوزغالغانلارنى ئوغرىلار دەپ تەشۋىقات قىلىۋاتىدۇ. ئۆز ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەشكۈچىلەر ئوغرى بولسا، خەلقنى بۇلاپ-تالىغۇچىلارغا، ھوقۇقىنى ئاياق-ئاستى قىلغۇچىلارغا، نېمە دەپ نام بېرىشكە بولىدۇ. مانا بۇ تالاش ئۈستىدىن ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچىلار گومىنداڭچىلارنى ئوغرى دەپ، ئازادلىقنى تەلەپ قىلغۇچىلارنى توغرى دەيدۇ. ھە، روزى، مانا قارا، ئەگەر بىزمۇ ئازادلىقنى خالايدىكەنمىز، مۇنداق بۇلۇڭ-پۇشقاقتا ئېسىلىشىپ كىرگە،

ئەخلەتكە چۆكۈپ ياتقۇچە ئۈچ ۋىلايەتتە باشلانغان كۈرەشنىڭ ماھىيە-تىنى خەلققە چۈشەندۈرۈپ، خەلق ئازادلىقى يولىدا قولىمىزدىن كەلگەن ياردىمىمىزنى كۆرسىتىشىمىز كېرەك.
— توغرا ئېيتتىڭ سادىق، ئەلۋەتتە مۇنداق پەيتتە بىز جەڭگە كىرەلمەي قالغان بولساقمۇ، بۇ يەردىكى خەلققە كىم ئوغرى، كىم توغرى، يەنى دوست كىم، دۈشمەن كىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش بىزنىڭ ئۆستىمىزدىكى قەرز، — ئىككى مۇئەللىم خېلى ۋاقىتقىچە سۆزسىز جىم ئولتۇرۇشۇپ قالدى.
روزى بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، سادىققا بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ، يەنە توختاپ قالدى. نېمشقا ئۇ كۆڭلىگە كەلگەن سۆزنى دوستىغا ئېيتالمىدى. چۈنكى روزى ناھايىتى ئېھتىياتچانىدى. ئىككىنچىدىن، بۇ ۋاقىتتا كىشىلەر بىر-بىرىگە ئانچە ئىشەنمەس بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، روزى ئۆرۈمچىدىكى ياشلار ئىچىدە گومىنداڭغا قارشى بولۇۋاتـ-قان مەخپىي ھەرىكەتنى سادىققا تامامەن سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىمۇ بۇ ھەرىكەتكە تارتىشتىن ئېھتىيات قىلدى. «كىم بىلىدۇ، بىرقانچە ۋاقىتتىن بېرى سادىق قەيەردە، كىملەر بىلەن بولدى، بىر بىرىنى تۇتۇپ بېرىدىغانلار ئازمۇ ھازىر...» دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن روزىنىڭ سادىق توغرىسىدىكى مۇنداق گۇمانلىق ئويلىرى توغرا ئەمەس ئىدى.
سادىق كۈلۈمسىرەپ:
— ھە، بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالدىڭغۇ؟ سۆزلە قورقۇنچاق، — دەپ روزىغا قارىدى.
— قويساڭچۇ سادىق! — دېدى روزى بىرنەرسىدىن يىرگەنگەنـ-دەك چىرايىنى تۈرۈپ، — ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى قانداق ئاداش؟
— نېمىنى سورايسەن، جاۋ يۈتىڭدا سەندوبادىكى مەكتەپكە شياۋجاڭلىققا سايلانىدىڭ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ چىققىنىمدا سىلەر «مانا سادىق مۇدىر بوپتۇ، بىز بولساق مۇئەللىم، بەختىڭ بار ئىكەن، بەختىڭ» دېيىشىپ مېنى تەبرىكلىشىپ قالدىڭلار. مەن سىلەر بىلەن خۇشال خۇشلىشىپ هارۋا ئىزدەپ دەل - دەڭگە يۈگۈرۈپ كەتتىم. ئاخىر

بىر ئۆلەرمەن كالا ھارۋىسىنى تېپىپ، شۇنىڭ بىلەن يولغا چىقىپ، ئۈچ كۈن دېگەندە ئەتراپى سازلىق، قومۇشلۇق بىر جاڭگال يېزىغا چىقتىم. شيەنجېڭفۇدىكى بورىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان زەي بىر تاشلاندۇق ئۆيدە بەش كۈن قوندۇق. چىلە پۇراپ تۇرىدىغان سېسىقچىلىقتا پاشىنىڭ دەستىدە قېنىپقىنا بىر دەم ئۇخلىيالمىدىم. بەش كۈن ئىچىدە ھېچكىم مەن بىلەن تۈزۈك گەپلەشمىدى، ياكى قىلىدىغان ئىشىمغا ئەۋەتمىدى. توغرىسى، مەن بۇ يەرگە ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسى بىلەن چىقتىممۇ ياكى مەھبۇس بولۇپ پالاندىممۇ ئۆزۈم ئاجرىتالمىدىم. ئېسىت، بىر نەچچە يىل ئوقۇغۇنۇم نەگە كەتتى. يىراق يەرلەردىن كېلىپ ئوقۇغۇنۇمغا مىڭ پۇشايمان قىلدىم. ئاخىر چىدالمىغىنىمدىن كېيىن، «سولساڭ بىراق سولا، ياتارمەن» دېدىم ـ دە، باتۇرلۇق قىلىپ شيەنجاڭنىڭ ئالدىغا توپ ـ توغرا كىرىپ باردىم. شيەنجاڭ بىر قولىدا تاماكا، بىر قولىدا چاي قويۇلغان ئىستاكاننىڭ ئۈستىدىن تۇتۇپ ئالدىدىكى قەغەزگە قاراپ ئولتۇرۇپتىكەن. ماڭا بويىنىنى بۇراپ گەپ قىلماستىن قاراپ تۇردى. مەن ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ھېچنەرسە ئۇقالمىدىم ـ دە:

ـــ شيەنجاڭ جانابلىرى، مەن نېمە ئىش قىلىمەن؟ ئالتە كۈن بولدى، زېرىكىپ ياتىمەنغۇ، ـــ دېدىم ـ دە، قىزىرىپ تىترەپ كەتتىم. ئۇ بىپەرۋالىق بىلەن ھېجىيىپ ئازراق ئويلىۋالغاندىن كېيىن:

ـــ بۇ يەردە ھازىر ئۇيغۇر مەكتىپى يوق. سەن خاتا چىقىپ قاپسەن، ـــ دېدى؛

ـــ ئانداق بولسا مەن قايتىپ كېتەيمۇ؟ ـــ دېگەنىدىم، شيەنجاڭ مەندىن شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا كېرەك، ئەتىمالىم:

ـــ مۇمكىن. سەن ئىشلىيەلمەيدىكەنمەن دەپ بىر پارچە ئەرز يېزىپ بېرىپ ئاندىن كەتسەڭ بولىدۇ، ـــ دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ. كېيىن قولىدىكى تاماكىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى چېكىۋېتىپ، ئىستاكاندىكى چاينى سۈمۈرۈپ جىم بولۇپ قالدى. شۇ كۈنىلا ئەرز يېزىپ تاپشۇردۇم. شيەنجاڭ مەندىن قۇتۇلغانغا خوش، مەنمۇ ئىگىسىز ئىتتەك كەچكىچە زەي يەردە زېرىكىپ ئاچ يېتىشتىن قۇتۇلغىنىمغا خوش. شۇ

كۈنى كەچ كىرگەنگە قارىماي بوپامنى دۈمبەمگە ئارتىپ، پىيادە يولغا چۈشتۈم. مانا بۈگۈن ئۈرۈمچى شەھىرىگە كەلگىلى ئۈچ ئاي بولدى...

— ئۈچ ئايدىن بېرى نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— سايۋاقتا كېلىپ كېسەك قۇيدۇم.

— زېمىي يەرگە كىرىۋېلىپ، سازاگدەك بىكار ياتقاندىن كۆرە، ئەمگەك قىلىش قانداق ياخشى. قورساقمۇ تويىدۇ، تەنمۇ چېنىقىدۇ. — ھە مۇدىر، ئىش شۇنداق دېگىن.

— مەنغۇ سىغەننى تۇمشۇقۇمنى تىرەپ يۈرۈپ تۈگەتكەنىدىم. ئاخىر مۇئەللىم بولالماي قالدىم. سەن ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، — دەپ سورىدى سادىق.

— مېنىڭ مۇئەللىملىكىم سېنىڭ تەمتىرەپ يۈرۈشۈڭدىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ، بۇ ئەھۋاللارنى ئاتا - ئانىمىزدىن يوشۇرۇپ قېلىشقا ئانچە ئورۇنتىمۇ قالمىدى ئاداش، — دەپ روزى مۇلايىم بىر قىياپەتتە ياستۇق ئاستىدىكى خەتنى ئېلىپ سادىققا ئۇزاتتى. سادىق ئوقۇشقا كىرىشكەن خەتتە مۇنداق سۆزلەر يېزىلغانىدى:

« سېغىنىشلىق سالام خەت:

مېھرىبانىم ئاتا! غەم - قايغۇلار ئىچىدە قالغان دەردلىك ئوغلۇڭ روزىدىن سالام!

جېنىم ئاتا! ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ. سەن كەچ كۈزنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى مېنى يۇيۇندۇرۇپ، چىرايلىق كىيىندۈردۈڭ. گۈللەپ تىككەن جىلتىنى بويىنۇمغا ئېسىپ قويدۇڭ، ئانىلىق مېھرىڭنى چېچىپ يۇمشاق قولۇڭ بىلەن بۇدرە چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ « مېنىڭ ئوغلۇم بۈگۈندىن تارتىپ، بەخت يولىغا كىرىدۇ. يۈز قارا كۆزۈم، مەن سېنى بەخت ئۆيىگە تاپشۇرىمەن » دەپ مەھەللىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردىڭ. مەن شۇ كۈندىن تارتىپ ئوقۇشقا كىرىشتىم. مانا بۇ يىل توپ - توغرا ئون ئۈچ يىل ئوقۇدۇم.

قارىغىنا! مېھرىبان ئاتا چىرايىمغا. مەنمۇ بۇرۇن ئالدىڭدىكى

بالاڭغا ئوخشاش بۇدرۇققىنا، قىزىل يۇزلۇك ئوغلۇڭ روزى ئەمەسمىدىم.
شۇنداق، مەن شۇ روزى. بىراق هازىرقى هوقۇقسىزلىق، ئەندىشىلىك
هاياتىمدا يىگىرمە ئىككى ياشلىق روزىنىڭ سەن سىلىغان قارا بۇدرە چاچ-
لىرى ئاقاردى. چىرايلىرى ساغىرىپ پېشانىسىغا سىزىقلار تارتىلدى.

جېنىم ئانا! باراۋەر هوقۇققا ئىگە بولغان جايلاردىكى ئوقۇمۇشلۇق
كىشىلەرنىڭ بەختلىك هاياتىنى كۆرۈپ، «يۈرەك پارەم ئوغلۇمنى ئوقۇت-
سام، بەختلىك بولار» دېگەن شېرىن ئارزۇلار بىلەن بار ـ يوقۇڭغا
قارىماي مېنى ئوقۇتقانىدىڭ. لېكىن مەن بەختسىز بولۇپ چىقتىم. خا-
تىرجەم ئەمەسمەن. هەتتا ئۆزۈمنىڭ سايىسىدىن ئۆزۈم قورقىدىغان بولۇپ
قالدىم. هەر كۈنى چۈشۈمدە زىندان، ئۆلۈم، زۇلۇم كۆرىمەن، شۇنىڭ
ئۈچۈن بۇرنۇمغا هەمىشە قان پۇرىقى كېلىدۇ، يۈرۈكۈم سىقىلىدۇ... ياق،
مەن تۇغۇلغاندا مۇنداق بەختسىز، بىئارام ئەمەس ئىدىم... كېلىچىكىم-
نىڭمۇ بەختسىز ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمەن. ئانا، ئوغلۇڭنى هازىرچە
بەختسىز قىلغان ۋە ئۆز خەلقىغە مۇئەللىمنى رودو، سەت قىلىپ كۆر-
سەتكەن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ياخشى چۈشەندىم. ئۇ ـ تەڭسىز
جەمئىيەت، ئۇ ـ ئىستىبدات هاكىمىيەت. ئانا، سىلەر ئىلىدا تۇرۇپ
كۈلۈۋاتىسىلەر! بىزنىمۇ سېغىنغانسىلەر؟ خۇشاللىقىڭلارغا، بەختىڭلارغا
بىزنىمۇ شېرىك قىلغۇڭلار كېلىدىغاندۇ؛ سىلەرگىمۇ مۇئەللىم كېرەكتۇر.
مەن ياخشى بىلىمەن، ئەلۋەتتە كېرەك. ئۆز بالىسىدىن، ئۆز ئانىسىدىن،
خەلقىدىن، ۋەتىنىدىن كېچىدىغان كىشىلەر سېنىڭ بىلەن بىز ئەمەس.
مېھرىبان ئانا! ئوغلۇڭ بۇنىڭدىن ئۆزگەردىمىكىن دەپ هەرگىز گۇمان
قىلما. مەنمۇ ئازادلىق يولىدا، بەخت يولىدا كۆرەشكە تەييار!

1945 ـ يىل، ئاۋغۇست

# كۆچۈككە ھۇجۇم

1946 ـ يىلى، كەچكۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۈرۈمچى ئاسمىنىنىڭ قاپقى تۈرۈلگەن، چىرايى سۈرۈن بولۇپ تۇراتتى. كوچىلاردا يۈرۈش ـ تۇرۇشمۇ شۇنداقلا كۆڭۈلسىز بولۇپ تۇرغان بىر پەيتتە، نەنگۇەن كوچىسىدىكى ئاشپۇزۇلدىن خوتۇنى بىلەن بىر ھەربىي ئادەم چىقتى. ئېرى ئېگىزرەك، خوتۇنى بولسا پاكارراق ئىدى. بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز پەقەت شۇلا. ھەربىي كىشىنىڭ ئىسمىنى بىز بىلمەيمىز، ئەمما ئۇنىڭ مۈرىسىدە چاپراس تاسمىسى، ساغۇچ، يېڭى ھەربىي كىيىمى بولۇپ، بەلۋېغىنىڭ ئالدى ئوڭ تەرىپىدە يالتىراق قاپلىق تاپانچىسى ئېسىقلىق ئىدى. ئۇنىڭ ياقىسىدا قانداقتۇر ھەربىي ئۇنۋانىنىڭ بەلگىلىرى تۇراتتى. بۇ قىياپەتتىكى كىشىنى كۆرگەنلەر، ھە، ئەلۋەتتە، بۇ خېلى چوڭ ئوفىتسېر ئىكەنغۇ، دەپلا قويۇشاتتى. ئۇ ۋىزۋۇت كوماندىرىمۇ، روتا كوماندىرىمۇ، ياكى كىچىكرەكمۇ، كاپىتانمۇ، بەلكى پولك كوماندىرىمۇ، ئۇنى سۈرۈشتۈرگىلى بولامدۇ؟ ئەگەر سىزنىڭ ئېتىڭىز نېمە، نېمە خىزمەت قىلىسىز؟ دەپ سورىساق، بىزگە ئېيتىپ بېرەتتىمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئىشتىن ھەزەر قىلىش كېرەك. بولمىسا سەن سوراپ باققىنا قېنى؟ ئۇنىڭ يۈزى سۈرۈنلىشىپ، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ كېتىدۇ ۋە ئاغزىدىن زەھەردەك ئاچچىق سۆزلەر چىقىپ، چېچىلىپ تۆكۈلۈۋەتسە، يۈرۈك ئېچىشىپ كېتىدۇ. ھەتتا چىدىمىغىنىدىن ئۆزىمۇ ئورنىدا تۇرۇپ ئۈچ قېتىم سەكرەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان شېرىكلىرىنىڭ شۇنداق كۆڭۈلگە تەگكۈدەك ئالاقە قىلغانلىقى بىزگە ناھايىتى ئوچۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىمىز ـ دە...

مانا مۇنداق ئادەملەرنى بىز سەپرا مىجەز ياكى كۆكەمە دەيمىز. مۇنداق ھەربىي كىشىلەر خېلى كۆپىيىپ قالغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىچە «خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى ھىمايە قىلىمىز» دېيىشىپ يۈرىدۇ. لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلق ھەقىقىي ئەركىنلىك توغرىسىدا ئۇلاردىن بىر نەرسە سوراپ قالسا، ھېلىقىدەك سەپرايى ئۆرلەيدۇ ـ دە، پىلىموتلىرىنى سۆرەپ چىقىدۇ. گويا قورالسىز، قويدەك ياۋاش خەلق ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغىلى كەلگەنمىش. ھەقىقەتەن ئۆلكىنىڭ باشقا شەھەرلىرىدە بولسا گومىنداڭ ھەربىيلىرى بىلەن جەڭمۇ بولۇۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلغان بولۇشى كېرەك.

بىز ھېلىقى ئىتنى بىلمەيدىغان ئوفىتسېر توغرۇلۇق گەپ قىلماقچى ئىدۇق. لېكىن سەل چەتكە چىقىپ كەتسەك كېرەك. ئەسلىدە سىلەرگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان ھېكايىمىز. تۆۋەندىكىچە:

ئوفىتسېر خوتۇنى بىلەن ئاشپۇزۇلدا پاخشى تاماق يېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاقتى چاغ، ئالدىرىماي كېتىپ باراتتى. ئاشپۇزۇلنىڭ بوسۇغىسىنى پۇراپ، ھېچنەرسە تاپالمىغان كىچىك، ئورۇق كۈچۈك بىردىنلا بۇرۇلۇپ ئوفىتسېرنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى. ئېھتىمال ئوفىتسېردىن مايلىق تاماقنىڭ يېقىملىق ھىدى كېلىپ بۇرنىغا پۇرىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ مايلاتقان باجىگىرىنىڭ پۇرىقىنى پۇرىدىمۇ، ھەر ھالدا كۈچۈك ئەگەشكۈدەك بىر پۇراق بولسا كېرەك.

كۈچۈك ئوفىتسېرنىڭ بەتىنكىسىنى پۇرىدى. ئاۋۋال ئوفىتسېر ئۇزىنىڭ سۆلەتلىك مېڭىشىنى بۇزماي بەتىنكىسىنىڭ ئۆكچىسى بىلەن كۈچۈكنى ئىتتىرىۋەتتى. كۈچۈك ئوفىتسېردىن ياخشىلىق كۆرمىگىنى ئۈچۈن ئۇنى قاغاپ قاۋاشقا باشلىدى. ئوفىتسېر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا ئالايدى. كۈچۈكمۇ ئۇنىڭغا كىچىككىنە دۈگىلەك كۆزلىرى بىلەن ئالىيىپ قاراپ تۇردى. ئوفىتسېر ئۇ تەرەپكە بىر قەدەم مېڭىپ ھەيۋە قىلدى. كۈچۈك بولسا، ئارقىسىغا ئىككى قەدەم چېكىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنە قاراپ تۇردى. ئوفىتسېر ئۇنىڭ قورققانلىقىنى سېزىپ، يەنە خاتىرجەم بولۇپ ئالدىغا قاراپ مېڭىشنى داۋام قىلدى. لېكىن كۈچۈك ئۇنىڭدىن قورقمىغانىكەن، يەنە ئارقىسىدىن ماراپ كېلىۋەردى. ئوفىتسېر بولسا، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۇنى تىللىدى. كۈچۈكمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قاۋاشنى توختاتمىدى. ئوفىتسېرنىڭ سەپرايى بىردىنلا

ئۆرلەپ كەتتى. چىرايى پۈرۈشۈپ، بىر قېشى ۋە سول تەرەپ كالپۇكى كۆتۈرۈلۈپ كىرىشكەن چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى ... كۈچۈكتىمۇ شۇنداق بىر قىياپەت پەيدا بولغانىدى.

مانا ئەمدى جەڭ باشلىنىپ كەتتى. بىردەم كۈچۈك قاچىدۇ، بىردەم ئوفىتسېر. ئوفىتسېر قورقسا كۈچۈك قاۋايدۇ، كۈچۈك قورقسا، ئوفىتسېر تىللايدۇ. خەيرىيەت جىق ماجرادىن كېيىن غالىبىيەت ئوفىتسېرنىڭ بولۇپ چىقتى. كۈچۈك كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھالسىزلىنىپ يىقىلدى. يەڭگۈچى بولسا، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ دەسسەپ تېپىۋاتىدۇ. يىڭىلگۈچىنىڭ ئاغزىدىن قان قۇيۇلۇپ تۇرسىمۇ، تېخىچىلا تىرىشىپ غىڭشىۋاتىدۇ. ئوفىتسېرنىڭ خوتۇنى بىلىكىدىن تۇتۇپ:

— بولدى ئەمدى، بولدى! كېرەك يوق، — دەپ ئۇنى سۆرەپ ئاران يولنىڭ چېتىگە ئېلىپ چىقتى.

لېكىن ئوفىتسېرنىڭ ئاچچىقى تېخىچىلا ئۆرلەپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز دۈشمىنىنى يانچىپ يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋەتكۈچە قويۇپ بەرمىگەن خوتۇنىنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇنىمۇ ھەم جان تالىشىۋاتقان كىچىككىنە كۈچۈكنىمۇ تىللايتتى.

— تۇفى لالما! تۇفى! تېخى مېنى قورقۇتماقچى بولىدۇ! — دېدى ئۇ كۈچۈك تەرەپكە تۈكۈرۈپ. ئۇنىڭ ئاچچىقىغا چىدىماي، يېرىم گەز، بىر گەز سەكرەۋاتقىنىنى كۆرگەن خەلق كۈلۈشۈپ كەتتى. ئوفىتسېر ئىززا تارتقىنىدىن قىزىرىپ، تاتىرىپ، تېخىمۇ قاتتىقراق تېرىكتى، مانا ئەمدى ئاچچىقى ئەۋجىگە چىقتى. ئۇ شارت قىلىپ تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، توپلانغان كىشىلەرگە تەڭلىدى.

— ھەممىڭ ئىت، يوقال! مانا مۇشۇنداق ئېتىپ تاشلايمەن! — دېدى - دە، ئۆلۈك كۈچۈكنىڭ جەستىگە ئۈچ پاي ئوق ئاتتى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى دەسسەپ يانچىۋەتتى.

تاماشىچىلاردىن بىرى ئوفىتسېرغا ئاڭلاتماستىن زاڭلىق قىلىپ:

— قالتىس «قەھرىمان» ئىكەن بۇ! دۇنيادا مۇشۇنداق غەيرەت-

لىك « قەھرىمان » ئۆتكەنمىدۇ ؟ — دېدى.

ئىككىنچى بىر ياش يىگىت كىنايىلىك كۈلدى:

— ھە، ئۆتكەن. مانا بۇ گومىنداڭ ئوفىتسېرىدىنمۇ « غەيرەتلىكرەك » ھەتتا قويلارغىمۇ ھۇجۇم قىلىدىغان دونكىخوت دېگەن « قەھرىمان » ئۆتكەن.

تاماشىچىلار ئېھتىيات بىلەن ئاستا كۈلۈشۈپ تارقىلىشتى. ئوفىتسېر بولسا، جەڭدە دۈشمىنىنى قىرىپ تاشلاپ، غەزەپ ئوتى پەسەيگەن مەغرۇر غالىپ « دونكىخوت قەھرىمان» دەك ئېغىر چامداپ ئۆز يولىغا يۈرۈپ كەتتى. خوتۇنى بولسا خەلقنىڭ كۈلكىسىدىن خىجالەت بولۇپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىشقا ئالدىراپ ئارقىسىدىن ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن كوچا جىمىپ قالدى.

1946 ـ يىلى، غۇلجا.

# ئەخمەتجان قاسىمى


(خاتىرە)

„... دوستلار ئاتلاڭلار شانلىق غەلىبىگە
ئۇلارنىڭ نۇرلۇق ئىزىدىن مېڭىپ ...
ساقلاڭلار كۆرەشچان ۋەسىيىتىنى
يۈرەككە تېڭىپ !
يۈرەككە تېڭىپ !
ئۇلارنىڭ روھىغا شەرەپ ياغدۇ ،
كىشىلىك دۈشمىنىنى
چىقىاق بىز يېڭىپ . “

— جۇرئىتى

خەلقىمىزگە بەخت كەلتۈرۈش سەپىرى ئۈستىدە بىرنەچچە رەھبەرلىرىمىزنىڭ بىر يولى خەتەرلىك ھادىسىگە ئۇچراپ قۇربان بولغان چوڭقۇر قايغۇلۇق خەۋىرىنى ئاڭلىدۇق . بۇ ھادىسە ئەسىرلەر بويى زۇلۇم ـ خورلۇقتىن ئىڭرىغان خەلقىنىڭ يېڭى زامان تارىخىغا ماتەمنىڭ قارا سىزىقى ئورالغان ئاچچىق خاتىرە بېتى بولۇپ كىرىدۇ .

ھەر قانداق مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي ئازادلىقى ۋە بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۆرەشكەن ، ئۆز مەنپەئەتىنى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان قىلغان قەھرىمان پەرزەنتلىرىنى ، ئۇلارنىڭ شانلىق نامىنى قەلبىدە ئەبەدىي ساقلايدۇ . بىزنىڭ خەلقىمىزمۇ ئەركىنلىك ، بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قۇربان بولغان ئۆز رەھبەرلىرىنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ . خەلق يېڭىدىن ـ يېڭى ئۇتۇقلارغا ، شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەنسېرى ۋە ئۇلار ياراتقان كۆرەش مېۋىلىرىنى تېتىغانسېرى ، ئاشۇ



ئەجدادلارنى تېخىمۇ سۆيۈملۈك ھېس قىلىدۇ.

مەن رەھبەرلىرىمىزنىڭ بىرى ــ ئەخمەتجان قاسىمى توغرۇلۇق يازماقچىمەن، بىراق، مېنىڭ بۇ قورقماس ۋە چىۋەر ئادەم توغرۇلۇق ئومۇملاشقان مەلۇماتنى بېرەلمەيدىغانلىقىم ناھايىتى ئېنىق. ھەتتا مېنىڭ بۇ يازغىنىم ناھايىتى ئاز ۋە يېتەرسىز. ئەگەر ماڭا: سەن نېمە ئۈچۈن قولۇڭغا قەلەم ئېلىپ قەغەزنى بوياپ يۈرسەن؟ ــ دېگەن سوئال قويۇلىدىغان بولسا مەن: بۇ سۆيۈملۈك ئادەمنىڭ قىممەتلىك خاتىرىسى ئەسىرلەر بويى ئىجتىمائىي پالاكەتلىكلەر دەستىدىن زارلانغان خەلقىمىز ئىچىدە قۇرۇق ھۆرمەت بىلەن ئەمەس، مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن يادلانماقتا، مانا مەنمۇ شۇنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنىڭغا كۆڭلۈمدىن ئورۇن ئالغان ئىسسىق مۇھەببەت بىلەن قارايمەن. شۇ مۇھەببەت ۋەجىدىن ئەخمەتجان قاسىمى توغرىسىدا ئاز بىلسەممۇ، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىم توغرىسىدا قولۇمغا قەلەم ئالدىم، دەيمەن.

مېنىڭ يازغانلىرىم ــ ئۇنىڭ بىلەن كۆپ يۈرۈپ سۆھبەتلەشكەن كىشىلىرىمىز ۋە كېچە ـ كۈندۈز بىرگە بولۇپ ئىشلىگەن دوستلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلىدىغان خاتىرە بىناسىغا بىر كېسەك بولۇپ، بىنانىڭ كەم يەرلىرىنى تولدۇرۇش ماتېرىيالى بولار دېگەن ئۈمىدتىمەن.

× ×

ئەخمەتجان قاسىمى ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇ بىزدىن جۇدا بولغاندىن كېيىن، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان غەيۇر سىماسى تېخىمۇ روشەنرەك بولۇپ كۆرۈندى.

ھەقىقەتكە كۆز يۇمىدىغان كىشىلەر ئۇنىڭدا ياخشى پەزىلەت، ياخشى خىسلەتلەرنىڭ بارلىقىنى، بولغاندىمۇ تۇتۇق ئەمەس، ناھايىتى ئوچۇق، خۇددى قاراڭغۇدا يېنىپ تۇرغان چىراغتەك يورۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ھەقىقەتەن، ئەسىرلەر بويى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا گاڭگىراپ

① دانكونىڭ مەرد ، قەھرىمان يۈرىكى ئۇنىڭ ئىچىدە خەلق كەتكەن يۈرىكىدەك يورۇق بولۇپ يېنىپ تۇراتتى .

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئوبرازىنى يېزىش ئاسان ئەمەس ۋە ئۇنى ئىككىنچى بىر شەخسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش تېخىمۇ تەس . بۇ ئادەمنىڭ بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئۆزىگە خاس ئۇلۇغلۇقى بار . ئۇنىڭ ئوبرازىنى يالتىراق سۆزلەر بىلەن بېزەشكە بولمايدۇ . بۇ ئوبرازنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ، گەپنى ئۇنىڭ ئاددىي ـ ساددىلىقى ، بۇ ئاددىيلىقىنىڭ تەبىئىلىكى ۋە ئۇنىڭ روھىي گۈزەللىكىدىن باشلاش كېرەك .

« قەھرىمانلىق ــ ئادەمنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشتىكى سۆلىتى ، ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرغان ھەيۋىتىدە ، ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدە بولماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ ئىچكى روھىي بايلىقىدىن ئىبارەتتۇر .» دېگەندەك ، ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى ناھايىتى قىممەتكە توختايدىغان ئەڭ كۈچلۈك روھىي مەنىۋىي بايلىقى بىلەن تولغاندۇر .

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئېزىلگەن خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە مەھكەم باغلانغان . ئۇ خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسىي بەختىدىن كېچەلەيدىغان ، ئۇرنى كەلسە بۇ يولدا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلالايدىغان مەردانە پەزىلەت ئىگىسى ئىدى .

بىز بۇنى 1947 ـ يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پەيدا قىلغان 26 ـ فېۋرال ۋەقەسىدە ناھايىتى روشەن كۆرۈپ ئۆتىمىز . شۇ كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەددىدىن ئاشقان ئۇياتسىزلىق بىلەن يۇقراچە كىيىۋالغان ئەسكەر ۋە جاسۇسلارنى تەييارلاپ ئۇرۇمچىدە بىزنىڭ خەلق ۋەكىللىرىمىز تۇرغان ئۆينى ئورىۋېلىپ ھۇجۇم باشلىغانىدى . ئۇلار بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىزنى تەھلىكە ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ، خەلقىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئاز ـ تولا ئەركىنلىكىنى تارتىۋېلىپ يەنە دوزاخقا ئىتتىرىش مەقسىتىدە تىز چۆكتۈرۈشنى ئويلىدى . لېكىن بۇنى سەزگەن دانىشمەن ئەخمەتجان قاسىمى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن

---

① م . گوركىنىڭ «ئىزىرگىل موماي» ناملىق ھېكايىسىنىڭ قەھرىمانى . ئۇ قاراڭغۇ جاڭگالدا ئېزىپ قالغان خەلق ئۈچۈن يۈرىكىنى ياندۇرۇپ يول باشلىغان .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرىگە : سىزگە ھازىر ئىككى يول بار . بىرى ، چېقىپ ئەسكەرلىرىڭىزگە «ئارقىمغا بۇرۇل ، قەدەملەپ مارش !» دېسىز ، ئۇلار چېقىپ كېتىدۇ . بىز چېقىپ نەنگۇەندىكى خەلقنى تىنچلاندۇرۇپ تارقىتىۋېتىمىز ، تىنچلىق بولىدۇ ، ئىككىنچىسى ، مانا شۇ ئىشىكنى ئېچىپ ، ئەسكەرلىرىڭىزنى قويۇپ بېرىسىز . ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدۇ ، بۇگۈن ئۇرۇمچىدە ، ئەتىدىن تارتىپ پۈتۈن ئۆلكىدە قان تۆكۈلىدۇ . مانا شۇ ئىككى يولنىڭ قايسىنى خالىسىڭىز بىرىنى تاللىۋېلىڭ ! بىز ئۆلۈمدىن ئەسلا قورقمايمىز ، ئۇنى ئال- لىقاچان ئۈستىمىزگە ئالغان ئادەملەرمىز . ھازىر بىز ھايات قالساقمۇ خەلققە پايدا ... چۈنكى ئۇن بىر بىتىم بويىچە خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى تەمىن قىلىمىز . ئۆلسەك ئۇنىڭدىن ئارتۇق پايدا ، چۈنكى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلق قوزغىلىپ ، بۇ بىتىمدىن كۆرە ئارتۇقراق يەنى تولۇق ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ . بىزنىڭ قېنىمىز خەلققە ئازادلىق كەلتۈرۈپ بېرىدۇ . بۇ ئەلۋەتتە بىز ئۈچۈن شەرەپلىك ئۆلۈم بولىدۇ ، دېدى .

ئەخمەتجاننىڭ بۇ مەردانە خىتاۋى بىلەن ، دۈشمەنلەرنىڭ رەسۋاسى چىقىپ ساختا قىياپىتى ئاشكارىلاندى .

ئەخمەتجان قاسىمى خەلقنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىگە ناھايىتى ئېنىق ئىشەنگەن ، ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قاراشتىن خالى ئادەم ئىدى . ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولۇشىنى ئالدىن كۆرەل- گەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دائىم ئىشەنچلىك ھالدا «ئۆلكىمىزدە خەلقچىللىق سىياسەت جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ » دەپ سۆزلەيتتى . ئۇ دۈشمەننى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن كالتەكلىيەلەيتتى ، ئاددىي ، لېكىن مەزمۇنى تىرەن سۆزلەر بىلەن دۈشمەننىڭ كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ سۈرىتىنى خەلققە سىزىپ كۆرسىتەلەيتتى .

ئۇ بىر كۈنى گومىنداڭ ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ رەزىللىكىنى پاش قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى :

— دۇنيادا خەلقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان فاشىزم قولى يەتكەنلا جايلاردا قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ ئادالەت ۋە ئەركىنلىك تەرەپدارى بولغان ئادەملەرنى يوقىتىش چارىسىگە كىرىشكەنىدى . بىراق

گىمىلىر بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئوشۇق ياكى نەشە تاشلاپ قويماسىدى. ئۇ گىستاپودىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن ھەر خىل ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ، شۇ ھۆججەتلەرنى فاشىستلارغا قارشى بولغۇچىلارنىڭ يانچۇق ياكى ساندۇقلىرىغا سېلىپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن تۇتاتتى. ھازىر بىزنىڭ گىمىلىر ئۇنداق ئاۋارە بولۇپ يۈرۈشنى خالىماستىن، يۇقىرىقى ئاددىي ئۇسۇل بىلەنلا بەڭگى، ئوغرى، قىمارۋاز دەپلا تۇتۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

مەن شۇ كۈنگىچە بىزنىڭ خەلق ئىچىدە دۈشمەن بىلەن يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى دادىللىق بىلەن پاش قىلىپ كۆرسەتكەن مۇنداق قەھرىمان شەخسنى ئۇچراتمىغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن.

«رەھبەر» دەپ نام چىقارغان يۇقىرى مەنسەپتىكى بىر قانچە شەخسلەرنى كۆرگەنىدىم؛ مەن ئۇلارنى تۆۋەن بىر جايدا تۇرۇپ ئېگىزرەك بىر ئورۇندا ياكى تام تۆپىسىگە چىقىپ، يىراقتىن قاراپ ھەشەمەتلىك بىر گۇرۇھ ئىچىدە «ئەنە ئۇ»، «ئاشۇ كىشى» دېگەن سۆزلەر قۇلىقىمغا كىرىپ تۇرغان ھالدا كۆرەتتىم. 1937-يىلى ئۈرۈمچىگە ئوقۇش ئۈچۈن بارغان. لېكىن ھېچقانداق ئوقۇش جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇلماي ئىگىدارسىز قالغان بىرقانچە ياشلار ئىچىدە مەن بار ئىدىم. بىز قار ياققان كۈنلەردىمۇ ئۈرۈمچى خەلق ئىستىراھەت بېغىدا يول ئاداشقان ساياھەتچىلەردەك گۇلخان سېلىپ، ئۇنىڭ چۆرىسىدە كۈن ئۆتكۈزەتتۇق. بىر كۈنى تۇيۇقسىز بىرنەچچە ماشىنا بىلەن ياخشى قوراللانغان 100 دىن ئارتۇق ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە شېڭ دۇبەن باغقا كىرىپ بىز تۇرغان جايدىن 30 مېترچە يىراقلىقتا — سۇ بويىغا چۈشتى. مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنى كەڭ دائىرىدە ئوراپ ئىككى-ئۈچ ئورۇنغا پىلىموت قۇرۇپ قويدى. بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى بەزى ياشلار گۇلخان يېنىدا كىر يۇيۇۋاتقان، يوپۇرماق غازىڭى بىلەن ياستۇق ياساۋاتقان، ئوتۇن سۇندۇرۇۋاتقاندى؛ بىرى بولسا دۇتتار چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقاندى. تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ سۈرلۈك كۆرۈنۈشتىن ھەممىنىڭ ھەرىكىتى توختاپ قالدى. بىز ئۆزىدىن دائىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەنسىرەپ يۈرىدىغان بۇ كىشىنىڭ سۆزى بىلەن ئارتۇق قىمىرلاشتىن ئېھتىيات قىلىشقا باشلىدۇق. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، بىزنىڭ ئادەتتىكى يۈرۈش - تۇرۇش ئەركىنلىكىمىز دىمىق ئېچىدە تۇنجۇققاندەك سېزىلەتتى. ھەتتا بىز ئۇنىڭ ئولتۇراغان تەرىپىگە ئۇزاقراق قاراشقىمۇ پېتىنالمىدۇق. ئارقامدا «بىزگە قارىدى» دەپ، بىرى پىچىرلىدى. ئۇنىڭ گېپى ماڭا سوغاقراق ئىشتىلدى. شېك شىسەي تەرەپكە قارىغانىدىم. ئۇ ئۆستەڭ قىرىدىكى ئۇششاق تاشلارنى ئوچۇمىغا ئېلىپ سۇغا ئېتىپ ئويناۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ گۆشلۈك يالىڭاچ ئوڭ قولىدا بىرنەچچە تال ئۇششاق تاش، ئاق پەلەيلىك سول قولىدا بولسا، يەنە بىر پاي ئاق پەلەي ئۇچۇمدالغانىدى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ «داھىسى» دەپ ئېلان قىلىنغان بۇ مەغرۇر گەۋدىلىك ئادەمنىڭ زوڭزىيىپ تاش ئويناپ ئولتۇرۇشى كۆڭلۈمدە سىرلىق بىر تۇيغۇ ھاسىل قىلدى. مەن ئۇنىڭ تاش ئويناپ ئولتۇرۇشىنى ئاددىي ھەرىكەت يەنى تەبىئەتنى سۆيۈش ھەركىتى دەپ ئەمەس، شۇ كۈنلەردە ئۆلكە خەلقىنى مىڭلاپ ـ مىڭلاپ زىندانلارغا، قۇشخانىلارغا ھەيدەپ كىرىشكە باشلىغان بۇ ئادەم ئۆلكە خەلقىنىڭ تەقدىرىنى قولىدىكى ئۇششاق تاشلارنى شاراقلىتىپ سۇغا چۆكتۈرۈپ ئويناۋاتقاندەك ھېس قىلدۇراتتى. مانا شۇنداق خەلققە ئىشەنمەيدىغان، كۆپچىلىككە ئىختىيارى يېقىنلىشالمايدىغان «داھى» نى ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم 30 مېتىرچە يىراقلىقتا كۆرگەنىدىم.

مەن شۇندىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆلكە خەلقىگە رەھبەر بولۇپ كۆتۈرۈلگەن بىر ئادەم بىلەن يەنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن تەلكە تېغى ئۈستىدە ئۇچراشتىم. مەن بۇ چاغدا يەتتە ۋىلايەتتىن غۇلجىغا قېچىپ ئۆتكەن ياشلار ئۈچۈن كەڭ سايدا تەشكىل قىلىنغان مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتىم. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قېيىن بۇلاققا دەم ئېلىش ئۈچۈن چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر دەم ئېلىش كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن مەكتەپ مۇدىرى غازىيۇپ بىلەن بىرگە ئاتلىق قېيىن بۇلاققا كەلدۇق. ئۇنىڭ ئېگىز بىر تاغ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، شۇ تاغقا ئۆرلەپ ماڭدۇق. 15 ـ 20 مېتىرچە ئۆرلە-

گەندىن كېيىن، يوغان بىر تاش يېنىدا بىر چېلەكتە قارىقات، بىر ياغلىقتا ئۈزۈم بىلەن بىر توغاچنى كۆرۈپ، ئۇ ئەخمەتجان قاسىمنىڭ نەرسىلىرى ئىكەنلىكىنى، ئەمدى ئۇنىڭ بار يېرىگە كەلگەنلىكىمىزنى ھېس قىلدۇق. بىراق، ئۇنى بۇ ئارىدىن ئۇچرىتالماي يەنە ئىگىزلەپ، بۇرالمىلىق تىك يار تاش يېنىغا كەلگەندە يول تاپالماي قالدۇق. بىر ئاز ئارقىغا يېنىپ يەنە ئۆرلىشىمىزگە تاغنىڭ يۇقىرى قىسمىدا تۇرغان ئەخمەتجان قاسىمنى كۆردۇق. ئۇ قولىنى بۇلغىتىپ بىزنى چاقىردى.

بىز خۇشاللىقىمىزدىن بار كۈچىمىز بىلەن يۇقىرىغا قاراپ يامىشىپ، تاغ ئۈستىدە ئەخمەتجان بىلەن قېرىنداشلارچە تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتۇق. لېكىن بىزدە ھاسىراش بېسىلمىغانىدى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ:

— ھە ـ ھە، مانا تاماكىنى كۆپ چەككەننىڭ پايدىسى شۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى. ئەخمەتجاننىڭ يەلكىسىدە بەش ئاتار مىلتىق، قولىدا «فېت» ماركىلىق فوتو ئاپارات ساڭگىلاپ تۇراتتى. سىپتا كىيىمى ۋە ئېلىپ يۈرگەن جابدۇقلىرى بىلەن بۇ ئادەم تاغنىڭ مۇشەققەتلىرىگە كۆنۈكۈپ، تەبىئەت بىلەن چېلىشىپ يۈرگەن ئوۋچى ياكى بىر ئاددىي جەڭچىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چېنىققان مۇسكۇللۇق ئورتا بويى، كەڭ پېشانىلىق، قىسقا قىرقىلغان تۇم قارا بۇرۇتلۇق، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان يۈزى تاغنىڭ ساپ ھاۋاسى ۋە گۈزەل مەنزىرىسى ئىچىدە ناھايىتى يېقىملىق، تازا ۋە جەزىبىلىك بولۇپ تۇراتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى بىزنى سۈرەتكە چۈشۈردى. ئاندىن بىز بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرۇپ:

— قانداق، بىزنىڭ تاغلار چىرايلىقمۇ؟ — دېدى. ئۇ بېشىنى سەل سىڭايان قىلىپ ئەتراپتىكى قارىغاي، دەرەخلەرگە ۋە پەستىكى ئېدىر قاپتاللىرىدىكى ياپيېشىل چىمەنزارلارغا زوق بىلەن قاراپ كۆكسى قانغۇچە نەپەس ئېلىپ بىزگە قارىدى. مەن ئۇنىڭ شۇنداق بېشىنى سول تەرەپكە سەل سىڭايان قىلىپ كىشىگە نەزەر سالىدىغان ئادىتى باردەك سەزدىم. ئۇ ماڭا ناھايىتى يېقىن ئولتۇرغانىدى. پۈتىدىكى رابوتچىك ئۆتۈكى مېنىڭ ئۆتۈكۈمگە تېگىپ تۇراتتى، يېقىملىق كۈلۈپ تۇرىدىغان مۇلايىم

قىياپەتلىك، چىن ئىنسانى مۇئامىلىدىكى بۇ ئادەم ماڭا تۆۋەندە تۇرۇپ مۇنبەر ئۈستىدە كۆرۈپ يۈرگەن ئەمەلداردەك تۇيۇلمىدى. بۇ خەلقنىڭ ھەقىقىي رەھبىرى، مانا شۇ تاپتا بولسا بىزنىڭ ئاغىنىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭدىن تارتىنماي ئولتۇرمىدىم. ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتىم بويىچە تاغنىڭ گۈزەللىكىنى خۇسۇسەن يۇقىرى ئېغىزدا سايرام كۆلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يايلاقلىرى بارلىقى، ھەر جەھەتتىن كېلىشكەن تەلكە تېغىنىڭ دەم ئېلىشقا ئەپلىك ئورۇن ئىكەنلىكى توغرىسىدا گەپ قىلدىم. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاپ:

— بۇنى توغرا ئېيتتىڭىز، سايرام ئەتراپىدا ۋە كۆك سالادا ساناتورىيە قۇرساق بولىدۇ، — دەپ تەستىقلىدى. كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ:

— ئوقۇغۇچىلارغا قانچە گرامدىن شېكەر بېرىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى. قانچە گرام دېگىنى ئېسىمدا يوق، مۇدىر جاۋاب بەردى.

— بۇ يەردە ھەسەل كۆپ، شېكەرنىڭ ئورنىغا شۇنى بەرسەڭلار ئەرزان چۈشىدۇ. ھەم ھەسەل دورىلىق ياخشى نەرسە. ئەنە ئاۋۇ تەرەپتە — چارباغ دەپ ئاتىلىدىغان يەردە تەبىئىي باغ بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا تاغ قاپتاللىرىدا نۇرغۇن ئالما كۆردۈم. ئالمىلار پىشىپ يەرگە تازىمۇ تۆكۈلۈپتۇ. ئۇ بىر كىشىنىڭ خۇسۇسىي بېغى ئەمەس، كۆپچىلىكنىڭ بېغى، ئوقۇغۇچىلارغا ئېيتىڭ، مەرھەمەت ئالما يەپ كېتىشسۇن، بىر كۈنى ھەممىڭلار كېلىپ شۇ ئالمىلاردىن ئېلىپ كېتىڭلار، ئۆزىغۇ ياۋا تاغ ئالمىسى، شۇنداق بولسىمۇ ئەتىگەنلىك چايدا بالىلارغا بەرسەڭلار، پايدىلىق. نۇرغۇنراق ئاپىرىپ قاق سېلىۋېلىشسۇن.

شۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىللە تاغمۇ - تاغ يۈرۈپ ئوۋ ئوۋلىدۇق. ئوۋلاپقۇ بىز ھېچنەرسە تۇتالمىدۇق، بىراق شۇ سۆيۈملۈك رەھبىرىمىزنىڭ بىر قانچە خىسلىتى مەندە ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالغانىدى، مەكتەپ مۇدىرى ئاتلارنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن پەسكە چۈشۈپ كەتكەن ۋاقىتتا مەن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ھەسەل ھەرە باققۇچىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدىم. ئۇ بىردىنلا:

— مىلتىق ئاتالامسىز ؟ — دەپ سورىدى . مەن بىرئاز خىجىل بولۇپ راستىنى ئېيتتىم :

— ياق ، ئېتىپ باقمىغان .

— قېنى ئېتىپ بېقىڭ ، ئىچىدە تۆت تال ئوقى بار ، — دېدى . ئۇ ماڭا قارىغا قانداق ئېلىشنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ، بەش ئاتارنى ماڭا سۇنۇپ ، تاغدىن شاقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇ بويىدىكى تېرەككە قونۇپ تۇرغان بىر سېغىزخاننى كۆرسەتتى . مىلتىقنى قولۇمغا ئېلىپ بىر تىزىم بىلەن تىزلىنىپ ، قورۇلغا ئالدىم . لېكىن ئەپلەشمىگەندەك بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم .

— ئېتىڭ ، ھە ، ئەپلەشمىدىمۇ ، قولىڭىزنى مېنىڭ مۈرەمگە قويۇڭ ، — دەپ ئالدىمغا كېلىپ تۇردى . مەن يېتىرقاپ :

— ياق ، ئەپەندىم ، ئۆرە تۇرۇپ ئاتىمەن ، — دەپ ئىككى – ئۈچ قەدەم نېرى چېكىنىپ كەتتىم ، ئۇيالغىنىمدىن قىزىرىپ كەتسەم كېرەك .

— ھى ، ھى مانا قىزىق ، نېمىشقا تارتىنىسىز ؟ ، — ئۇ « ھى » ھەرپىنى غەلىتە قىسقا ، يېنىكرەك قىلىپ ئېيتتى . ئۇنىڭ بۇ ئاھاڭدا بىرقانچە چۈشەنچىلەر ئىپادىلەنگەندەك تۇيۇلاتتى .

مەن مىلتىقنى قارىغا ئالا – ئالماستىنلا ئېتىۋەتتىم .

ئەپەندىم تۆۋەندىكى ساي تەرەپكە ماڭدى . مەن مىلتىقنى دولامغا سېلىپ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم . ئىككى يۈز مېتىرچە يۈرگەن ئىدۇق ، سايىنىڭ ئىچكىرىسىدىن كونىرىغان يىرتىق كىيىملىك بىر قازاق كەمپىر ئۆزىدىن چوڭ بولغان قاقشال ئوتۇننى باغلاپ ئۆشنىسىگە ئارتىپ ، مۈكچەيگەن ھالدا ناھايىتى ئاستا يۈرۈپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ بىزگە يېقىن كەلگەندە تىزلىنىپ ئوتۇنغا يۆلەنگەن ھالدا ھاسىراپ ئولتۇرۇپ قالدى .

— ئېسەنسىزما كەمپىر ، ھە ، دەم ئېلىڭ ، دەم ئېلىڭ ، ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ ، — دېدى ، ئەخمەتجان ئاپپاراتىنى راسلاپ ئۇنى سۈرەتكە چۈشۈرۈۋالدى . ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ تىرىكچىلىك ۋە ئائىلىسى توغرىسىدا ، ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى سۈرۈشتۈردى . كېيىن ئۇنىڭ ئوتۇنىنى يۈدۈپ ، ئاۋۇلىغا يېقىن جايغا ئاپىرىپ بەردى . كەمپىرنىڭ شۇنچە ياشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىرگەندىمۇ شۇنداق ئېغىر ئوتتۇنى كۆتۈرۈپ كەلگەن غەيرىتىنى ماختىدى ۋە يېقىن كېلەچەكتە مۇنداق ئېغىر كۈلپەتلەردىن قۇتۇلدىغانلىقىمىزنى ئۇنىڭغا ئاددىي سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈردى.

شۇ كۈنى تاغ ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئەخمەتجان قاسىمى يىراقتا چوقچىيىپ تۇرغان چوققىدا قونۇپ ئولتۇرغان بىر توك قاغىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئاتقانىدى. ئوق قاغىنىڭ دەسسەپ تۇرغان يېرىگە تېگىپ بىر پارچە تاش بىلەن بىرگە قاغا قاڭقىپ قالايمىقان بولۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ مەنزىرىگە قاراپ بالىلارچە ھوزۇرلىنىپ قاقاقلاپ كۈلۈشىنى كۆرۈپ، ھەيران بولدۇم. رەھبەر ئورۇندىكى؛ خەلق ئالدىدا چوڭ ئابرويغا ئىگە بولغان بىلىملىك بىر كىشىنىڭ بۇنداق قاتتىق كۈلۈشى بۇ ئادەمدىكى كەمچىلىكمىكىن دەپ ئويلىدىم. لېكىن دەررۇلا م. گوركىنىڭ «مەن ھېچقاچان ۋ. ئېلىئىچكە ئوخشاش باشقىلارنىمۇ كۈلدۈرۈۋېتىدىغان كۈلكە بىلەن كۈلەلەيدىغان كىشىنى ئۇچراتمىدىم. مۇنداق دۇنيا بويىچە ئۇلۇغ ئادەمنىڭ كۆزىدىن ياش چىققۇچە بالىلار كۈلكىسى بىلەن كۈلگەن كىشىنى ھەتتا كۆرۈشنىڭ ئۆزىلا ھەجەپكە قالدۇراتتى. مۇنداق كۈلۈش ئۇچۇن چوڭ قۇۋۋەتلىك، كۆڭۈللۈك سالامەتلىككە ئىگە بولۇش كېرەك» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ: بۇ مىجەز دۇنيا بويىچە شۇنچە ئۇلۇغ كىشىگە يېتىشىسىزلىك بولماي، بەلكى كۆڭۈل ئازادە، پاك، خۇش پېئىل دەپ تەرىپلەنگەندە ئەخمەتجان قاسىمىدىكى مۇنداق بالىلارچە ھوزۇرلىنىپ كۈلۈش ئۇنىڭ كىرسىز ساغلام تەبىئىتىدىكى كۆڭۈل ئازادىلىكى بولسا كېرەك دېگەننى ئويلىغانىدىم.

مەن ئۇنى بىر كۈنى ناۋايخانا ئالدىدا كۆردۈم.

— ئۇستام مېنىڭ مېھمىنىم بار ئىدى، نان ياقتۇرماقچى ئىدىم، بىر خو ئۇندا قانچە نان بولىدۇ؟

— سېنىڭ ئۇنۇڭنى ئوغرىلاپ ئالاتتىمۇ؟ ئەكىلىپ بەرمەمسەن، يېقىپ بەرمەيمىزمۇ؟ — دېدى ناۋاي.

— ئۇنىنىڭ خوسىنى قانچىدىن ئېلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئەخمەتجان قاسىمى.

ناۋاي قوپاللىراق ئادەم ئىكەن، ئاچچىقلىنىپ:

— گىرگە بېرىپ يۇچەنچىدىن سورا! — دېدى.

— ھە، ھە، بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە نېرىراق بېرىپ، ئالما ۋە سامسىلارنىڭ نەرقىنى سوراشتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىگىلىرى ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىشكەندى، ناۋايلارنىڭ بىرى ئەپەندىمنى تونۇپ قېلىپ:

— ئىم، ئەخمەتجان ئەپەندىمكەن ئەمەسمۇ، سەن شۇنداق قوپاللىق قىلدىڭغا! ئادەم ئەمەس ئىكەنسەن! — دېگەندى، ھېلىقى ناۋاي:

— ئۇقماپتىمەن، — دېدى-دە، ھاڭ-تاڭ قېتىپ قالدى. بىرنەچچە يولداشلىرى ئۇنى ئەيىپلەشتى.

شۇنداق قىلىپ، خەلقىنىڭ بۇ جەسۇر پەرزەنتى ۋە دوستى ھەم خەلقىنىڭ ھەقىقىي رەھبىرى، مەن 1937-يىلى 30 مېتىر يىراقلىقتا بىر قېتىم كۆرگەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ يالغان داھىسى شېڭ شىسەيگە ئوخشىمايدىغان سۆيۈملۈك بىر ئادەم بولۇپ چىقتى. خەلققە ئىشەنمەيدىغان، ئۇنىڭدىن قېچىپ يۈرىدىغان شېڭ شىسەي تولۇق قوراللانغان يۈزلىگەن ئەسكەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئاران ئېرىقنىڭ يېنىغا كېلەلىگەن بولسا، ئەخمەتجان قاسىمى خالىغان يېرىگە خەلق بىلەن ياكى ئۆزى يالغۇز بارالايتتى. ئۇ يېزىلارغا چىقىپ دېھقانلار ئارىسىدا، خاڭ ۋە كارخانىلارغا بېرىپ ئىشچىلار ئارىسىدا، دەريادىكى كېمىچى ۋە سالچىلار ئارىسىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ مېھنىتى بىلەن ئورتاقلىشىپ، ھاياتىنى ئۆگەندى ۋە ئۇلارنىڭ نېمە تەلەپ-ئارزۇلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلدى. ئۇلارغا ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئۆگەتتى.

× ×

مەن ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغان بەزى ئەھۋاللارنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم. بۇنى بەلكىم بەزىلەر «ئۆششاق-چۈششەك سۆزلەرگە چۈشۈپ كەتتى» دېيىشى مۇمكىن، لېكىن مەن ئۇنداق چۈشەنچىلەرنى قۇۋۋەتلىمەيمەن. چۈنكى، خەلقپەرۋەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

رەھبىرىي كىشىلەرنىڭ خەلق ئىچىدە نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ خەلققە قانچىلىك يېقىن ياكى يىراق بولغانلىقى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىر رەھبەرنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقى ئۇنىڭ ئاغزىدا قىلغان ياسىما سۆزىدىنلا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شۇڭا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئاڭلىغان سۆزلىرىمنى قىستۇرۇپ ئۆتىمەن:

بىر كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى دالىدا كېتىپ بارغان ئىكەن، بىر كىچىك ئۆيدىن بالىنىڭ يىغلىغان ئۈنى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ «بالىڭىز نېمىشقا يىغلايدۇ؟» دەپ سورىغاندا، بالىنىڭ ئانىسى: «سۇ ئىچىمەن دەيدۇ. سۇ ئاۋۇ يارنىڭ ئاستىدا، مەن بولسام كېسەل، ئاتاڭ كەلگۈچە تۇرۇپ تۇر دېسەم، يىغلاپ ئۇنىمايۋاتىدۇ» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئەخمەتجان قاسىمى چېلەكنى قولىغا ئېلىپ، خېلى يىراق يەردىكى چوڭقۇر سايدىن سۇ ئەپكېلىپ بېرىپتۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى گەمىدە، يىرتىق كىگىز ئۆيلەردە ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئائىلىلەرگە بېرىپ ئۇلار بىلەن سەمىمىي ئەھۋاللىشاتتى. ئۇلارنىڭ توپا - چاڭدا ئېغىناپ ئويناپ كىرلىشىپ كەتكەن كىچىك بالىلىرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، باغرىغا بېسىپ سۆيەتتى. بالىنىڭ ئانىسى «سىزنىڭ كىيىمىڭىزنى بۇلغاپ قويدى» دەپ خىجالەت بولۇۋاتقاندا «كېرىكى يوق، توپا دېگەن قاقسا چىقىپ كېتىدۇ» دەپ قويۇپ، گۆدەكلەر بىلەن سۆزلىشەتتى. يانچۇقلىرىدىكى كەمپىتلەرنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتىرەتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى يالغۇز شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىلا ئەمەس، ئۇ ۋەتىنىمىزدىكى خەنزۇ خەلقىنى ۋە باشقا خەلقلەرنىمۇ ئوخشاشلا ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھالىغا ھال، مۇڭىغا مۇڭ بولاتتى.

1946 - يىلى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىرگە بارغانلارنىڭ بىرى ماڭا مۇنداق دېگەنىدى:

— بىز لەنجۇدا نۇرغۇن رىكشا (ئادەم سۆرەيدىغان ھارۋا) نى

كۆردۇق . بىز قەيەرگىلا بېرىپ چۈشسەك ، ياكى ئىشكتىن شۇنداقلا چىقساق ، بۇ رىكشىچىلار ئىككى چاقلىق ھارۋىلىرىنى سۆرەپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ ـ دە ، ھارۋىغا ئولتۇرۇشىمىزنى تەكلىپ قىلىدۇ . شۇنداق ھارۋا سۆرىگەن بىر ئادەم ئەخمەتجان ئەپەندىمنى ھارۋىغا چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى . ئەپەندىم ھاياجانلىنىپ :

ـــ بىز سىزدەك يوقسۇللارنى ئات ئورنىغا قېتىپ قويغان ھارۋىغا ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق . ئەمما بىزنى قەدىرلىگىنىڭىزگە رەھمەت . بىزنى ھارۋىغا سېلىشنى ئۈمىد قىلىپ كەلگىنىڭىز ئۈچۈن مانا بۇ پۇلنى ئېلىشىڭىزنى سورايمەن ، ـــ دېدى ـ دە ، بىر مۇنچە پۇل بەردى . رىكشىچى ھەيران بولۇپ ھاياجانلاندى ، ئەپەندىم رىكشىچىلارنىڭ بىرسىنى ئۆز رىكشىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ سۆرەپ كۆردى .

ـــ بىر كۈنى ، ـــ دەيدۇ يەنە ھېلىقى كىشى ؛ ـــ ئەپەندىم بىلەن بىز شاڭخەيدە دېڭىز قىرغىقىنى كۆرۈشكە چىقتۇق . لوسۇنكۇ دېگەن ئېغىزغا بارغىنىمىزدا دېڭىز قىرغىقىدىكى قېيىقچىلارنى كۆردۇق . ئەپەندىم بۇنىڭغا ناھايىتى قىزىقىپ ، بېرىپ قېيىقچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى . قېيىقچىلارنىڭ بىرى : مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز ، بىزنىڭ ھاياتىمىز مانا مۇشۇ قېيىق بىلەن ، ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ بېلىق تۇتىمىز م سىزگە ئوخشاش مېھمان كېلىپ قالسا ، دېڭىز ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ اشا قىلدۇرىمىز ، ئۇلار بىرەر نەرسە بەرسە ئېلىپ راسخوت قىلىمىز ، مانا يىمىز ، مۇشۇ ، مانا قازان ، مانا ئورۇن ـ كۆرۈپسىز ، ھاياتىمىز مۇشۇ ، ـېدى . ئەپەندىم قېيىقچىلار بىلەن ناھايىتى خۇشچاقچاق كۆرۈشۈپ ، بىردەمدە ئۇلار بىلەن ئاغىنە بولۇپ قالدى ۋە شۇ قېيىقتىكى ھاياتنى كۆرسىتىپ بېرەرلىك قىلىپ رەسىمگە ئالدى . ئۆزى قېيىقچىلار بىلەن بىرگە قېيىقتا ئولتۇرۇپ ، رەسىمگە چۈشتى .

يەنە بىر كۈنى ئەپەندىم بىلەن شاڭخەي ياجې كوچىسىدىكى ياۋروپاچە رېستورانغا تاماق يېيىش ئۈچۈن كىردۇق ، بىز بۇ يەردە پىئانىنو ئويناپ تۇرغان بىر ئادەمنى ۋە بالىت رېپېتىتسىيە قىلىۋاتقان بىر خانىم بىلەن بىر يىگىتنى كۆردۇق . ئارتىسلەر رېپېتىتسىيىدىن چۈشكەندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار بىلەن پىئانىنوچى ئوتتۇرىسىدا چاتاق چىقىپ قالدى. ئەپەندىم بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلىدى. پىئانىنو چالغۇچى ئارتىسلارنىڭ رېپېتىتسىيىسىگە پىئانىنو چېلىپ بەرگىنى ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلغانىكەن، ئارتىسلارنىڭ يېنىدا پۇل بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ھەققىنى كېيىن بېرىشنى ئېيتقاندا، ئۇ ئىشىنەلمەي ئۇلارنى قاتتىق قىستىغانىكەن. كېيىن ئەپەندىم ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ ئەھۋاللاشتى. ئارتىسلاردىن بىرى:

— بىز تىياتىرخانىلاردا بالېت ئويناپ، شۇنىڭدىن كىرگەن دارامەت بىلەن كۈن كەچۈرىمىز، بىزنىڭ ئىشىمىز مۇشۇ مۇزىكانتنىڭ ئىشى بىلەن بېلىقنىڭ سۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدەك. لېكىن بىز ئويۇن قويۇپ پۇل تاپقۇچە بۇ مۇزىكانتنىڭ ھەق تەلەپ قىلىپ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا خىجالەتچىلىككە سالغىنىغا ئەپسۇسلىنىمىز، — دېدى.

ئەپەندىم بۇلارنى كېلىشىپ ئىش قىلىشقا دالالەت قىلدى ۋە بىرنەچچە كۈنلۈك رېپېتىتسىيە ھەققىنى مۇزىكانتقا تۆلەپ قويدى. ئارتىسلار بەكمۇ خوش بولۇپ، ئۆمرىدە مۇنداق ئادەمنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىشىپ تازىم قىلىشتى ۋە رەھمەت ئېيتىپ قايتىشتى.

ئەپەندىم ئىچكى جۇڭگودىكى زاۋۇت ئىشچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشتى، كاپىتالىستلار ھەم چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگو ئىشچىلىرىنى ھەددىدىن تاشقىرى ئەزگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ غەزەپلەندى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن بىرمۇنچە خاتىرىلەر يېزىۋالدى...

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئېسىمگە ئالدىم.

— ئىچكى جۇڭگوغا بارغانلارنىڭ ئىچىدە بۇرۇن بارغان بىرسى شاڭخەينىڭ چىرايلىقلىقىنى ماختاپ شېئىر يازدى، لېكىن ئۇ شاڭخەينىڭ شۇ ۋاقىتتىكى چىرايلىقلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە، ئارقا كوچىلىرىدا، بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا ئادەملەرنىڭ قانچىلىك خورلۇق كۆرۈۋاتقانلىقىنى تازا كۆرەلمىدىمۇ دەيمەن. بىراق، ئۇنى كۆرۈشكە كۆز كېرەك، ھەممىلا كۆز بىردەك كۆرەلمەيدۇ. ھىندىستانغا بېرىپ بومباينى

دۇنىيادا چىرايلىق شەھەر ئىكەن دەپ ماختاپ كەلگەن كىشىلەرنى كۆر-دۇم. لېكىن ئۇ كىشىلەر تىراموۋاي ماڭغان كوچىلارنى، چىرايلىق بىنالارنى، مال بىلەن تولغان ماگىزىنلارنى كۆرۈپلا ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بەختلىك ئىكەن، تۇرمۇشى پاراۋان ئىكەن دەپ، مىليونلاپ ئادەملەرنىڭ ئاچلىقتا ئۆلۈۋاتقانلىقىنى، پاخال ئۈستىدە ياتقانلارنى، مايغا چۆمۈلۈپ ئىشلەپ، يېرىم يالىڭاچ هايات كەچۈرۈۋاتقان ئادەملەرنى كۆرەلمەيدۇ. بۇنىمۇ كۆرۈشكە كۆز كېرەك، — دېگەنىدى.

ئۇ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ مالىيە بولغان جياڭ جيېشى هۆ-كۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغدىكى شاڭخەينىڭ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە مۇستەملىكە بولۇپ قالغان بومباينىڭ ئۈستىدىكى يالتىراقلىقى ئاستىدا يوقىلىدىغان، ئاھايىتى نۇرغۇن مېهنەتكەش خەلقنىڭ چىداپ بولمايدىغان ئېغىر ۋە ھاقارەتلىك ھاياتىنى كۆرۈپ، جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكە خەلقلەرگە « مەدەنىيەت ئەپكېلىپ بېرىمىز » دەيدىغان ساختا ۋەدىسىنىڭ ئاقىۋىتى ئاچ - يالىڭاچلىق، خورلۇقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ۋە مۇستەمە-لىكىچىلەرنىڭ ئۇياتسىزلىقىنى بىلگەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق بىر سۆز قىلغانىدى.

2 - يانۋار كۈنى ئامېرىكا رادىئوسى فىلىپپىنغا قىلغان « غەمخور-لۇقى » نىڭ باشلانغانلىقىغا ئۈچ يىل تولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ۋارقىراپ ئامېرىكىلىقلارنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇردى. لېكىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ قۇلىقىغا « غەمخورلۇق » توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقان رادىئو كارنىيى ئاغزىدىن فىلىپپىن شائىرى سانگۇنى باتۇڭ بوخەينىڭ «يوقاتقان ئەركىنلىك » ، «بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ جىنايىتى بار ئىدى » ، «مەن كېسىپ تاشلانغان باشنى كۆردۇم » دېگەن شېئىرلىرىدىكى « دات» دېگەن ئاۋازى، كورىيە دېھقان-لىرىنىڭ زار يىغىسى ۋە جۇڭگودا ئېتىلىۋاتقان ئامېرىكا پىلموتلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى. ئېنگلىزلارنىڭ رادىئوسى سەيلونغا، ھىندىس-تانغا، بېرمىغا قىلغان « غەمخورلۇقلىرى » توغرۇلۇق ئاز ۋارقىرىمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئېنگلىزلارنىڭ بېرما ھۆكۈمەت باشلىقى ئاۋۇ-نىمەن بىلەن ئۇنىڭ تۆت ھەمراھىنى ئۆلتۈرگەن خەنجەرنىڭ تاۋۇشى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇنانلىقلارغا، كەشمىرلىكلەرگە، مالايالىقلارغا قارشى ئېتىلغۋاتقان زەمبىرەكى ئاۋازلىرى بېسىپ كېتىپ بارماقتا.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكى نېمە ئۈچۈن گوللاندىيە مۇستەملىكچىلىرىگە قورال بېرىدۇ؟ ياكى ھىندونېزىيە خەلقى ئادالەتسىزلىك قىلىپ گوللاندىيىلىكلەرنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىشقا قەست قىلدىمۇ؟... ئۇنداق ئەمەس. نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا جاھانگىرلىكى «ئادىللىق، تېنچلىق، خەلقچىللىق، خەلق ھوقۇقى» دەپ ۋارقىرايدۇ؟ ئادالەتلىك، تېنچلىق خەلقچىللىق ۋە خەلق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىۋاتقان گوللاندىيە جاھانگىرلىكىگە ياردەملىشىدۇ؟ چوڭقۇرراق تەكشۈرسەك، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ چىرايلىق سۆزلىرى بىر خىل نىقاپ ئىكەن. ئۇ نىقاپنى ئاچساق ئادىللىق دېگەن سۆزنىڭ ئارقىسىدا دۇنيا ھۆكۈمرانلىقى، تېنچلىق ئارقىسىدا جاھانگىرلىك سوقۇشى، خەلقچىللىق ئارقىسىدا فاشىستلىق، خەلق ھوقۇقى ئارقىسىدا بولسا، دۇنيا خەلقىنى قۇل قىلىش دېگەن سۆزلەر يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

بىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ دانا سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ قەلبىدە يالغۇز جۇڭگو خەلقىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا ئېزىلگۈچى خەلقى بارلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ئەخمەتجان قاسىمى ئازادلىق يولىدا مىللەتچىلىكنىڭ ھېچنېمىگە يارىمايدىغان ئوسال ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى دائىم سۆزلىدى. ئۇ بۇ ھەقتە: «مىللەتچىلىك بىلەن خەلقچىللىق بىر جايدا بولالمايدۇ» دەپ كەسكىن ئېيتقاندى. ئۇ يەنە مىللىي زۇلۇم يوقالغاندىلا ھەممە مىللەت باراۋەر بولۇپ ياشىيالايدىغانلىقىنى، خەلقچىللىقنى يولغا قويغىلى بولىدىغانلىقىنى خەلقىمىزنىڭ ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن شۇ يولدا چوقۇم مېڭىشى لازىملىقىنى ئېيتىپ كەلدى.

«مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى تەمىن قىلىدىغان بىر يول بار. ئۇ خەلقچىللىق يولى، ھەر كىم ئۆز مىللىتىنىڭ ئازادلىقىنى چىن كۆڭلى بىلەن خالايدىغان بولسا، خەلقچىل سىياسەتنىڭ تورمۇشقا ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ بېرىشى لازىم...» دېگەنىدى

ئەخمەتجان قاسىمى .

ئومۇمەن ، ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئەمەلىيىتىمۇ ، نەزەرىيىسىمۇ خەلقچىللىق بىلەن سۇغۇرۇلغاندى . شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇنى ھەقىقىي دانىشمەن دوستىمىز دەپ بىلدى . ئۇنىڭغا رەسمىيەتچىلىك ھۆرمىتى بىلەن ئەمەس ، دوستلۇق ، قېرىنداشلىقنىڭ چوڭقۇر ئورناشقان مۇھەببىتى بىلەن قارىدى . بۇ نەرسە ئۇنىڭ پاجىئەلىك قۇربان بولغان خەۋىرى ئاڭلانغاندىن كېيىن ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىپادىلەندى . خەلق ئۇنىڭ ۋاپاتىغا غايەت چوڭقۇر ئېچىندى . بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆيلەردە ، كوچىلاردا ، يېزا ـ سەھرا ، قىر ـ داللاردا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ يۈرگەن ئادەملەر ھېسابسىز تۈرغۈن بولدى .

ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىر قېتىملا ھەمسۆھبەت بولغان كىشى ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ يېقىن مۇھەببەتلىك دوست بولۇپ قالاتتى . چۈنكى ، ئۇ كىشى ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلغۇچى ، ھەممىنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرگۈچى پەزىلەت ئىگىسى ئىدى . بىرەر كىشى كۆڭلىدە بارىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا ، ئۇ ، سۆزنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايتتى . ئۇنىڭغا دات ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن كىشى قانائەتلىنىپ ، راھەتلىنىپ خۇشال قايتاتتى . كۆپ ئادەملەر ، خۇسۇسەن بىزنىڭ قېنىمىزغا سىڭىپ قالغان ئادەت بويىچە توغرىراقىنى ئېيتسام ، بىزنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەن ئادەملىرىمىز رەھبىرىي ئورۇندىكى كىشىگە ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزىنى ئېيتالماي قالىدۇ . ئۇنىڭ سەۋەبى ، رەھبەر ئورۇندىنلا سۇرلۇك بولۇپ كۆرۈنۈپ كەلگەن ، « ئېغىز دېگەننىڭ پاشىنىسى يوق ، ئەگەر بىرەر قاملاشمىغان سۆز ئاغزىمدىن چىقىپ كەتسە ، ياكى ئۇنىڭغا ياقمايدىغان سۆزلەرنى ئېيتىپ قويسام ، بالاغا قالمايمەنمۇ » — دەپ ئەندىشە قىلىشىدۇ . بۇ ئەھۋال نەچچە يۈز يىل داۋام قىلىپ كېلىپ ، ئەخمەتجان قاسىمنىڭ كۆلۈمسىرەپ تۇرىدىغان مۇلايىم قىياپىتى ئالدىدا يېشىلىشكە باشلىنغاندى .

ئۇ ، مەغرۇرلۇق ، ماختانچاقلىقتىن ، ئالدامچىلىقتىن ، ئالدىراڭغۇلۇقتىن خالى بولغان ساغلام تەبىئەتلىك رەھىمدىل ئادەم ئىدى .

بىز ئۆتكەن ۋاقىتلاردا ئۆلكىمىزدە ئەخمەتجان قاسىمىدەك پۇختا بىلىملىك ، ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن ، ئىجتىمائىيلاشقان بىر ئادەمنىڭ رەھبەر بولۇپ كۆتۈرۈلگىنىنى خاتىرىلىيەلمەيمىز . ئەخمەتجان قاسىمنى بىزنىڭ ھوقۇق ، ئادالەت ئۈچۈن بولغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىي تارىخىمىز يارىتىپ بەرگەن ئادەم . بىزگە مەلۇم بولغان ئۆلكە تارىخىدا رەھبەر بولغان ئادەملەر كۆپرەك ئاقسۆڭەكلەر ياكى بىرەر مۇناسىۋەت بىلەن ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىۋالغان ، لېكىن خەلقتىن يىراق ياشاپ ، خەلققە نەيزە ، قىلىچىنىڭ ياردىمى بىلەن « رەھبەر » لىك قىلىدىغان ئادەملەر ئىدى . ئەخمەتجان قاسىمى بولسا ، خەلق ئىچىدىن ، يەنى تۆۋەنكى قاتلام ئىچىدىن چىنىقىپ چىققان ، خەلقنىڭ قىممەتلىك دوستى ۋە ھەقىقىي رەھبىرى ئىدى . ئۇ خەلقىمىز ئىچىدىن قاراڭغۇدا پاللىداپ كۆرۈنگەن چاقماقتەك نۇرلىنىپ ئۆچتى . ئۇنىڭ تېخى خەلق ئۈچۈن قىلىدىغان خىزمىتى ، سۆزلەيدىغان سۆزلىرى ناھايىتى جىق ئىدى .

× ×

بىر كۈنى ئەخمەتجان قاسىمنى «ئالغا گېزىتى» ئىدارىسىدە ئۇچراتتىم .

— ھە ، سىز بۇ يەردە ئىكەنسىز ، — دەپ كىرىپ كەلدى - دە ، قولۇمنى سىقىپ كۆرۈشتى .

— «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ ئەدەبىيات قىسمى توغرىسىدا سەيپىدىن ئەپەندى بىلەن مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم ، يوق ئىكەن ، — دېدىم .

— سىلەر يېزىلىۋاتقان شېئىرلارغا قانداق قارايسىلەر ؟ — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى سەممىي ھالدا ، — مېنىڭچە بىرقانچە شېئىرلار تولاراق يىغلايدىغۇ ، بەزىلىرى بولسا يالغان مەدھىيە بىلەن تولغان . مەنىسىز شېئىرلارغا ژۇرنالدىن ئورۇن بەرمەسلىك كېرەك . غەيرەت بېرىدىغان شېئىرلار قانچە كۆپ بولسىمۇ ئورۇن بېرىمىز .

— شېئىرلارنىڭ كۆپى جەنۇبقا قارىتىلىۋاتىدۇ ، ئەپەندىم ، ئۇ

يەردە تۇرمۇش ئۆزى يېغىلاڭغۇ بولغانلىقتىن شۇ ياققا ئاتاپ يېزىلغان شېئىرلار شۇنداق بولۇۋاتامدىكىن، يەنە غەزەپ نەپرەت كۆپرەك ئىپتىلىۋاتىدۇ، — دېدىم مەن.

— ياش تالانتلارغا ياردەم قىلىش كېرەك. بىزدىن تالانتلىق يازغۇچى، شائىرلار يېتىشىدۇ. ياردەم قىلىش كېرەك، سىز كىملەرنى ئەدەبىياتچىلىقتا تالانتلىق دەپ ئويلايسىز؟

بىر نەرسە دېيەلمەي خېلى تۇرۇپ قالدىم، كېيىن:

— مەن ئۇنى ئاجرىتىپ ئالالىغۇدەك ئەمەسمەن. سېزىشىمچە بىز تېخى يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ قول بىلەن سانىغۇدەك كادىرلىرى ۋە ئەسەرلىرىگە كەمبەغەل بولساق كېرەك، — دېدىم.

— قىسمەن توغرا، لېكىن بىزدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغانلار بار، مەن خاتىرىلەۋاتىمەن. بىز ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەڭ شارائىت يارىتىپ بېرىمىز. ئالدىمىزدا ئىش نۇرغۇن - ھە، مېنىڭچە شېئىر خېلى يېزىلىۋاتىدۇ، نەسرىي ئەسەرلەر كەم. مانا بۇ يېقىندا كۆڭۈل بولۇش كېرەك. بىز فولكلورىمىزنى ئىمپورت قىلىپ ئېلىشقا قاراپ تۇرماي، ئۇنى ئېكسپورت قىلىشىمىز كېرەك. سىلەر فولكلورنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك قىسمىغا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىسىلەر، بۇنىڭغا بىز باي. مانا شۇنى كۆپرەك توپلاپ يېزىپ چىقىش كېرەك. بۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى چوڭ، ھازىرچە شۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولىدىغان مەخسۇس ئادەم تەيىنلەش كېرەك. ئۇنىڭغا كېتىدىغان ئىقتىساتنى ئورۇنلاپ بېرىمىز. يېقىن كەلگۈسىدە ئۆلكىنىڭ پۈتۈن شەھەرلىرىگىچە، بۆلۈڭ - پۇشقاقلىرىغىچە بېرىپ، فولكلور يىغىپ، شۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بىر ھەيئەت قۇرۇشىمىز مۇمكىن.

دۇنيا كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئۆگىنىش كېرەك، گوركىينى، لۇشۈننى، پۇشكىننى، تولستوينى، ئابايىنى، توقايىنى، گيوتىنى، گېيىنىنى، بالزاكنى، شىللىرنى، شېكىسپىرنى ۋە باشقىلارنى ئۆگىنىش كېرەك. مانا شۇ ۋاقىتتا بىزدىنمۇ چوڭ - چوڭ يازغۇچىلار چىقىدۇ.

— ئۇنداق چوڭ يازغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرەر – يېرىمى بولمىسا، يوق ئەپەندىم.

— بۇگۈن بولمىسا، ئەتە بولىدۇ. لېكىن «ئۇژمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرۇش يارىمايدۇ. شۇنداق كىتابلىرى بارلارنىڭ تىلىنىمۇ ئۆگىنىش كېرەك. مانا بۇ يەرنى مەدەنىي ئوچاقىا ئايلاندۇرىمىز،

— ئۇ كوچا تەرەپتىكى دېرىزە يېنىغا كېلىپ، ئىنتىپاق مەدەنىي ئاقارتىش بۆلۈمىگە يانداش سېلىنىۋاتقان يېڭى بىنانى كۆرسەتتى. شەھەرلىك كامىندات جايلاشقان جايدىن توغرا كۆۋرۈككىچە بولغان ئارىلىقتا مەتبەئە، قىرائەتخانا ۋە باشقا تۈرلۈك مەدەنىي مەشغۇلات بىنالىرى ياساش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتتى.

— بۇلارنى ياساشقا بىزنىڭ پۇلىمىز بارمۇ ئەپەندىم، — دېدىم.

— خەلقنىڭ ئىتتىپاقى مەھكەم بولسا، خەلقچىللىق سىياسەت پۈتۈن ئۆلكىدە مەھكەم ئورناشسا، ھەممە نەرسىمىز بولىدۇ، باي بولىمىز. بۈنىڭدىن نەچچە ھەسسە جىق نەرسە ياسايمىز. شەھەرلىرىمىزنىڭ كوچىلىرى گۈل – گۈلستان بولىدۇ.

ئۇ، خەلقلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى تەگدىشى يوق، ھەممىنى ھەل قىلغۇچى ئۇلۇغ كۈچ دەپ، بۇ كۈچ خەلقچىللىق سىياسەت بىلەن يۇغۇرۇلغاندا تۈگىمەس – پۈتمەس بولىدىغانلىقىنى دائىم ئېيتىپ كەلگەن.

بۇنداق سۆزلەر خەلقچىلمەن دېگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى مۇمكىن. بىراق ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەل قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى، كەمتەرلىك بىلەن شۇ يولدا زېرىكمەي ئىشلىشى كېرەك. مانا ئەخمەتجان قاسىمى شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ خەلقنىڭ كۈچىنى بىر جايغا توپلىيالىغان، خەلقچىللىق يولىنى ئەمەلىيەتتە ئۆلگە بولۇپ كۆرسەتەلىگەن ئادەم ئىدى.

× ×

بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ قۇشلار توغرۇلۇق سۆزلىگىنىنى ئاڭلىدىم. ئۇ مۇنداق بىر سەۋەبتىن كېلىپ چىققانىدى:

بىر كۈنى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىغا بىر بۇرادەر مەسەل يېزىپ كەپتۇ.

ژۇرنالىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى ئۇنى كۆرۈپ چىقتى. بۇنىڭ ئۈستىدە خىلى پىكىرلەر بولدى. مەن بۇ مەسىلىدە قاغىغا بېرىلگەن خۇسۇسىيەت يازغۇچى دېمەكچى بولغان مىجەزنىڭ ۋەكىلى بولماي، ئەكس ھالدا ياخشىلىقنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ، دېگەن پىكىرنى بەرگەنىدىم.

ئەخمەتجان قاسىمى:

— بۇ توغرا، قاغا كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزگۈچى قۇش. ئۇ دېھقانلارنىڭ قوغۇن-تاۋۇزلىرىنى تېشىۋېتىدۇ، ئاشلىقنى ئوغۇرلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزگۈچىنىڭ قىلىغىنى كۆچۈرۈش بولماسمىكىن، — دېدى.

— قاغىنىڭ ئورنىغا كەپتەرنى ئالسىمۇ بوپتىكەن، — دېدى.

— سىلەر كەپتەرگە قانداق قارايسىلەر؟ — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى.

بىز:

— ياۋاش قۇش ئەپەندىم، — دېدۇق.

ئۇ كەپتەر بىلەن ھۆپۈپنى سېلىشتۇرۇپ:

— بىزنىڭ خەلقىمىز كەپتەرنى مۇلايىم، ياۋاش، ياخشى قۇش دەپ ھىمايە قىلىشىدۇ، بىراق، مۇلايىم بولغىنى توزۇك، ئەمما تولىمۇ ياۋاش بولۇپ كېتىشنىڭ ئانچە پايدىسى يوق. كەپتەر خەلق ھېسابىغا ياشايدىغان ھورۇن قۇش. ئۇ خەلقنىڭ تەييار دېنىنى يېيىشنى خالايدۇ. بىزنىڭ خەلقىمىز ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلمايدۇ. ھۆپۈپنى بولسا، يامان كۆرۈشىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. ھۆپۈپنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى بىلىش كېرەك. ئۇ، ئۇزۇن تۇمشۇقى بىلەن ئادەملەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان موزايىۋېشىغا ئوخشاش زىيانداش ھاشارەتلەرنى يەيدۇ. ئۇ كەپتەرگە ئوخشاش «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەپ بويىنىنى ئېگىپ تۇرمايدۇ، چېلىشىدۇ، ئەمگەكچى قۇش.

مەن ئۇنىڭ 1949-يىلى ئەتىيازلىقى غۇلجا شەھرىنىڭ شىمالىدا خەلق ئىستىراھەت بېغى بەرپا قىلىش ئۈچۈن غۇلجا شەھەر ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۆچەت تىكىش كۈنلىرىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەرقانداق ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك كۈچلۈك سالماق بىلەن كەتمەن چاپقانلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتكۈم كېلىدۇ.

ئۇ شۇ كۈنى ھەممىدىن كۆپ ئىشلىدى ۋە ھەممىدىن جىق كۆ-چەت تىكتى. يۇقىرى ئورۇندىكى باشلىقلارنىڭ خەلق بىلەن ئەمگەككە قاتناشقانلىرىنى مەن خېلى كۆرگەن. ئۇلارنىڭ بەزىسى شەكىل ئۈچۈن ئەمگەك قىلىپ قوياتتى. لېكىن ئەخمەتجان ئۇنداق شەكىلۋاز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن يېقىن يۈرگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەمگەك بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، كېچە ـ كۈندۈزلەپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ غېمىنى ھەممىدىن كۆپرەك يەپ، ھەتتا دىم ئېلىش ۋاقتىدىمۇ خەلقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئۆگىنىدىغانلىقىنى، ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنى زوق بىلەن سۆزلەيدۇ.

ئۇ بىرنەچچە قېتىم: «ئادالەت ئۇلۇغ، مېنىڭ ئارزۇيۇم شۇنى كۆرۈش» دېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىغىمۇ شۇ ئارزۇسى بويىچە «ئادىل، ئادالەت» دەپ ئىسىم قويغانىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى بىزدىن جىسمانىي ئايرىلدى. لېكىن خەلقىمىزنىڭ بۇ چوڭ رەھبىرى ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان شانلىق كۆرەش تارىخىمىزدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

ئەخمەتجان ـــ خەلقىمىزنىڭ ئەقىل ـ ئىدرىكى ۋە ئەۋلادلار ئېڭىدا ئەبەدىي ياشايدۇ.

بىز قايغۇمىزنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ خەلقچىل يولىغا ۋە ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا ۋارىسلىق قىلماقتىمىز. جۇڭگو خەلقىنىڭ چە-ۋەر داھىسى ماۋزېدۇڭ رەھبەرلىك قىلغان يېڭى دېموكراتىزم يولىدا، ئەخمەتجان قاسىمى بەرپا قىلماقچى بولغان گۈللەنگەن بەخت ـ سائادەت-لىك يېڭى ئۆلكە قۇرۇش ئۈچۈن ئالغا چامدىماقتىمىز.

1952 ـ يىلى، 8 ـ ئاي.

# پەرمان

بار ئىكەن ـ دە ، يوق ئىكەن ، ئاچ ئىكەن ـ دە ، توق ئىكەن ، بىزنىڭ يۇرتىمىزدا تۇيۇقسىزلا «باشقان » دېگەن بىر ئىدارە پەيدا بولغانىكەن . ئۇنىڭ باشلىقى ئەخمەق ئىكەن . خەلق بىئارام ئىكەن .

— «باشقان » ، بۇ نېمدېگەن سۆز ؟

— مەن نېمە بىلەي ، ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم ئاڭلىدىم .

— سەن بىلەمسەن ؟

— سەنچۇ ؟

خەلق تېخى شۇ بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەي ھەيران بو- لۇپ يۈرسە ، بىر كۈنى باشقانىنىڭ رەئىسى :

« ھەر بىر كويلۇلىرىڭ چالىشىپ بىردەن بۆيرە ياپىپ باشقا نىيەگە كېلدىرمىشىن بيۇرۇيۇرمە . . . » دىگەن مەزمۇندا پەرمان يېزىپ دېھقانلارغا چىقىرىپتۇ . لېكىن دېھقانلار ئارىسىدا بۇ پەرماننىڭ مەزمۇنىغا چۈشەنگۈدەك بىرمۇ كىشى تېپىلماستىن نۇرغۇن غۇلغۇلا بوپتۇ.

— بىزچە خەتتەك تۇرىدىغۇ بۇ ، سەن نېمشقا ئوقۇيالمايسەن ، ھە؟

— پەقەت چۈشىنەلمىدىم .

— ئېسىت . سىلەرنىڭ مەكتەپتە ئوقىغىنىڭلار! — دېدى بوۋاي ، — خەتنى ئۈچىنچى ئوقۇغۇچىنىڭ قولىدىن جۇدۇن بىلەن تار- تىۋېلىپ ، يەنە بىرسىگە سۇندى .

تۆتىنچى ئوقۇغۇچى :

— ھەر بىر كويلۇ ... لەك ... لىرىڭ ...

نېمە ، نېمە دەيسەن ، يەنە كۆڭلەك ؟

— نېمە دېسەك بولىدىكىن ـ تاڭ ، بىردىن كۆڭلەك دېگەندەك قىلىدىغۇ .

— سەنمۇ بىلمىدىڭ ، مە ، ئەمدى سەن ئوقۇپ باق ! — دېدى

ھىلىقى بوۋاي . ئەرز ۋە سالام خەت يېزىپ كۈن كەچۈرىدىغان دۇمچەك بىر كىشى ئوقۇشقا باشلىدى :

— ھەر بىر ... كولەر ... لىر ... لىرىك . چالىق ، لىشىپ ، بىردەن ، بىر بوير ... كورە ...

— ئەستاغپۇرۇللا ، بۇ نېمە گەپ ، زادى نېمە دەيدىغاندۇ ؟

— چار ئارىلاشمىغان بىر دادەن بىر كۆرىدىن بوغداي بېرىسلەر دېگەنگە ئوخشايدۇ .

توپىلىشۇالغان دېھقانلارنىڭ مېگىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى . يەنە ئاز - تولا ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىدىغان بىر كىشى :

— ياق ، توختاڭلار ! بۇ بوغداي سىلىقى توغرىسىدىكى سۆز ئەمەس ، مانا بۇ يەردە باشنى يە ، دەپتۇ .

— توۋا ، زادى شۇ باشنى يە دېگەن نېمە دېگەن سۆز .

— باشنى يە ، ياق بۇلار يە دېمەيدۇ ، بەر دەيدۇ .

ئالاھەزەل قىياس جىق ماجىرا بولدى . دېھقانلار بۇ پەرماندىن ھېچنەرسە ئۇقالماي ، ئەنسىرەپ ئاخىر شەھەرگە كىرىشتى . شەھەردە خەنزۇچە تىلدا يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇپ ، چۈشەندۈرگۈدەك خېلى كىشىلەر ئۇچرىسىمۇ ، تېخى بۇ خىلدىكى غەلىتە يېڭى پەرمانلارنى ئوقۇپ بېرىدىغان « مەلۇماتلىق » كىشىلەرنى ئۇچرىتىش ناھايىتى قىيىن بولدى .

دېھقانلارمۇ شۇ پەرمان چىققان باشقانىڭ ئۆزىگە كېلىپ ، قەستەن شۇنداق تىلدا سۆزلەيدىغان كىشى تېپىپ تەرجىمە قىلدۇردىمۇ ، يە بولمىسا شەھەردە شۇنداق بىرەر كىشى ئۇچراپ قالدىمۇ ، ئۇنىسى بىزگە نامەلۇم ، ھەرھالدا پەرماننىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغان بولۇشى كېرەك . « ھەر بىر دېھقاننىڭ باش ئىدارىگە بىردىن بۆر تۇتۇپ ئەكېلىپ بېرىشى » بۇيرۇلغانمىش .

دېھقانلار ھېچقاچان مۇنچە سەرگەردان بولۇپ ئازاپ چەكمىگەن بولغىدى . ئەر - خوتۇن ھەممىسى تاغۇ - تاشلارنى كېزىپ مىڭ بىر بالالىقتا بىرنەچچە بۆرىنى تىرىك تۇتۇشتى ؛ ئۇلار تاياق - توقماقلار بىلەن قوراللانغان ھالدا قورقۇنچ ۋە دەھشەت ئىچىدە بۆلارنى سۆرەپ يۈرۈپ

ئاران دېگەندە باشقانغا ئېلىپ كېلىشتى .

باشقان رەئىسى ئۇردىسىنىڭ بۆرىلەر بىلەن تولغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى قورقۇپ كەتتى . ئۇ شۇنچە ئېغىر نەپەس ئالاتتىكى ، ھەر تىنىقىدا ئىككىلىك ئورۇقلاپ كەتكەندەك بولاتتى . بىر دەمدىلا ئۇنىڭ ئۇزۇن ئىنچىكە بوينى ياغاچتەك قېتىپ قالدى . ئاقارغان چاچلىرى ۋە قىسقا قىرقىلغان ئاق بۇرۇتلىرى ، يېڭىندەك بولۇپ ھەر تەرەپكە تىك تۇرۇپ كەتتى . دېھقانلار ئۇنىڭ مۇردىدەك قېتىپ قالغان سۆرۈن قىياپىتىگە قاراپ ، چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە جىم تۇرۇشاتتى . بىر ھازادىن كېيىن رەئىس جان كىرىۋۇتقان مۇردىدەك كۆزىنى لاپ قىلىپ ئاچتى - دە ، جېنىنىڭ بارىچە :

— ئاھ ، ۋەھشىلەرنىڭ پالاكىتى !! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىۋەتتى . ئۇ ، بۇ ھادىسىنى باشقان رەئىسكە بولغان قارشىلىق دەپ چۈشەندى - دە ، دېھقانلارغا قاتتىق جازا بېرىشنى بۇيرىدى .

دېھقانلار بىرنەچچە كېچە - كۈندۈز تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ، ئاچ ۋە ھارغىنلىقلىرى ئۈستىگە يەنە بىرقانچىدىن تاياق يەپ ، ھاقارەتلىنىپ ئىككىنچى بۆرە تۇتماسلىققا تووا قىلدۇرۇلدى . ئۇلار بۆرىلەرنى يەنە دالىغا ئېلىپ چىقىپ ، قويۇپ بېرىشكە پەرمان ئېلىپ ، ئاران قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىشتى . ئەسلىدە پەرمان : « دېھقانلار تىرىشىپ بىردىن بورا توقۇپ ئېلىپ كەلسۇن » دېگەن مەزمۇندا ئىدى . خاتالىق تەرجىماندىن بولدىمۇ ياكى يۇرتىمىزنىڭ خەلقى ھېچ ئۇقمايدىغان تىلدا پەرمان يازغان كاتىپتىنمۇ ، ئىشقىلىپ ئۆتكەن . توغرىسىنى ئېيتقاندا ، قەستەن شۇ تىلدا سۆزلەشنى تەشەببۇس قىلغان رەئىسنىڭ ئۆزىدىن ئۆتكەن . ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق سۆزلەرنى ئۇقالمىغان بىچارە دېھقانلارنىڭ شۇنچە جىق ئازاب چەككىنى ۋە جازالانغىنى ناھايىتى ئوسال ئىش بولدى .

1948 - يىلى ، غۇلجا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى بارمىقىم بىلەن

ياڭ ۋە جىن دېگەن جياڭجۈنلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرلەردە ئۈرۈمچىدىكى قارا بۇت ئۆزىنىڭ بايلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ يەر - زېمىن ۋە كىرىم بېرىپ تۇرىدىغان ئورۇنلىرىنىڭ كۆپلىكى بىلەن شىنجاڭدىكى پۈتۈن بۇتلارنىڭ خوجايىنى دېگۈدەك ئورۇندا تۇراتتى. قارا بۇتنىڭ مال - مۈلكىنى باشقۇرغۇچىلار ئۇنى باشقا تىرىك جازانىخورلاردىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتىدىغان دوكاراق، چوڭ جازانىخورلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار پارچە - پۇرات كىشىلەرگە پۇل بېرىشكە نومۇس قىلىپ، شىيەنگەن، دوتەي ۋە لويىلىق مەنسەپلىرىنى ئېلىشقا دەۋالىشىۋاتقان بولغۇسى ئەمەلدارلارغا ئايماي پۇل بېرىپ تۇراتتى. نەتىجىدە قارا بۇتنىڭ مېھمانخانىلىرىدا جياڭجۈندىن مەنسەپ سوراپ بىرنەچچە يىللاردىن بېرى ياتقان مەنسەپ سېتىۋالغۇچى ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن قەرزدار بولۇپ قالاتتى.

ئۇن يىللاپ كۈتۈپ يېنىچە ياتماق ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇلار ئەپيۇن چېكىپ كەيىپ بولۇپ، ئاچچىق - چۈچۈك ۋە تاتلىق خىيال سۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى قىسقا ئويلايدىغان قورقاقلىرى پىلدىرلاپ تۇرغان جىن چىراغنىڭ يېنىدا يېتىپ ئەپيۇن شوراپ قورقۇنۇچلۇق خىياللارغا چۆمۈپ كېتىدۇ: «قەرزىم تاغدەك ئۆسۈپ كېتىپ بارىدۇ. بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ مېنى باسماقتا. ئايمۇ - ئاي كۆكلەپ، ئۆسۈمى كۆپەيمەكتە. ھەي، ئېست، ئۆمچۈكنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالدىم - دە، مۇشۇنداق چىرمىلىۋېرىسەم، ھالاكەتكە ئۇچرىمايمەنمۇ؟ ھە، ئەلۋەتتە چاپسانراق مەنسەپ ئالالمىسام ياكى مۇتلەق ئالالمىسام قەرز تېغى ئاستىدا يەنچىلىپ كېتىمەن. نېمىشقا بۇ جياڭجۈن يامۇلىدىكى ئەمەلدارلار شۇنچە بەرگەن پارەمگە تېخىچىلا تويمايدۇ. بۇ پارىلارنىڭ، بۇ يالۋۇرۇپ باش قويۇشلارنىڭ ئاقىۋىتى قاچان تۈگەيدىكىن؟ ئەگەر مەنسەپ ئالسام، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان دارامەت قەرزىمنى

قايلاپ كېتەرمۇ ؟...»

لېكىن ھەممىسلا مۇنداق قىسقا ئويلىمايتتى. بەزى ئۇزاقنى كۆرىدىغان پاراسەتلىك، بولغۇسى مەنسەپدارلار باشقىراق ئويلايتتى: «چوگراق شەھەرنىڭ شيەنگەنلىكى تېگىپ قالسا، ئۇھ، بەخت، بەختەلەي دېگەن مانا شۇ. تىيانشاندەك ئېغىر قەرزىم بولسىمۇ، ئالتە ئاي ئۆتمەي تۆلىيمەن. ئەگەر ئىككى يىل شيەنجاگلىق قىلىۋالسام، بالامدىن ـ بالامغا قالغۇدەك دۇنياغا ئىگە بولۇپ قالىمەن. يان ـ يانلىكى ۋە ئارقا ئىشىكلەردىن كىرىۋاتقان ئالتۇن، كۈمۈش ـ يامبۇ ۋە پۇللار، گىلەم، ساماۋارغا ئوخشاش ئۆي ـ جاھازلىرىنىڭ ھېسابىنى ئېلىشقا ۋاقتىم كېرەك، يۈرتىنى سوراش ئىشىدىن ئۇنى سوراش ئىشىغا كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىش كېرەك. مانا بۇنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك شېرىكلەر كېرەك. مۇنداق دوست ـ يارانلارنى ئەلۋەتتە يەرلىك بەگلەردىن، خۇشامەتچى مۆتىۋەرلەردىن تاپىمەن ـ دە...»

بۇ خىياللارنى قىلغۇچىلار شۇ دەۋرنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ، جاھالەت ۋە زۇلۇم زەنجىرىگە چىرمالغان خەلقنىڭ ئۈستىدىن ھەرقانداق زورلۇق، زۇلۇم ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭچىلىق قولىدىن كېلىدىغان كىشىلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئىشلارنى قۇرۇق خىيال دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ دوست ـ يارەنلىرى بۇنداق ئىشلارنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە نۇرغۇن مەنسەپ سودىگەرلىرى شۇنداق شيەنگەنلىكنىڭ مېغىزىنى چاققانىدى. بارغانلا يەردىن قازىنىمۇ، چۆمۈچىمۇ ياغ بولۇپ قايتقانىدى.

مانا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى قارا بۇتنىڭ قەرزدارلىرىدىن قىسقا ئويلايدىغان بىرى قەشقەر شەھرىنىڭ شيەنگەنلىك مەنسىپىگە سايلىنىپ قالدى. بۇ يېڭى شيەنجاڭنىڭ قولىغا شيەنگەنلىك گۆھسا كېلىپ تېگىشى بىلەن ھاياجان ئىچىدە ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ گۆھسىنى نەچچە قېتىم ياندۇرۇپ ـ ياندۇرۇپ ئوقۇدى. ئىمىر ـ چىمىر بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى بىرقانچە قېتىم ئۇۋۇلىدى. خۇشاللىقىدىن زەي يۇراپ تۇرغان ئۆينىڭ ئىچىدە نەچچە قېتىم ئايلاندى. خېلى ۋاقىتلاردىن بېرى

بۇ يېڭى شىيەنگەننىڭ كىرلىشىپ كەتكەن مەلەگزىسىگە ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىشىنىڭ قولى تەگمىگەنىدى. كىشىلەر بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قوتۇر كۈچۈكلەرمۇ بىرەر نەرسە تەمە قىلىپ، بۇ مەلەگزىنى پۇرىماس بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن بولسا، جىمجىتلىق ۋە قايغۇ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدا دوست ـ يارەنلىرىنىڭ تەبرىكلەپ ئاتقان پوجاڭزىلىرىنىڭ ئاۋازى چاڭىلداپ تۇراتتى. قىزىل قەغەزلەرگە يېزىلغان تەبرىكنامىلەر چاپلانماقتا. سالپىيىپ تۇرغان مۆگۈلۈق مەلەگزە مۇبارەكلەپ كەلگەن مېھمانلارنىڭ قولىدا تىنماي ئويناپ تۇرماقتا.

مانا ئەمدى بۇ تەنتەنە باشلانغان ئۆيدە قەشقەر شەھرىنىڭ تەقدىرى قولىغا تاپشۇرۇلغان «ئۇلۇغ» ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىغا ھېچكىم گۇمان قىلمايتتى. خېلى ۋاقىتلار غىچە مۇشۇ زېمىن ئۆيدە قورۇتتەك لۈمشۈپ ياتقان بۇ كىشى قولىدىكى «مۇبارەك» گۈگىسا بىلەنلا شۇنداق كۈچلۈك بىر كىشىگە ئايلاندىكى، ئۇ ھازىر خالىسا قەشقەر خەلقىنى يۇغۇرۇپ پوگزەك قىلىپ تېپىدۇ، خالىسا لەغمەن قىلىپ سوزىدۇ.

يېڭى شىيەنجاڭ ئىشەنچلىك كاتتا ئادەمگە ئايلانغانلىقى ئۈچۈن قارا بۇتنىڭ خەزىنىسىدىن خالىغىنىچە قەرز پۇل ئېلىپ، مەيە بىلەن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ كۈچاردىن ئۆتكۈچە ئۆي ـ جابدۇق ۋە تۈرلۈك ماللارنى بېسىپ ئۇرۇمچىگە كېلىۋاتقان ئوتتۇز نەچچە ھارۋىنى ئۇچراتتى.

ئۇ ھارۋىكەشلەردىن:

ــ بۇ كىمنىڭ يۈكى؟ ــ دەپ سوراپ ماڭاتتى.

ھارۋىكەشلەر:

ــ ئورنىدىن چۈشكەن شىيەنگەننىڭ، ــ دەپ جاۋاب بېرىشەتتى.

يېڭى شىيەنگەن بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، ئۆز يولىنى داۋام قىلاتتى. چۈنكى بۇ قىسقا ئويلايدىغان ئادەم بولغىنى ئۈچۈن ئىككى يىل شىيەنگەن بولۇپ شۇنچە دۇنياغا ئىگە بولۇشقا كۆزى يەتمەيتتى. ئۇ ئاقسۇدىن ئۆتكۈچە يەنە كونا شىيەنجاڭنىڭ ئون نەچچە ھارۋا يۈكىنى ئۇچراتتى. مارالبېشىدىن ئۆتكەندە بولسا، كونا شىيەنگەن بىلەن يېڭى شىيەنگەن يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالدى. كونا شىيەنگەن يەتتە ئات قوشقان ھارۋىغا

ئالتۇن ، كۈمۈش ، گىلەم ۋە يىپەكلىك ماللارنى بېسىپ ، ئۈستىگە ئۆي ياساپ كىرىۋالغانىدى . ئۇ قاتمۇ - قات تاۋار كۆپىلەر ئۈستىدە غاگزىسىنى شوراپ سېسىق كېكىرىپ ئولتۇراتتى . يېگى شيەنگەن بولسا ، شامالدا ئۇچۇۋاتقان پانۇس لەگلىكدەك لەپىلدەپ كېتىپ بارغان ئورۇق بىر ئات قوشقان مەپىدە ئەسنەپ ئولتۇراتتى .

يېگى شيەنگەن كونا شيەنگەننىڭ ئىككى يىل ئىچىدىلا شۇنچە دۇنيا - دەپىنگە ئىگە بولۇشىدا مەلۇم بىر سىر بولۇش كېرەك . دەپ ئويلىدى . مانا شۇنى بىلىۋېلىپ چاپسانراق باي بولۇشنى ئارزۇ قىلدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ كونا شيەنگەندىن تۆۋەنچىلىك بىلەن سوراشقا باشلىدى .

ـ ھۆرمەتلىك دارىن جاناپلىرى ، ئەگەر مالال كەلمىسە ئۆزلىرىدىن بىر نەرسىنى سوراپ ئالغۇم كېلىدۇ .

— خوش قېنى يەنە نېمە سورىماقچىسەن ؟ — دېدى ئورنىدىن چۈشكەن شيەنگەن تەنە قىلىۋېراق ، بۇ تەنە ئۇنىڭ « يەنە » دېگەن سۆزىدە ئىپادە قىلىناتتى . چۈنكى ، بۇ « يەنە » سەن تېخىمۇ نۇرغۇن بايلىق توپلايدىغان ئورنۇمنى تارتىۋالدىڭ ، ئەمدى يەنە مەندىن نېمە سورىماقچىدىڭ ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى . لېكىن يېگى شيەنگەن ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاداۋىتى بارلىقىنى ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەنە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەستىن ، ئۇمۇ نۇرغۇن دۇنيا توپلاشنىڭ قايغۇسىدا بىلىۋالماقچى بولغان سىرىنى سوراۋەردى .

ـ ئۆزلىرىدىن سورىماقچى بولغىنىم ، تەقسىر ، شۇ قاتارلىق كۆپ بايلىقنى ئاز ۋاقىت ئىچىدە قانداق يول بىلەن توپلاشقا مۇمكىن بولدىكىن ؟

كونا شيەنگەن غاگزىسىنى ئاغزىدىن چىقاردى - دە ، بىر مۇرسىنى سەل كۆتۈرۈپ ئەپيۈندا ساغىرىپ كەتكەن چىشىنى كۆرسەتتى .

ـ مەن — دېدى ئۇ ، پەخىرلەنگەن قىياپەتتە ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ — مانا مۇشۇ ئىككى بارمىقىم بىلەن توپلىدىم .

ـ شۇنچە دۇنيانى توپلاشقا ئىككى بارماقنىڭ كۈچى يېتەرمۇ تەقسىر ، جانابلىرى ... بۇنىڭدا بىرەر سىر بولۇشى كېرەككۇ ، دەيمەن ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

— ئەخمەق ! مەن سېھىرگەر ياكى جادۇگەر ئەمەسمەن ، بۇنىڭدا سىر نېمە ئىش قىلىدۇ .

— خوش . تەقسىر ، شۇنداق ئەلۋەتتە ، مەسىلەن ، بولمىسا بۇنىڭ ماھىيىتى قەيەردىكىن .

— سەن ناھايىتى قىسقا ئويلايدىكەنسەن . شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭ يەتمىسە ، نېمە دەپ شىيەنجاڭلىقنى تالاشتىڭكىن .

— قېنى ـ قېنى پاراسەتلىك جانابلىرى ، بىزگىمۇ ئۆگىتىپ قويىسىڭىز ، كۆرسەتكەن ياردىمىڭىزنى ئۇنتۇماس ئىدۇق ، — دەپ ئىككى پۈكلىنىپ تازىم قىلدى يېڭى شىيەنجاڭ .

— سەن ئىدارە قىلىدىغان يەردىكى خەلقنى قوتاندىكى قويۇم ياكى سېغىن كالام ، دەپ پەرەز قىلساڭ بولۇۋېرىدۇ .

— خوش ـ خوش شۇنداق ئەلۋەتتە ، قېنى ـ قېنى سىلە ئۇلارنى قانداق سويۇپ ، قانداق ساغدىلا ؟ تەقسىر ، خۇددى مانا شۇنى ئىلتىپات قىلىپ ، مانا شۇنى .

— مەسىلەن ، بېشىنى ئېگىزرەك كۆتۈرگەن بىرسىنى « سەن يامان! » دەپ ئىشارەت بارمىقىمنى كۆرسىتىپ قويسام ، قورقۇپ كېتىپ ، بار دۇنياسىنى ئايىماي ئۆيۈمگە ئېپكېلىپ بېرىدۇ . ئەگەر بەزىسىنى « سەن ياخشى » دەپ باشمالتىقىمنى كۆرسىتىپ قويسام ، خۇشامەت قىلىپ ئۇمۇ ئەڭ ياخشى نەرسىلىرىنى ئۆيۈمگە توشۇيدۇ . مانا قارا شۇ ئىككى بارمىقىم بىلەنلا ئىش پۈتىدۇ .

— ھە ، مۇنداق دېسىلە ، جانابلىرى ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە كۆپ ئەقىل كەتمەيدىكەنغۇ .

كونا شىيەنجاڭ بىلەن يېڭى شىيەنجاڭ خوشلىشىپ ئۆز يوللىرىغا چۈشتى . كونىسىنىڭ ئېغىر ھارۋىسىدىكى يوغان چاقلار ئاستا پىقىرلايتتى . يېڭىسىنىڭ بولسا ، يېنىك مەپىنىڭ چاقلىرى ئىتتىك پىقىراپ كېتىپ باراتتى .

1947 ـ يىلى ، غۇلجا .

# چېنىقىش

## 1

مەتنىيازنىڭ قىچىسى مۇشۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ قىچىلىرىدىن خېلى بۇرۇن تېرىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتاپ كىشىنىڭ تېنىنى تونۇردەك قىزىتىدىغان مەزگىلدە پىشىپ قالدى؛ پىشىپ قالدىلا ئەمەس، توغرىسى، ئورىدىغان ۋاقتىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئادەتتە دېھقانلار قىچىنىڭ موسىنى قاتا ـ قاتماستىنلا ئورۇپ ئېلىشاتتى.

نېمىشقا دېسىڭىز؟ پىشىپ شالدىرلاپ كەتكەن قىچىغا ئورغاق سالغاندا، ئۇنىڭ ئالتۇندەك يالتىراق دانلىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ زايە بولۇپ كېتىدۇ. مەتنىيازنىڭ قىچىسى مانا شۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. خەير، قانداقلا بولمىسۇن، بۈگۈن قىچىغا ئورغاق تېگىپتۇ. قىرىقچە ئورۇنغا بىر تۇتام ـ بىر تۇتام قىلىپ تىزىپ قويغان ئۈنچىنى ئەگەر چىلىك قىلىپ باغلىسا، ئىككى ـ ئۈچ باغ قورايچىلىك بولىدۇ. نېمە بولسا بولسۇن، ئىش داۋام قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما بۇ ھەسرەتلىك يېتىم ئېتىزنى خۇشال قىلىپ ئىشقا كىرىشكەن ئومىچى تۆت سائەتتىن بېرى يوق، ئۇ، نەگە كەتكەندۇ؟

يېقىندىن ئېگىزغا ئايلىنىۋاتقان ئېتىزلار ئۈستىدىكى گىرىمسەن يىراقلاردىن كۆرۈنگەن سۇدەك چىمىرلاپ تۇرىدۇ. ئېرىقنىڭ ياقىسىغا ئارقانلاپ قويغان ئات ئوت چىشلىمەستىن تىنماي بېشىنى سىلكىمەكتە. ئاشلىقلار ئىچىدىكى چېكەتكىلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاران قوزغىلىۋاتقان ئىسسىق شامالار، ھورۇنلۇق بىلەن خېلى يەرلەرگىچە ئېلىپ كېتىدۇ. «چىرژ ـ چىرژ ـ چىرژ» قىلىپ تىنماي كېلىۋاتقان بۇ ئاۋازلار مەتنىيانىڭ غەشلىكىنى كەلتۈرىدۇ. ئاپتاپتىن قېچىپ يوغان قېرى چېقىر ئۈژمىنىڭ سايىسىغا كېلىۋالغان بولسىمۇ، ھېچ چىداپ بولمايدىغان ئىسسىقتىن خەۋەر بېرىپ تۇرىدىغان بۇ ئاۋازمۇ ئۇنى قىينايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھە، ھىم، ھەممە نەرسە كۆيۈپ كېتىدىغۇ مۇنداق ئىسسىقتا، — دەپ غۇدۇڭشىدى مەتنىياز. ئۈژمىنىڭ شېخىدا قونۇپ تۇرغان توك قاغىغا قاراپ. ئونلاپ يىللاپ ئۆمۈر سۈرگەن بۇ قېرى قاغا شورلىشىپ كېپەك ئۆرلەپ كەتكەن تۇمشۇقىنى كېرىپ، ھەلقىمىنى لىپىلدىتىپ تۇراتتى. مەتنىياز بولسا، تەر پۇراپ كەتكەن كۆڭلىكىنى كوكاتقا ئوراپ بېشىغا قويغان، يالىڭاچ دۈمبىسىنى نەم يەرگە چاپلىغان ھالدا ئوڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ يۇمشاق تېنىگە چاۋا - چاتقاللار پېتىپ، بىزەڭ چىۋىنلەر بولسا، ئۇ يېرىدىغان قوغلىسا، بۇ يېرىگە قونۇپ بىئارام قىلاتتى. مەتنىيازنى بۇ يىل ئەتىيازدىن بېرى جان - جانىۋارلارمۇ، مېھنەتمۇ، مانا ھازىرقىدەك ئىسسىقمۇ قىيناۋاتىدۇ. بۇ ھېچ يالغان ئەمەسقۇ، ئەنە شۇ ھاسىراۋاتقان قېرى قاغا مەتنىيازنى بوزەك ئەتمىگەنىدى.

يېرىم پۇتلۇق يەرگە قوناق تېرىسا پەقەت 23 تۈپ ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ يەرگە يېرىم چېلەكچە قوناق چاچقانىدى. مىڭلاپ - مىڭلاپ دانلار قېنى؟ ئۈژمىنىڭ شېخىدا ئولتۇرغان مۇشۇ كاساپەتلەر يەپ كەتتى - دە. قاغىنىڭ پەيسىز لىپىلداپ تۇرغان ھەلقىمىگە قاراپ يېتىپ مەتنىيازنىڭ ئازراق ئاچچىقى كەلدى.

— قاناتلىرىڭ كۆيۈپ كەتسۇن؛ ھارام تاماق! — دېدى، ئەلەم بىلەن، — ئۇنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن. دېگەندەك قىلىپ، دۈم ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىراپ پات - پات يۇمۇلۇپ قالسىمۇ، خىيالىنى ئورنىۋالغان پۇشايمان ۋە ئېغىر ھەسرەتلەر، بۇنى ئاز دەپ چىۋىنلەرنىڭ گىژىلداپ غىدىقلاشلىرى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىغا ئارام بەرمەيتتى. مەتنىياز ئۇسساپ كەتتى. ئۆپكىسى قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن قېلىن لەۋلىرىنى يالاشقا باشلىدى. ئۇ قىرىق ياشقا كىلىپ بۈگۈنكىدەك تەشنالىق ئازابىنى تارتمىغانىدى. تەشنالىق ھېلىقى بىز كۆرۈپ ئۆتكەن قىچىغا ئورغاق سېلىش بىلەن باشلانغان. مەتنىيازنىڭ تەلىيىگە يېقىن ئەتراپتا ئېقىۋاتقان مۇزدەك سۇمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆسكىلەڭ ئوتلار قاپلىۋالغان ئېرىق ئويمانلىرىدىكى توختام سۇلارنى ئىچىۋېرىپ ئېغىرلىشىپ كەتتى. تەشنالىققا كىم چىدايدۇ. سۇ ئىچىش كېرەك ئىدى.

بىراق مۇشۇ تۇرقىدا ھېلىقى توختام سۇلارمۇ ئىسسىپ كەتتى. چوڭ ئۈستەڭگە باراي دېسە، بۇ پېقىرىما قىزىق ئاپتاپتا ئالتە ـ يەتتە يۈز مېتىر يول مېڭىش كېرەك. مەتنىياز بولسا، ئۇ يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇ، شەھەردىن يېزىغا چىقىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلاتتى. مېھرىسان مەرھۇم ئانىسىنى يادىغا كەلتۈردى. يالغۇز ئوغۇل بولغىنى ئۈچۈن ئانىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق بولۇپ، ئەكە ئۆستۈرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەتنىيازغا دېھقانچىلىق ئىشىغا كىرىشكەن بىرىنچى يىلى زەي، سايىن يەردە يۇمشاق قورۇتتەك مىدىرلاپ ئۆتكۈزگەن يىللىرىغا، يەنى قىرىق يىللىق ئۆمرىگە ھېچ ئوخشىمايتتى. «بۇ مۇشەققەتلىك دۇنياغا نېمىشقىمۇ تۇغۇلغاندىمەن؟ كاشكى كىچىك چاغدىلا ئۆلۈپ كەتسەمچۇ، بۇ دەردلەرنى تارتماس ئىدىم» دەپ ئويلىدى ئۇ.

بۇ يېڭى دېھقان مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە ھەمىشە خىيال قىلسىمۇ، لېكىن ئۆيلىنىشكە جۈرئەت قىلالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقىدەك ئۈسسىغان چاغدا سوغ چاي ئەكېلىپ بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان خوتۇنىمۇ يوق. دېھقانچىلىققا ئىشلىتىدىغان ئات، كالا ھەم قوش جابدۇقلىرى، ھەتتا تۇخۇم بېرىپ تۇرىدىغان بىرەر توخۇسىمۇ يوق. پەقەت دېھقانچىلىققا كېرەك بولىدىغان ئەپچىل بىر دانە كەتمىنى، بۈگۈن بىرىنچى قېتىم قىچا ئورۇشقا ئىشلەتكەن ئەنە ئاۋۇ باش تەرىپىدە تۇرغان ئۆزمە ياغىچىغا سانچىقلىق بىر دانە ئۆتكۈر ئورغىقى ۋە ئىككى دانە تاغىرى بار. ئەمما دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يىرىك جابدۇقلىرى بولمىغان بىلەن يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ھېچقايسىسىدا يوق بىرمۇنچە جابدۇقلىرى بار ئىدى.

سىلەر مۇشۇ يېزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېرىقنى ياقىلاپ ماڭساڭلار كوچا تەرەپتىكى تاملىرى ئۆرۈلۈپ ئوت بېسىپ كەتكەن 5 ـ 6 تۈپ ئاچچىق ئۆرۈكى بار، ئوتتۇرىسىدىكى غوللىرى قۇرۇپ قالغان، لېكىن تۈۋىدىن يەنە قويۇق شاخلاپ چىقىۋاتقان كىچىككىنە شاپتۇللۇق باغنى كۆرىسىلەر. باغنىڭ شىمالىدىكى دالىنى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، يالغۇز قالغان بىر ئېغىز ئۆيگە كىرىپ قاراپ بېقىڭلار: ئوچاقتا داتلىشىپ كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

كىچىككىنە بىر قازان ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىشى ياتقۇدەك ئورۇن بوش بولۇپ، ئاتىنىڭ توقۇمچىلىك بىر پارچە يىرتىق كىگىز سېلىقلىق. كىگىز يەرگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ. ئەتىمالىم بۇرۇن ئاق بولۇشى كېرەك. لېكىن ھازىر ئۇنداق دېسە ھېچ كىشى ئىشەنمەيدۇ. چۇنكى چاڭ ــ توپا ۋە كۆيۈندىلەرنىڭ دەستىدىن قارامتۇل كۇلرەڭ بولۇپ قالغانىدى. ئۆينىڭ توغرا كەلگەن بىر يېرىدە تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق ۋە ساتىراشلىق ئۈچۈن كېرەكلىك تۈرلۈك جابدۇقلار بىر بىرىگە ئارىلىشىپ چېچىلىپ ياتىدۇ. قازان بېشى ۋە ئويۇقلارغا بۇرۇنقى زامانلاردىن قالغان تۆمۈر قۇتىلار، دات باسقان سۇنۇق ئۇستۇرىلار، ئۇششاق ۋېنتا، گايكا، ئەسكى تاقا ۋە مىخلار تاشلاپ قويۇلغان. ئويۇقتا قېلىن، چۆرىسى قىرچىلىپ ياغلىشىپ كەتكەن كونا جەڭنامە كىتابىدىنمۇ ئىككىسى تۇرىدۇ. تورۇسنىڭ ھەر تەرىپىدە ۋە ئىسلىشىپ كەتكەن تاملاردا ئېسىقلىق تۇرغان قول ھەرە، ياغاچ تېشىدىغان ئۇشكە، قېلىپنى تارتىپ چىقىرىدىغان بولجۇرغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئۆمچۈكلەر تور باغلاپ كەتكەن.

مەتنىيازنىڭ تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق ۋە ساتىراشلىق ھۈنەرلىرىگە قولى كېلىدۇ. ئۇ موزدۇزلۇق قىلسا، ئۆتۈكنىڭ قېلىپىنى ئۆزى چاپىدۇ. بەلچە، بۇرەندە، بېگىز، يىڭنىلىرىنىمۇ ئۆزى ياسىۋالىدۇ. ئەگەر ساتىراشلىق قىلسا، ئۇستۇرىدىن تارتىپ، تا قۇلاق كولىغۇچقىچە بولغان جابدۇقلىرىنى ئۆزى ياسىۋالىدۇ.

ئۇ، مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاياغ كىيىملىرىنى ياماپ، داس ــ چىلەكلىرىنى تۈۋلەپ، سۇنغان لىڭگىرچاق ۋە بۇغا ــ جاۋەنلىرىنىمۇ تۈزەپ بېرىدۇ. لېكىن ھەق بەرسە تالاشماي ئالىدۇ. ھېچنەرسە بەرمەي قۇرۇق رەھمەت دەپ قويسىمۇ خۇشال بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بىرەر چىنە قايماق چاي ياكى تاماقتا قىچقىرىپ قويسىغۇ تاغدەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن تەمە قىلىپ ھېچكىمنىڭ ئىشىكىگە بارمايدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ پايدا ــ زىيان بىلەن ئانچە كارى بولمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بولدى. شۇنداق بولسىمۇ كۆپ كىشىلەر مەتنىيازغا نەرسىلىرىنى ياستىشقا

ئانچە قىزىقمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدە؟

مەتنىيازنىڭ ئەسلى كەسپى ساتىراش، ئۇ، ھۈنەرنى شەھەردە دادىسىدىن ئۆگەنگەن ۋە دادىسىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن ئون نەچچە يىل داۋام قىلغان. بوششىپ كېتەي دېگەندە قۇلىقىدىن سوزۇپ، بۇراپ - بۇراپ قويىدىغان دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ھۈنىرىنى تاشلاپ، ساتىراشلىق قىلىدىغان دۇكاننى گازىر - پۇرچاق ساتىدىغان تەنزە قىلىۋالدى. بۇ تەنزە ئاز كۈندە قۇرۇق بولۇپ قالدى. كېيىن ئەتىيازدا مەتنىياز ئۆزى ياسىغان تۈرلۈك لەگلەكلەر بىلەن يەنە ئېچىلدى. لېكىن بۇ نەرسىلەر بىلەن دۇكان ئىجارىسىنى تۆلىيەلمىگىنى ئۈچۈن ئىگىسى ئۇنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن دادىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان يېزىدىكى ھېلىقى بىر ئېغىز ئۆيى بار كىچىك بېغىغا كۆچۈپ چىققانىدى. مەتنىياز ھەر نەرسىگە زېھىن قويۇپ يۈرگەنلىكتىن كۆزى كۆرگەنلا ئىشنى قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ساتىراشلىقتىن باشقا ھۈنەرلەرنى دېھقانلارنىڭ ھاجەت بولۇشىغا قاراپ تەجرىبىدە ئۆز - ئۆزىدىن ئۆگىنىۋالغان. بىراق، باشلىغان ئىشنى ئاخىرىغىچە داۋام قىلدۇرالمايتتى. ئەگەر ئۇ، ئاندا - ساندا بىر ئىشنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ يىگىرمە - ئوتتۇز قېتىم ئۈزۈلۈپ، تاشلىنىپ، ئىگىسى زېرىكمەي كېلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن پۈتكەن ئىش بولاتتى. بىر دېھقان مەتنىيازغا ئېرگولو ھارۋىنىڭ بىر چاقىنى تۈزەتتۈش ئۈچۈن بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئالتە ئاي داۋامدا قاتراپ يۈردى. بىرنەچچە قېتىم يالۋۇرۇپ، بىرنەچچە قېتىم تىللىدى، مەتنىيازنى تىللىساڭمۇ، ياخشى گەپ قىلساڭمۇ ھىجىيىپلا تۇرۇۋېرىدۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھېچ كىشى ئۇرۇشالمايدۇ - دە، ئەلۋەتتە.

ھەر ھالدا بۇ دېھقان مەھكەم تۇرۇۋالغانلىقتىن چاق پۈتۈپ كەتتى. مەتنىياز بەزى ۋاقىتلاردا دېھقانلارنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، ساقال بۇرۇتلىرىنى ياساپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا باش چۈشۈرتكەن كىشىنىڭ ئالدىراش ئىشى بولماسلىقى ۋە ئۆزىمۇ زېرىكمەسلىكى كېرەك. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى تاشتا ئولتۇرغان كىشىنىڭ بېشىنى ئاۋۋال ئون - ئونبەش مى-

ئۇتقىچە قۇرۇق ئۈۋۈلايدۇ . كېيىن ئوچىمغا سۇ ئېلىپ ئۇششاق قوللىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېقتىپ يەنە ئۈۋۈلاشقا باشلايدۇ . بۇ ھەرىكەت خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلىپ چاچ ئالدۇرغۇچىنىڭ قولاق چۆرىلىرى ۋە قاشلىرىنى بويلاپ يۇندا ئېقىپ كۆڭلەكلىرىنى ھۆل قىلىۋېتىدۇ . ساتىراش بولسا ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەستىن ئەزمىلىك بىلەن جەڭنامە قىسسىلىرىنى سۆزلەۋېرىپ ، قوللىرىنىڭ توختاپ قالغانلىقلىرىنى سەزمەي قالاتتى ، تاكى تاش ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان كىشى :

— ئۇستام چاچ قۇرۇپ كەتتىغۇ ، — دېگەندىن كېيىن مەتنىياز يەنە ھۆللەپ ئۈۋۈلاشقا كىرىشىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تۈگىمەس قىسسىلىرىنى داۋام قىلىشقا باشلايتتى .

— پادىشاھى جەمشىت لەيلىۋەشكە ھەممە نەرسىلىرىنى ئۇتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ، ئەڭ چىرايلىق خوتۇنى مەلىكە دىلسۆزنى قىمارغا تىكتى . لەيلىۋەش بۇ نازىنىن پەرىزاتنىمۇ ئۇتتۇۋالدى ـ دە ، ھى ، ھى ، ھى ... — ئۇ ، ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ھۇزۇر قىلىپ كۈلەتتى . لېكىن قاراپ تۇرغان كىشىگە ئۇنىڭ كۈلكىسى بىلەن يىغىسىنى ئاجرىتىۋېلىش تەس ئىدى . ئۇنىڭ پىستە كۆزلىرى پورۇلۇپ ، ئۇچلىرى جاۋغىيىغا ئېگىلىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە شالاڭ ساغۇچ بۇرۇتى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى . ئۇ بېشى سەل ئالدىغىراق ئېگىشكەن ، ئۇيقىغا مايىل مۇلايىم قىياپەتلىك چاقچاقچى ئادەم ئىدى . شۇنىڭ ئۇچۇن ، ئۇنى ھېچكىم ئارتۇق يامانمۇ كۆرمەيدۇ ۋە كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ئىشلىرىنى كۆرگەندە زاڭلىق قىلىپ كۈلمەيمۇ تۇرالمايدۇ . ئەمما ئۇ باشقىلارنى ۋە ئۆزىنىمۇ ھەجۋى قىلىپ يۈرىدۇ .

كادىرلار يەر ئىسلاھاتىدا مۇشۇ مەھەللىدىكى زومىگەر پومېشچىكنىڭ 550 موچە يېرىنى كەمبەغەل دېھقانلارغا بۆلۈپ بەردى . مانا شۇ يەردىن مەتنىيازغىمۇ يەتتە ـ سەككىز چارەك ئۇرۇق بارىدىغان بىرىنچى يەر ھېسابىدىكى بىر ئېتىز تەگكەنىدى . 53 ـ يىلى ئۇ قىرىق ياشقا كېلىپ بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم دېھقانچىلىق قىلدى . « دېھقانچىلىقنى مەتنىياز قىلدى » دەپ ئېيتساقمۇ . لېكىن ئۇ يەرنى

ئەيدەشكە جۇرئەت قىلالىسغانىدى.
يۈنـۈن جـانلىقتا هايات زوقىنى قوزغاتقۇچى ئەتىيازنىڭ يېقىملىق شامىلى ئۇچۇپ تۇرغان بىر ئەتىگەنلىكى، مەتنىياز ئىككى قولىنى كەينىگە تـۇتـۇپ جـىرايلـىق تەكشى ئېتىزلارنى تاماشا قىلىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. كـۈن بارغانسېرى ئىـسسىتىشنى كۈچەيتىۋاتقان نۇرلىرىنى يەرگە سىخىيلىق بىـلـەن چاچاتتى. كۆپۈشۈپ تاۋلىنىۋاتقان ئېتىزلاردىن نەم تۇپىنىڭ پۇ-رىقى بىلەن شىۋاقنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى كېلىپ دىماغقا ئۇرۇلاتتى.
قـىشـچە ھەرىكەتسىز ياتقان قۇرت ـ قوڭغۇزلار ئۆچەكلىرىدىن چىقىپ يېڭىدىن ھەرىكەتكە چۈشمەكتە. ئىسسىقراق جايلارغا قىشلاپ كې-لىش ئۈچۈن كەتكەن ئۇچار قاناتلارمۇ قايتىپ كېلىپ، يېزىچە قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە. دېھقانلار بولسا، قوش ھازىرلىقنى جىد-دىي قـىلـماقتا. مانا بۇگۈن يېڭى دېھقىنىمىزمۇ ئېتىز قىرىدا تۇرۇپ، «بۇ يەرنـى نېمە قىلـسام بولىدىكىن ؟» دەپ باش قاتۇرۇۋاتقاندا يېنىغا كېلىپ قالغان ھەمرانى سەزمىدى.
— خوش ئۇسـتام! بۇ يـەرنـى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا ؟ — دېدى ھەمرا كۈلۈمسىرەپ.
— ئوتـتـۇرسـىـنى باغ، چورىسىنى تاغ قىلايمىكىن دەۋاتىمەن، قانداق دەيسىز ھەمراجان، — دېدى چاقچاق قىلىپ مەتنىياز.
— بېغىڭىزغا پاتـماي قـالـغـان ياۋا چۆپلەرنى كۆچۈرۈپ كېلىدىكەنسىز ـ دە، ئۇنداقتا.
— بوزچى ھالىۋىچى بـولـسا، كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ دېگەندەك بىرگە قالغان ئىش شۇنداق بولماي نېمە بولىدۇ دەيسىز.
مـەتـنـيـاز كىشلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بېپەرۋالىقنى ۋە مىس - مـىـسـلـىقنى قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتىۋېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ: «مەن دېرەش تـۇتـسـام، ئۇنـىـڭ ئۇچى ئۆتـۈكـنـىـڭ چەمگە كىرىپ ئۇخلاپ قالىدۇ» دېيتتى. ھەمرا مەتنىيازنىڭ شۇنداق ئوچۇق كۆڭۈللىكىنى ياخشى كـۆرەتـتـى. لـېـكـىن ئۇنىڭ قاملاشمىغان ئىشلىرىنى دائىم تەنقىد قىلىپ، جىددىيراق ئىش قىلىشقا ئۈندەيتتى.

— قولىڭىزدىكى چاشقان مايافلىرى سوۋۇپ قالدى. ئاغزىڭىزغا سېلىۋېتىڭىزچۇ، — دېدى ھەمرا، مەتنىيازنىڭ خېلىدىن بېرى چەكمەي ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇرغان ناسۋىلىغا شەرەت قىلىپ، — نا ئۇمىد شەيتاننىڭ ئىشى، بۇنى ئۆزىڭىز ياخشى بىلىسىز.

مەتنىياز ناسۋالنى كالپۇكىنىڭ ئاستىغا سېلىپ ئۇنى تىلى بىلەن تۈۋۈەنگە باستى. ئورۇنلاشماي قالغان ئىككى دانىسىنى پۇركۈۋېتىپ غەلىتە ئاھاڭ بىلەن سۆزلىدى.

— بۇ يەرنى نېمە قىلسام بولىدىكىن؟ ئالىدىغان خېرىدار بولسا، سېتىپ راسا ياغ چاينىۋالايمىكىن ــ تاڭ.

ھەمرانىڭ ئاپتاپتا پىشىپ، گىردە ناندەك قىزارغان يۈزى جىددىي تۈس ئالدى. ئۇ قويي كۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قويۇق قارا قاشلىرىنى چىمىرلىتىپ:

— پارتىيە كەمبەغەللەرگە يەرنى سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن بەرمىدى، دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن بەردى، — دېدى.

— شۇنداق ــ شۇنداق.

ــ ھە، شۇنداق بولسا، بۇ يەرگە بىرنەرسە تېرىڭ ــ دە، ھوسۇلنى ئېلىپ ئۇنى يەمسىز ياكى سېتىپ ياغ ئېلىپ چاينامسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى.

— يەنە ئېلىپ ساتىمەن دەپ يۈرگىچە ياغنىڭ ئۆزىنىلا تېرىمايمەنمۇ، — دەپ خىقراپ كۈلدى مەتنىياز.

ھەمرا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاۋۋال چاقچاق دەپ چۈشەندى. كېيىن قىنچا تەرمەكچى بولغىنىنى بىلىپ كۈلۈپ كەتتى:

— مەيلى ئۇستام بۇ يەرگە قىنچا چېچىڭ، — دېدى ھەمرا قوغۇشۇندەك ئېغىر ئالقىنى بىلەن مەتنىيازنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ:

— مەن ھەيدەپ ئۇرۇقىنىمۇ چېچىپ بېرىمەن. سىز بىر چىلەك قىنچا تاپسىڭىزلا ئىش پۈتىدۇ.

مانا شۇنىڭدىن بېرى ھەمرانىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەتنىيازنىڭ دېھقانچىلىقى باشلانغاندى. ھەمرا ئۇنىڭ يەتتە ــ سەككىز چارەكلىك

ئېتىزنى ھەيدەپ قىچا چېچىپ بەردى. بۇنىڭ بەدىلىگە مەتنىياز بىر پارە توپىلەي تىكىپ بەرمەك بولۇپ ئۆز - ئۆزىدىن ۋەدە بەرگەنىدى.

مەتنىياز بىر باي دېھقانغا لىڭگىرچاق ياساپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئون قاداق كۆممە قوناق ئالغان. بۇنى يەنە بىر دېھقاننىڭ ئۆتۈكىنى ياماپ بېرىپ بىر پۇتلۇق يەرگە چاچقۇزغانىدى. قوناقلار ئۈنمەي قالدى. ئەمما قىچىسى ياخشى ئۈنۈپ، ساپسېرىق گۈللەپ ئۆزىگە خاس بولغان يېقىملىق پۇرىقىنى چاچاتتى. قالغان بىر پۇتلۇق يەرگە بولسا، ياڭيۇ تېرىيمەن، قوغۇن تېرىيمەن دەپ يۈرۈپ ھېچنەرسە تېرىماي ئاق تاشلىۋەتتى. مەتنىيازنىڭ دېھقانچىلىق توغرىسىدا يازىچە قىلغان ئىشى قىچىغا ئۈچ قېتىم سۇ تۇتۇش بولدى. سۇ تۇتۇشمۇ ناھايىتى ئاسان ئۆتتى. چۈنكى مەتنىيازنىڭ پۈتۈن ئېتىزى پەقەتلا ئىككى ئېچىقتىن سۇغۇرىلىدىغان بولۇپ، قىچا تېرىلغان جاي بىر ئېچىقتىنلا سۇغا قانغانلىقتىن ئۇنىڭغا جاپا تارتىپ تۇغان سېلىشقىمۇ توغرا كەلمىدى. ئۇ كېچىسى سۇدىن قورقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچىلا قېتىم كۈندۈزى سۇ تۇتتى. ئەمما بىرىنچى قېتىم سۇ ئۇنىڭغا بوي بەرمەي، يوللارغا، باشقا كىشىلەرنىڭ ئېتىزلىرىغا قېچىپ كېتىپ نۇرغۇن ئاۋارە قىلغانىدى. شۇ كۈنى ئۇ سۇغا، پاتقاقلارغا نەچچە قېتىم يىقىلىپ چۈشۈپ، كىيىملىرى چۆپ - چۆپ ھۆل ۋە لاي ھالدا كىشىلەرگە كۆرۈنمەي ئۆيىگە ئاستا كىرىۋالغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ باشقىلارنىڭ ئاز - تولا تاپا - تەنىسىدىنمۇ قۇرۇق قالمىغانىدى. بۇ تەنىلەرگە ئۆز لايىقىدا چاقچاق ئارىلاش: «شەيتاننىڭ شاپتۇل يېگىنىگە مەن ھەيران، دېگەنىدەك، بۇ سۇنىڭ باشلىغان ئېتىزدىن ئېشىپ، باشقىلارنىڭ يېرىگە كەتكىنىگە مەن ھەيران — ئۇكا، ھى ... ھى ... ھى ...» دەپ تۈگەتكەنىدى. مەتنىياز كېچىسى سۇدىن قورققان بولسا، مانا ئەمدى قىچىنى ئورۇيدىغان ۋاقىتتا كۈندۈزى ئاپتاپتىن قورقۇپ، «ئۆزمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ، ئەنە سايىدا ئوڭدا ياتىدۇ.

ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ يىراقتىكى ئېتىزلارغا قارىغانىدى: ھەمكارلىق گۇرۇپپىدىكى دېھقانلارنىڭ بولۇق بۇغدايلىرى باشلىرىنى ئېگىشىپ، ئاپتاپتا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئېتىزنىڭ

بىر چېتىدە بىر قانچە كىشىلەرنىڭ تىنىماي قىمىرلاۋاتقانلىقلىرى بىلىنىپ
تۇراتتى. ئۇلار ھەمكارلىق گورۇپپا ئەزالىرى بولۇپ، تۈنۈگۈن كەچقۇ-
رۇن بۇغدايلارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن مۇزاكىرە ئۆتكۈزگەن. بۈگۈن تاڭ
يورۇش بىلەن ئۆملۈكتە قىزغىن ئورمىغا چۈشكەنىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ
تىنىمسىز ھەرىكەتلىرى، ئۇنى ئاز دېگەندەك ئارىلاپ ئويۇن -
چاقچاقلىرى، جاراڭلىق ناخشىلىرى ئۇنى بىر چەتتىن ھەيران قالدۇرسا،
يەنە بىر چەتتىن بۇ خىل زېرىكىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە جەلپ
قىلاتتى. ئۇ غەمكىن كۆزلىرىنى ھەمكارلىق گورۇپپا ئەزالىرى ھەرىكەت
قىلىۋاتقان ئېتىزدىن قاچۇرۇپ، باشقا تەرەپكە تاشلىغانىدى: ئېگىز
ئۆسكەن قارامتۇل - يېشىل، كەڭ يوپۇرماقلىق قوناقلارنى، قوغۇنلۇق
باراڭلىرىنى، ئېرىق ياقىسىغا بېسىپ قويغان ئوت دۆۋىلىرىنى كۆردى.
ئېرىق بويىدىكى چىغىر يول بىلەن بىرنەچچە خوتۇن كېتىپ باراتتى.
ئۇلارنىڭ قولىدا چېلەك، بەزىلىرىنىڭ مۈرىسىدە خۇرجۇن ياكى يوغان -
يوغان بوغچا قاپاقلار بار ئىدى. ئۇلار ئەلۋەتتە ھەمكارلىق گورۇپپا ئائىلە-
لىرىدىكى خوتۇنلار بولۇپ، ئورما ئورۇۋاتقان گورۇپپا ئەزالىرىغا قايماقلىق
ئەتكەن چاي، نان ۋە كېچە قايناتىپ سوۋۇتۇپ قويغان سوغۇق چايلارنى
ئېلىپ كېتىپ باراتتى. مەتنىياز ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىپ بارغان قىزىل
كۆڭلەكلىك خوتۇننى تونۇدى. ئۇ، ياغلىقنى چېكىلەۋېلىپ قولىقىغا
قانداقتۇر گۈللەرنى قىسىۋاپتۇ. ئەتراپتىكى خوتۇنلارغا چاقچاق قىلىپ،
ھارغىنچە كۈلدۈرۈۋاتىدۇ. مەتنىياز ھەمرانىڭ سىڭلىسى بۇ خوش چاقچاق
ئىززەتخاننىڭ ئەتكەن مېزىلىك تاماقلىرىنى يەپ، قايماقلىق چايلىرىنى
بىرقانچە قېتىم ئىچكەن. قېنى مۇشۇ تۇرقىدا ئاشۇ قايماقتىكى مۇزدەك
سوغۇق چاينى ئەكېلىپ بەرسە ئەجەپ ياخشى بولاتتى. مەتنىياز
تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان بىلەن نومۇس يار بەرمەستىن ۋارقىراشقا جۈرئەت
قىلالمىدى. ئۇ قۇرۇپ كەتكەن تامىقىغا تىقىلىپ قالغان يامان نەپسىنى
باستى - دە، بېشىنى يەنە ئاستا جايىغا قويۇپ ئىززەتخاننى ئويلاشقا
باشلىدى. ئىززەتخان ئەجەپ كېلىشكەن قاۋۇل چوكان. ئۇ ئاكىسىغا
ئوخشاشلا نامراتلارغا شەپقەتلىك. نېمىشقا خۇدايىم شۇنداق خوتۇنلاردىن

بىرمۇرسىنى «ئال قولۇم» دەپ بېرىۋاتمەيدىغاندۇ؛ مەتنىياز ئىززەتخاننىڭ ئاكىسىنىڭكىگە ئوخشاش قارا ئەگمە قاشلىرىنى، قويۇق كىرپىكلىك قوي كۆزلىرىنى، ئاناردەك مەڭزىلىرىنى، كۈلۈشكەن سۈمباتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ ئەتىياز ئىززەتخاننىڭ پۇتىنى چىگە بىلەن ئۆلچەۋاتقاندا، تومبۇلاق پاچىقى تىگىپ كېتىپ بىلىكىنى ئىسسىتىۋەتكەنلىكى يادىغا چۈشۈپ بىئارام بولدى. ئۇ ئىززەتخاننىڭ يۇيۇپ يېيىپ قويغان گۈللۈك چىت كۆڭلىكىنى كۆرگەندىمۇ، ئۆزىدە قانداقتۇ غەلىتە ئىسسىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولىدىغىنىنى بىلەتتى. ھەتتا ئىززەتخانغا تىكىۋاتقان تۇپلىسىمۇ تېخى ئۇنىڭ پۇتىغا سېپىلماي تۇرۇپ، ئۆيدىكى پۈتۈن نەرسىلەردىن باشقىچەرەك يېقىملىق كۆرۈنەتتى. پات - پات «مۇشۇنى كىيىدۇ - ھە» دەپ ئالقىنى بىلەن ئاستا سىيلاپ قوياتتى. غۇلجا خۇرۇمىدىن تىكىلگەن بۇ تۇپلەينىڭ بۇ راسكالىقى 4 - ئايدا پۈتۈپ، 5 - ئايدا قېلىپقا تارتىلغانىدى. چەمى چاپلىنىپ، پاشنىلىرى سوزۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدى پەدەز قىلىپ قېلىپتىن چىقىرىشلا قالغاندىلا تاشلىنىپ قالدى. مەتنىياز تۇپلەينى مۇشۇ چاغقىچە ئاپىرىپ بەرمىگەنلىكىگە خىجالەت بولۇشقا باشلىدى. ئۇ يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ خوتۇنلار كەتكەن تەرەپكە ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى.

2

مەتنىياز قىچا ئورۇشنى توختىتىپ ئىززەتخاننىڭ تۇپلىسىنى پەدەز قىلىپ چىقاردى. ئەمدى تۇپلەينى ئىگىسىگە ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ورنىدىن تۇردى - دە، ئۇنى ئالقىنىغا قويۇپ بىردەم قاراپ تۇردى. ئاجايىپ ياخشى پەدەز قىلىنىپتۇ، قارىماسەن بۇنىڭ پارقىرىغىنىنى! ئۇ تۇپلەينىڭ تۇمشۇقىنى يېڭى بىلەن يەنە بىر قاتار سۈركەپ، قارىگۈل تېگىپ كەتكەن كىر ياغلىقىغا چەگدى. ياغلىقتىن تەر پۇرىقى، تۇپلەيدىن بولسا مۇم پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

كەچقۇرۇن ھەمرانىڭ پۈتۈن ئائىلىسى كاۋا بارىڭىنىڭ ئاستىغا يىغىلىپ ئاش ئىچىۋاتقاندا مەتنىياز تۇپلەينى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ھويلىغا كىرىش بىلەنلا ئۇنىڭ دىمىغىغا يۇمغاقسۇت ۋە پىننە كۆكى سې-

لىنغان سۇيۇق ئاشنىڭ مىزىلىك پۇرىقى كېلىپ تەگدى.
ھەمرا خۇشال قارشى ئېلىپ:
— ئوھو، قېنى ـ قېنى ئۇستام بوۋاققا! — دەپ مەتنىيازنى جوزىغا تەكلىپ قىلدى. — ئاتلىرى ھېرىپ قالغىلى تاس قاپتۇ ـ دە.
— خوش ـ خوش مەن قايتاي، — دېدى مەتنىياز توپلەينى سۇ-نۇپ، — مانى ئېلىپ كېلىۋېدىم.
ئىززەتخان كۈلۈمسىرەپ كېلىپ توپلەينى ئالدى، ھەمرا بولسا مەتنىيازنىڭ قولىدىن تارتىپ جوزىغا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ:
— بۈگۈن قاياقتىن كۈن چىقتى ئۇستام؟ — دەپ سورىدى.
— راستىنلا مەن تېخى قۇم چېچەكلىگەندە، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە پۈتەمدىكىن بۇ توپلەي دەپ يۈرەتتىم، — دەپ چېقىشتى ئىززەتخان. مەتنىياز مۇنداق سۆز ئويۇنلىرىغا جاۋاب بېرىشكە خېلى ئۇستا بولسىمۇ ھازىرقىدەك ئەھۋالدا، بولۇپمۇ ئىززەتخاننىڭ يېنىدا چاقچاق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھېچنېمە دېمەستىن قىزىرىپ ئاش ئىچىۋاتاتتى. باشقىلار بولسا، توپلەينى بىر قاتاردىن كۆرۈپ ماختىشاتتى. ئاخىر ئىززەتخاننىڭ تۆت ياشلىق ئوغلى ئەركىن بىر پاي توپلەينى ئېلىپ قاچتى. ئانىسى ئۇنى قوغلىغاندى، قېچىپ بېرىپ مەتنىيازنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالدى.
— بۇنى ماڭا ئەكەلدىڭىز ـ ھە؟
— ھەئە.
— بۇنى مەن كىيىمەن ھە، ھەميا چوڭ دادا؟
— بۇنى ئاپاڭغا بېرىۋەت ئوغلۇم، مەن ساڭا بۇنىڭدىن چىرايلىق قىزىل توپلەي ئېلىپ بېرىمەن.
— ئەكە! جېنىم بالام، ئۆيگە ئەكىرىپ قوياي.
— ھە تازا، ساڭا بېيىمەن.
ئىززەتخان بالىسىدىن توپلەينى تارتىپ ئېلىۋاتقاندا مەتنىيازنىڭ يۈزىگە ئۇنىڭ ئىسسىق ۋە يۇمشاق تىنىقى ئۇرۇلدى. مەتنىياز سىماپتەك تىترەپ كېتىشكە ئاز قالغان تېنىنى ئاران تۇتۇۋالدى. ئۇ بۇ

هالەتىنىڭ يەنە بىردەم داۋام قىلىشىنى تىلەيتتى. بىراق ئىززەتخان توپلەينى بالىسىدىن تارتىۋېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇستام ئانىسىنىڭ يۈرىقى سىگىپ قالغان بالىنىڭ قۇلاقلىرىنى پۇراپ ئەكىلىتەتتى. كىچىك بالا بېشىنى سىلىغان ۋە ئۆزى بىلەن سەممىي خۇشخۇي مائامىلە قىلغان كىشىلەرگە ئامراق بولىدۇ. ئىززەتخاننىڭ ئوغلىمۇ ئۆزىنى قۇچىقىدا تۇتۇپ ئولتۇرغان بۇ يۇمشاق مۇئامىلىلىك كىشىنى ئوبدان كۆرەتتى.

ئەركىمن ئالتە ئايلىق ۋاقتىدا دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئانىسى ئۇنى ھەمرالارنىڭكىگە ياندۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاتا مېھرىگە تەشنا بولۇپ ئۆسكەندى. ئىززەتخان بولسا، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى تۆت يىل تۇل يۈرىدۇ. ئۇ بۇرۇنقى ئېرىنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن يەنە باشقا تۇرمۇش قۇرۇشقا ئانچە قىزىقمايتتى. چىققان لايىقلارنىڭ بىرسى ئۇرۇشقاقمىش، دىل ئازارى تارتىمەنمىكىن، بەزىسى بالىسى بارئىكەن، بالامنى پاتقۇزماسمىكىن، ئۆگەيلىك بولارمىكىن دەپ ئۇنىماي قوياتتى، ئەمدى مەتنىيازغا كېلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن بۇ توغرىلاردا ئەندىشە قىلىشقا ئورۇن يوق ئىدى، بىراق، ئىززەتخان ئۈستامنىڭ بوشاڭلىق ۋە بىپەرۋالىقىنى يامان كۆرۈپ زاڭلىق قىلاتتى. ئەگەر ئۇستام باشقىلارغا ئوخشاش دېدىلراق بولۇپ، ئەمگەككە قاتنىشىدىغان بولسا ئەلۋەتتە ئىززەتخان ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تەييار ئىدى.

ھەمرا ئاش ئېچىلىپ بولغان چىنىلەرنى دەستىلەپ نېرىراق ئۈنتىرىپ قويدى ـ دە، مەتنىيازنىڭ قىچىسى توغرىسىدا گەپ باشلىدى:

ــ ئۇستام، بۇ نېمە بولغىنى، قىچىنى قاخشىتىپ يەنە تاشلىۋېتىپسىزغۇ؟

ــ ئورما ئورۇشمۇ ھۈنەرگە ئوخشايدۇ. مەن بۇ ھۈنەرنى ئۆگنەلمەيۋاتىمەن.

مەتنىيازنىڭ ئۆزىنىڭ چىدامسىزلىقىنى «ھۈنەر» دېگەن سۆز بىلەن يېپىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ھەمرا ئۇنىڭغا مىيىقىدا كۈلۈپ قاراش بىلەن:

ــ بىر تەرەپتىن قارىغاندا، توپ ـ توغرا، بىر تەرەپتىن قارىغاندا، مۇغەمبەر ئادەم ـ دە سىز، ــ دېدى، ــ ئۇنىڭدىن ئاپتاپقا

چىدىمىدىم دەپ توغرىسىنى ئېيتىسىڭىز بولىمامدۇ.
— ئەمدىغۇ شۇنداق، — دېدى مەتنىياز ھەمرانىڭ دەل ئۇستىدىن چۈشكەنلىكىگە خىجالەت بولۇپ، — ئەمما لېكىن، قانداق ئورۇشتىمۇ گەپ بار ئىكەن. مانا قارىمامسىز، — دەپ ئورغاق كېسۋەتكەن قولىنى كۆرسەتتى.
ھەمرا ئۇنىڭ قولىغا قارىماستىن زەردە قىلىۋىراق سۆزلىدى:
— ئەلۋەتتە، ئورما ئورۇشنى بىلىش كېرەك. ئۇنى ئاپتاپقا ۋە ئىشقا چىدىغان ئادەم بىر - ئىككى كۈندىلا ئۆگىنىپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ، خالىسا قىلىپ، خالىمىسا تاشلاپ قويىدىغان سىلىنىڭ پوپۇش تىكىشلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھازىر بوشاڭلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ھەر بىر كۈن ئايلاپ قىلىنغان ئىشلارنى زايە قىلىۋېتىدۇ.
— شۇنداق - شۇنداق، بۇ توغرا، ئەمدى قانداق قىلسام بولىدىكىن؟
— مەن دەۋاتىمەنغۇ! ياپسام پىشامدىكىن، كۆمسەم پىشامدىكىن دەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس بۇ، بەلنى چىڭ باغلاپ، ئورۇپ، يىغىش كېرەك.
— يىغىشنىغۇ يىغارمىز، راستىنى ئېيتسام تەس كېلىۋاتىدۇ - دە.
— ھەي ئۇستام! — دېدى ھەمرا ئېچىنغان قىياپەت بىلەن، — ئاشلىقنى يىغىپ، تېپىۋېلىش ئۇنى يېقىتىپ قويۇشتىن ئوڭاي ئەمەس، ھەممىسىگە چىدام كېرەك، چىدام.
— غەيرەت لازىم دېسىلە.
— ھە، مانا ئەمدى تاپتىڭىز. غەيرەت كېرەك. ئۇنىڭ ئۈچۈن سەھەر تۇرۇپ، كۈن قىزىغىچە ئورما ئورۇسىز، ئاپتاپ كۆيدۇرەي دېگەندە سېرىق سۆگەت سايىسىغا بېرىپ بىردەم ئۇخلىۋالسىڭىز مەيلى. سالقىن چۈشكەندە يەنە ئورۇسىز. ھازىر بولسا كېچىسى ئايدىڭ. غەيرىتىڭىز جايىدا بولسا، ئايدىڭ كېچىسىمۇ ئورۇسىز. كېچىسى قىچىنىڭ موسىنى پوشكالدەك يۇمشاپ قالىدۇ. ئورۇشقىمۇ ئاسان ھەم دانلىرى ئانچە چېچىلىپ كەتمەيدۇ، ئۆزىڭىزمۇ ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتمەيسىز. شۇنداق غەيرەت قىلىۋەرسىڭىز ھەممە ئىش ئۆز ۋاقتىدا تۈگەيدۇ.

مەتنىياز قىچىنى ھەمرا كۆرسەتكەندەك ئورۇشقا غەيرەت قىلىدىغان بولۇپ ئۆيگە قايتتى. ئۇنىڭ بۇ غەيرىتى ھەمرانىڭ بەرگەن ئورۇنلۇق نەسىھەت ۋە مەسلىھەتىمۇ، ياكى ئىززەتخاننىڭ ھېلىقى بالىسىنىڭ قولىدىن تولەينى ئېلىش ۋاقتىدا يۈزىنى سىپاپ ئۆتكەن ئىسسىق نەپسىمۇ بۇنىسى ئېنىق ئەمەس، ئىش قىلىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر يېڭى قىزغىنلىق روھى كىرگەنىدى. بۈگۈن سەھەر قوپۇشنى نىيەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەل ياتقۇچە مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى ياغاچتا گەپ سېتىشنى قويدى ـ دە، مەھەللىدىكى ھەممە كىشىدىن بۇرۇن يېتىپ قالدى. ئەمما مەھەللىدىكى ھەممە كىشى ئارام ئېلىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندە مەتنىياز تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ بىردەم پېشانىسىغا يېزىلغان قىچىنىڭ جاپا ئەمگىكى، بىردەم ئىززەتخاننىڭ بايا يۈزىنى سىپاپ ئۆتكەن شېرىن ۋە ئىسسىق نەپسى ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق جامالىنى خىيال قىلاتتى. بۇ ئاچچىق چۈچۈك شېرىن خىياللار ئۇنىڭغا ئۇيقا بەرمەيتتى. ئاخىر ئۇ بىر نەچچە قېتىم ئۇياق ـ بۇياقا ئۆرۈلۈپ يېتىپ باش توخۇ قىچقارغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى.

مەتنىياز قاتتىق ئۇيقۇغا چۆمگەنلىكتىن تاڭ سۈزۈلگەندە ئويغىنالمىدى. پەنجىرىدە كۈننىڭ ھالرەڭ نۇرى يالتىراپ، ئۆينىڭ ئىچىدە چىۋىنلەر گىژىلداپ ئۇچۇشقا باشلىغاندا، ئورنىدىن تەسلىكتە تۇرۇپ، يۈزىنى يۇمايلا چايغا ئوت يېقىشقا ئورۇندى. ئۇ بۇ چاغدا دېھقانلارنىڭ ئاللىقاچان ئىشقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، ئۆزىنىڭ شۇلارغا ئوخشاشلا بىرىنچى قېتىم قاتتىق ئىشقا كىرىشكە جۈرئەت قىلىدىغان كۈنى ۋاقىت قالغانلىقىغا ئۆكۈندى. شۇنداقلا باشقىلارنىڭ كەچكىچە ئىشلەپ ھېرىپ، يەنە ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرالايدىغانلىقىغا ھەيرانمۇ بولدى. «ھە ـ راست، ئۇلاردا غەيرەت ئۈستۈن» دېگەن ئويغا كەلدى. بۇ يېڭى دېھقان تاڭ سەھەردە تۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن؛ ئۇ ھەر كۈنى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە كۆزىنى ئېچىپ يەنە ئىككى سائەتچە خىيال سۈرۈپ قوپالماي قالاتتى. ھەرھالدا بۈگۈن باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا ئەتىگەنرەك تۇرغىنى ئۈچۈن خۇشال بولۇشىمىز كېرەك. ئۇمۇ ئەنە ئىشقا ئالدىراۋاتىدۇ. ئوتنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

چاپسانراق تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن تىنماي پۈدەپ ئاچچىق ئىسنىڭ دەستىدىن كۆزىدىن ياش ئاقماقتا.

— ئەبەدىي يانماي كېتەرسەن ئىلاھىم! — دەپ غۇدۇڭشىدى ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ. مانا چاي قاينىتىشتىنمۇ كەچتى-دە، ھېلىقى توپلەينى چىگكەن ياغلىقتا بىر پارچە قاتتىق ناننى ئوراپ قولتۇقىغا قىستى ۋە قولىغا ئورغاقنى ئېلىپ ئېتىزغا كەتتى. ئۇنىڭ كەشى پۇتىنىڭ سوگىغا يۇمشاق-يۇمشاق ئۇرۇلۇپ كېتىپ باراتتى. كەش ئۆز ئىگىسىنىڭ ئادەتتىكىدىن باشقىچىرەك تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ كۈلگەندەك شاقىلداپ قوياتتى.

ئەتىگەن يۇرۇشۇپ تۇرغان سالقىن شامال ئاللىقاچان توختاپ قالدى. كۈن ئۆرلىگەندىن كېيىن، بوۋايلار سۆزلەپ يۈرىدىغان بۇغا ئىسسىقى يەنە باشلاندى. دەرەخلەرنىڭ ئەڭ ئۇچىدىكى يوپۇرماقلىرىمۇ قىمىرلىماي جىم تۇراتتى. مەتنىياز بىرىنچى قېتىم ئورمىغا كىرىشكىنىگە قارىغاندا ھەقىقەتەن خېلى غەيرەت قىلغانلىقى ئۇنىڭ بېلىنى ئالالمىغانلىقىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

— ۋاي-ۋاي-ۋاي، كاساپەت ھەجەپ ئاغرىيدىكىنا! — ئۇ ئىككى بېقىنىنى قارماپ تۇرۇپ، گەۋدىسىنى توغرىلىدى. بىرنەچچە مىنۇتقىچە بېلىنى ئۇۋۇلاپ ئورغاقنى يەنە قولىغا ئالدى. بۇ ئورمىچى شۇنچىلىك غەيرەت قىلدىكى، مۈكچىيىۋېرىپ بېلى ئاغرىغاندىن كېيىن، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، گاھىدا تىزلىنىپ يۈرۈپ ئورما ئورىدى، مەيدە ۋە غولىدىكى چوڭقۇرلۇقنى بويلاپ تەر شۇرقىراپ ئاقاتتى. ھۆل بولۇپ چاپلىشىپ قالغان كۆڭلىكىنى تېنىدىن سويۇپ ياقىسىدىن تۇمشۇقىنى تىقىپ پۈدەيتتى. قېشىنى بويلاپ تىنماي ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرنى سىرىپ قولىنى سىلكىتەتتى. ئاخىر تامىقى قۇرۇپ ئۇنىڭ مىدىرلىغۇچىلىك دەرمانى قالمىغاندىن كېيىن، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئۈژمە سايىسى تەرەپكە كەشىنى سۆرەپ ئاستا مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئۈچ ئۆينىڭ ئورنىچىلىك يەردىكى قىچىنى ئورغانىدى.

تاڭ بىلەن بۇغداي ئورمىسىغا چۈشكەن ھەمكارلىق

گورۇپپىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ھەر بىرى بولسا، شۇ پەيتتە ئۇنىڭدىن ئون - ئون بەش ھەسسىگىچە ئوشۇق جاينىڭ بۇغدىيىنى يىغىپ بولدى.

ھەمرا چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا مەتنىيازنىڭ ئېتىزىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ قايتقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمكارلىق گورۇپپا ئەزالىرىغا بۈگۈن ئايدىڭ كېچىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قىچىسىنى ئورۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. كۆپچىلىك ھەمرانىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ: «بولىدۇ، ئۇنى بىردەمدىلا ئورۇۋېتىمىز» دەپ ۋەدە بېرىشتى، لېكىن بىر كىشى نارازى بولۇپ غودۇڭشۇپ بارالماسلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بولسا، «قوشنى ئەڭ ئاۋۋال مېنىڭ يېرىمگە سالمىدىڭلار»، «مېنىڭ ئېتىم سېمىز ۋە ھارۋامنىڭ جازىسىمۇ، باشقىلارنىڭكىدىن كەڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلاردىن ئارتۇق نومۇر بېرىسلەر» دەپ تۈرلۈك ئۇششاق چاتاق چىقىرىپ يۈرىدىغان سېيىتاخۇن ئىدى. ئۇ ئۇششاق گەپ ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشىدىن مەززە ئالاتتى. ئۇ ھەمرانىڭ رەھبەرلىك ئىشلىرىدىنمۇ بىر قانچە قېتىم ئورۇنسىز چاتاق چىقىرىپ لەت بولغان.

بۇ ھەمكارلىق گورۇپپا سەككىز ئائىلىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئالتە ئائىلە كەمبەغەل، ئىككىسى ئوتتۇرا دېھقان، پەقەت ئوتتۇرا دېھقان سېيىتاخۇندىن باشقا ھەممىسى يەر ئىسلاھاتىدىن يەر تەقسىم قىلىۋالغان. كەمبەغەل دېھقان ھەمرا گورۇپپا باشلىقى بولۇپ، مۇشۇ يېزىدىكى دېھقانلار بۇ ھەمكارلىق گورۇپپىنى «ھەمرا گورۇپپىسى» دەپ ئاتايتتى. ھەمرا ئىشچان، توغرا، سالماقلىق بولغىنى ئۈچۈن گورۇپپا ئەزالىرى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. گورۇپپا بۇ يىل قۇرۇلۇپلا يەرلىرىنى ياخشى ئىشلەپ تېرىمنى ھەممىدىن ئاۋۋال، ئۆز ۋاقتىدا ئۆتكۈزدى. ياز بويى گورۇپپا ئەزالىرى ئىشتا ۋە بىر - بىرلىرىنىڭ ئائىلە ھاياتىدىمۇ ئىناقلىق بىلەن ھەمكارلاشتى. پەقەت سېيىتاخۇننىڭلا تېرىم ۋاقتىدا كۆرسەتكەن كۆزى كىچىكلىكىنى ھېسابلىمىغاندا يېزىدىكى دېھقانلارغا يامان تەسىر بەرگۈدەك چاتاق چىقمىغانىدى. ھازىرمۇ مەتنىيازغا كىچىككىنە ياردەم قولىنى سوزۇپ قويۇش تەكلىپى سېيىتاخۇنغا ياقمىغانلىقى گورۇپپا ئەزالىرىنى ھېچقانداق تەۋرىتەلمىدى. گورۇپپىدا ھازىر ئورما ئورۇۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىمۇ ئەمگەك كۈچى بار ئىدى، ئۇلار (سېپىتتىن باشقىسى) ئۇن تۆت كۈنلۈك ئاينىڭ سۈتتەك يورۇقىدا مەتنىيازنىڭ قىچىسىنى ھەش - پەش دېگۈچە ئورۇۋېتىپ كېتىشتى.

×

قىزغىن ئىش ۋاقتى كەلدى. دېھقانلار ئەتىدىن تا كەچكىچە دانلارنى ئوت - سامان ۋە توپىدىن ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن چېلىشماقتا. ئەنە ئاۋۇ خاماندا ھەمرا گۈرۈپپىسىنىڭ ئەزالىرى بۇغداي سورۇۋاتىدۇ، سامان كەينى - كەينىدىن ھاۋاغا فونتاندەك ئۆرغۈپ چىقماقتا. مارجاندەك دانلار بولسا، دېھقانلارنىڭ ئالدىغا شارىلداپ چۈشۈپ تۇراتتى. بۇگۈن گۇرۇپپىدىكى دېھقانلارنىڭ خوتۇن ۋە ئىشقا يارايدىغان باللىرىمۇ خامان يېنىدىكى قوناقلىققا يىغىلغان، ئۇلار ئىززەتخاننىڭ باشچىلىقىدا، ئېتىز ياڭگىرىتىپ ناخشا ئېيتىشىپ قوناق ئۈزۈۋاتىدۇ. بۇ ئوملۇكتىكى قىزغىن ھەرىكەت، ئىشنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

شۇ پەيتتە مەتنىيازمۇ، تۆت باغ قىچىنى ئارغامچىدا باغلاپ يېقىن ئارىدىكى خامانغا كۆتۈرۈپ كېتىپ باراتتى. ئارغامچا ئۇنىڭ مۈرىسىگە پاتقانسېرى مۇكچىيىپ، قىچا ۋە ئارغامچىلارنى تىللايتتى. پات - پاتلا كۆتۈرگەن يۈكىنى يەرگە قويۇپ ئۈستىدە ئولتۇراتتى - دە، قوناقلىق تەرەپتىن كېلىۋاتقان ناخشا، ئويۇن - كۈلكە ئاۋازلىرىنى تىڭشاپ، شۇ يەرگە بارغۇسى كېلەتتى. «مۇشۇ دەردىسە قىچىنى يىغىۋېلىشتىن مىڭ مەرتىۋە كەچسەم نېمە بولىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ تويغۇچە پاراڭ سېلىشىپ چاقچاق قىلىشىپ بىللە ئىشلىسەم قانداق ياخشى» دەپ ئويلىدى. ئۇ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنى ئانچە خالىمايتتى، چۈنكى جىددىي سۈرۈپ ئىش قىلىش ئۇنى چۆچىتەتتى. ئىشلىگەندە ئىشلەپ، ئۇخلىغاندا ئۇخلاپ ئۆز ئەركىم بىلەن يۈرەلمەيمەن دەپ ئويلايتتى. ئەمما ئۇ بارغانسېرى كىشىلەر ئۇملىشىپ ئىشلىگەندە ناخشا، خۇشچاقچاق، ئويۇن - كۈلكىلەر بىلەن ئىش كۆڭۈللۈك بولۇشىغا قىزىقىپ قالدى.

سىلەر مەتنىيازنىڭ يۇقىرىدىكى قىلىق ۋە ئويلىرى توغرىسىدا
زاڭلىق قىلامسىلەر ، مەيلى باشقا خىل ھۆكۈم چىقىرامسىلەر ، قەدىرلىك
ھېكايە ئوقۇغۇچىلار مەن سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلارنى ئۆزۈمگە جەلپ
قىلالماسىدىم ، بىراق بۇنىڭ كېيىنكى قىزىقىپ قېلىشى بىلەن باشقا ئويلى-
رىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېيتىشقا بولمايدۇ . چۈنكى ، كوللېكتىپ مېھنەتنىڭ
ياخشى خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى مېھنەتنىڭ سەنئەت دەرىجىسىگە قاراپ
ئۆرلەپ بېرىشى ، بۇ كىشىلەرنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈلىكنى تەمىن قىلىدۇ .
ھەرقانداق ئىشقا قىزىقىش ۋە روھي كۆتۈرەڭگۈلۈك بولمىسا ياخشى
نەتىجە چىقمايدۇ .
ھازىر مەتنىيازنى يالغۇزلۇق ، روھي چۈشكۈنلۈك ك، مىشنى زې-
رىكتۈرىدىغان ئىنجىق ئەھۋال بەزدۇرۇپ ، كوللېكتىپ مېھنەت قوينىدىكى
زوق ـ شوخ قىزىقتۇرغانىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ قىزىقىشنى زاڭ-
لىق قىلغىلى بولامدۇ ؟ يوقىۇ ، ياخشى ، يامان ئويلارنىڭ ھەممىسنى بىر
تاياقتا ھەيدەشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك ، ئەلۋەتتە .
كۆز ياخشى كېلىپ ، بۇ يېزىنىڭ ھەممە دېھقانلىرى ئاشلىقلىرىنى
زايە قىلماي ئېلىپ بولدى . پەقەت بەزگەككە گىرىپتار بولۇپ قالغان بىر
يەككە دېھقان بىلەن مەتنىيازلا ئاشلىقنى خېلىلا زايە قىلىۋېتىپ ، يىغىش-
تۇرۇۋالغان بولدى . مەتنىيازنىڭ قىچىسى ئورۇش ۋاقتىدىن ئۆتۈپ
كېتىپ ، بىرمۇنچە چېچىلىپ كەتتى . كېيىن ئۇ قىچىنىڭ تەگدىن تول-
سىنى باغلاپ خامانغا توشۇغان بولسا ، قالغان قىسمىنى ئارغامچىغا ئىقتاپ
باغلاپ كۆتۈرگەندە ئۇنىڭ باسقان يېرىگە قىچا تېرىلىپ كەتتى . باغلان-
ماي قالغان بىر قىسىم قىچىنى بولسا ، موزاي ـ توپاق ، كېيىنرەك كالىلار
كېلىپ چەيلەپ ، ئۇنىڭ ئىشنى چاپسانلاشتۇرۇپ تۈگەتتى .
شۇنداق قىلىپ ، بىزنىڭ يېڭى دېھقان بۇ يىل ئۆزىنىڭ دېھقانچى-
لىقى بىلەن مەھەللىدە خېلىلا سۆز ـ چۆچەك ۋە كۈلكىگە قالدى .

3

ئۆتكەن ياز بەزى ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرى ئىچىدە ئۇلاقلىرىغا

تايىنىۋېلىپ ئۆزى يېنىكرەك ئىش قىلىشقا ئورۇنۇش، يالغاندىن ئاغرىۋېلىپ ئىشقا چىقماسلىق ياكى ئۆز ئورنىغا كىچىك بالىلىرىنى چىقىرىپ قويۇش، باشقا ئەزالارنىڭ ئىشىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا چالا ئىشلەش، ئۆزىنىڭ ئۇلىقىنى ئاياپ، باشقىلارنىڭ ئۇلىقىنى ھەددىدىن تاشقىرى ئىشلىتىش، ئاياللارنىڭ ئەمگىكىنى كەمسىتىشكە ئوخشاش ئەھۋاللار بولۇپ ئۆتكەندى. ھەمرا گۇرۇپپىسىدا بولسا، ھەر بىر ئىش خەلقچىللىق ئاساستا ھەممىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن ھەم پىلانلىق، بىر بىرىگە ھەق قايتۇرۇشتا ئادىللىق بىلەن باردى: شۇنداق قىلىپ بۇ گۇرۇپپا مول ھوسۇل ئېلىش ۋە ئىتتىپاقىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن باشقا ھەمكارلىق گۇرۇپپىلارغا ئۈلگە بولدى. مانا ئەمدى ھەمرا گۇرۇپپىسى قىشچە ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىپ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا دائىمىي يىللىق ھەمكارلىشىپ ئىشلەش گۇرۇپپىسىغا ئايلاندى.

مەتنىيازنىڭ قىزىقىشىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ھەمرا ئۇنى ئۆگىنىشكە قاتناشتۇردى، ھازىر بولسا، كۆپچىلىك ئەزالارنىڭ ماقۇللىشى بىلەن مەتنىيازنى دائىمىي ھەمكارلىق گۇرۇپپىغا قوبۇل قىلدى؛ لېكىن ئۇنىڭ گۇرۇپپىغا قوشۇلۇشى بىلەن ھەمرانىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان گەپلەر پەيدا بولۇپ قالدى.

«ھەمرا تۇل سىڭلىسىنى مەتنىيازغا بېرىش ئۈچۈن ئۇنى يۆلەۋاتىدۇ»، «ھېچقانداق دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىدىغان جابدۇق ياكى بىرمۇ ئۇلىقى يوق، ئۆزى بولسا ئەمگەككە يارىمايدىغان ئادەمنى گۇرۇپپىغا ئېلىشتا بىرەر باشقا غەرەز بار ـ دە، ئەلۋەتتە»، «گۇرۇپپىدىكى باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ھورۇنغا قۇربان قىلىپ بەرمەكچى». مانا بۇنداق گەپلەر گۇرۇپپىدىكى بەزى ئەزالارنى ھەمرانىڭ ئادىللىقى توغرىسىدا ئىككىلەندۈرۈشكە باشلىدى.

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە دېھقانلارنى تەشكىللەشتۈرۈشكە تىنىماي ئىشلەۋاتقان كادىرلار ھەمرا باشچىلىق قىلغان گۇرۇپپىنى كوپېراتىپقا ئايلاندۇرۇشنى نىشانلاپ تەربىيىلىمەكتە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغان باش كادىر

تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى. ئەسلىدە بۇ گەپ ـ سۆز ۋە تەشۋىشلەرگە سېپىتتاخۇن سەۋەبچى بولىۋاتاتتى. ئۇ بىر ياقتىن، دېھقانلار ئارىسىدا يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى تارقىتىپ، يەنە بىر ياقتىن كادىرلارغا بىرنى ئون قىلىپ سۆز توشۇپ كېلەتتى.

بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىسىدا كۈن ئىسسىپ يېزىنىڭ كوچىلىرىدا ئەگىز ئېقىشقا باشلىدى. قىشچە قارنىڭ ئاستىدا ياتقان يوپۇرماقلار سەمىرىپ ئالمىلىق باغلاردىن خۇشپۇراقلار قوزغالماقتا. نەملەشكەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ پۇراقلىرى كوچىدىكى ئاق تېرەكلەرنىڭ سۈس پۇراقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، يېزىنىڭ ھاۋاسىدا ئەجەپ يېقىملىق پۇراق ئەگىپ يۈرەتتى.

ھەمرا يەنە ئىككى دېھقان بىلەن ئۈچ ھارۋىدا ئېتىز تەرەپكە قىغ توشۇۋاتاتتى. ئۇلار مەھەللىنىڭ چېتىگە كەلگەندە سېپىتتىنىڭ ھويلىسىدىن قولىدا تۇرتەكلىۋالغان قەغىزى بار دومبۇلاق يۈزلۈك بىر يىگىت چىقىپ، ھەمرانىڭ يېنىغا ئىتتىك مېڭىپ كەلدى. بۇ بايىقى تەشۋىشلىنىپ قالغان ياش كادىر ساۋۇتجان ئىدى.

— ھەمراكا قولىڭىز بوشىغاندا بىز تەرەپكە بارسىڭىز، بىر ئاز سۆھبەتلەشسەك، — دېدى ساۋۇتجان.

— بولىدۇ، سۆھبەتلىشەيلى، — دېدى ھەمرا كۈلۈمسىرەپ، — بۇگۈن ئېرىقنىڭ قىرلىرى ئېچىلىپلا قالدى. قارنىڭ جېنىمۇ ئاز قالسا كېرەك. ھارۋىغا چىقمامسىز، ئېتىزلارنى كۆرۈپ كەلمەيمىزمۇ؟

ساۋۇتجان قارشىلىق قىلمايلا ھارۋىنىڭ شوتىسىغا چىقىپ ئولتۇردى. ھارۋا مەھەللىدىن چىقىپ ئېتىز تەرەپكە بۇرۇلدى. ئالدىدىكى ئىككى ھارۋا خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، كەڭ دالىدىكى ئېغىرلىشىپ، كۆككۈرۈپ سۇغا ئايلىنىشقا ئاز قالغان قار دېڭىزىنى تاماشا قىلىۋاتقان ساۋۇتجان ھەمراغا قارىماستىنلا سۆز باشلىدى:

— ئۆتكەن يىل ھوسۇلنى خېلى ئوبدان ئالدىڭلار، ئەمدى بۇ يىل دائىمىي يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، مول ھوسۇل ئېلىشتا ئۈلگە بولساڭلار ناھايىتى ياخشى بولاتتى ـ دە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

— ئەلۋەتتە، — دېدى ھەمرا قارلىق يولدا ھارۋىنى كۆچەپ تارتىۋاتقان ئاتنىڭ بوجىسىنى سىلكىپ؛ — پارتىيە بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىمىز سىلەردەك كادىرلارنى چىقىرىپ ياردەم بېرىپ تۇرغاندا، مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن بىزمۇ پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئىشلەيمىز — دە، ساۋۇتجان.

— سىزغۇ ئىشلەيسىز.

— باشقىلارچۇ؟

— باشقىلارمۇ ئىشلەيدۇ. لېكىن مەتنىيازنىڭ سىلەرگە قوشۇلىشى ياخشى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

— نېمىشقا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ھەمرا.

— ئۇ ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان ساختىپەز بىر ئادەم ئىكەن.

ھەمرانىڭ بىر قېشى سەل كۆتۈرۈلۈپ يۈزى جىددىي تۈس ئالدى. ئۇ ئادەتتىكىدىن ئۆزگەرگەن ئاھاڭ بىلەن:

— مەتنىيازغا بەرگەن بۇ باھايىڭىز ئانچە توغرا بولمىدى، — دەپ بېشىنى چايقىدى، — ئۇ بارغانسېرى ئەمگەكتە چېنىقىۋاتىدىغۇ؟ ھازىر ئۇنىڭ نېمە ئىشقا يارىۋاتقانلىقىغا قاراش كېرەك. ھەقىقەتتە ساختىپەز بولسا، قورۇق رەھمەت ئۈچۈنلا ئىشلىمەي كىشىلەرنى ئالداپ كەتكەن بولاتتى — دە.

— ھە، ئۇ سىزگىلا شۇنداق كۆرۈنسە كېرەك ھەمراكا، — دەپ ساۋۇتجان ياسىما سىپايىلىق بىلەن زاڭلىق ئارىلاش كۈلدى.

— نېمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دەيسىز؟

— ئۆتكەن يازدىن بېرى ئۇنىڭ نېمە قىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇمغۇ، — ساۋۇتجان ئىجتىمائىي ئىشلاردا تېخى تولۇق چېنىقمىغانلىقتىن بەزى ۋاقىتلاردا كىشىلەرگە باھا بېرىشتە ۋە مەسىلىنى تەھلىل قىلىشتا، يېتەرلىك خۇلاسە چىقىرالماي قالاتتى. مانا ھازىرمۇ مەتنىياز توغرىسىدىكى مەسىلىدە ئۈچ كىشى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قانداق باھالارغا ئىگە بولۇشتى.

بىرىنچىدىن، سېيىتئاخۇن مەتنىيازنىڭ قىلمىشلىرىنى

تونۇشتۇرۇپ ھەم ئۇنىڭ دائىمىي، يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىغا قوشۇلىشىغا بولغان نارازىلىقلارنى يەتكۈزۈپ، سەممىيەتلىك بىلەن گۇرۇپپا مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىۋاتىدۇ. ھەمرا بولسا، مەتنىيازنى غەرەزلىك ھىمايە قىلىپ، ئۇنى ياساپ تونۇشتۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئىتىنى ئۇنىڭغا قۇربان قىلىپ بەرمەكچى. مەتنىياز ئۆزى بولسا، ھەقىقەتەن ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان ساختىپەز، تەييارتاپ بىر كىشى. بۇ خۇلاسىگە دەلىل بولغان ئىشلار مانا مۇنداق ئۆتكەنىدى:

ئۆتكەن يىلى مەتنىياز دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۈستىدە ئىككى كەمچىلىك ئۆتكۈزدى، بىرى تېرىش، ئورۇشتىمۇ ياردەم بولۇپ تۇرغان ھالدا، بۇرۇنقى بوشاڭلىقى بىلەن قىچىنى بىرمۇنچە زايە قىلىپ يىغىۋالدى، بۇنى پۈتۈن كىشى بىلىدۇ. ئىككىنچى، دېھقانلار چوڭ ئۆستەڭنى رېمونت قىلىشقا ماڭغاندا مەتنىياز قاملاشمىغان بىر ئىش ئۆتكۈزۈپ قويدى.

ئاشلىقلار يىغىلىپ بولۇپ ئېرىق ـ ئۆيمانلارنى ساپ ـ سېرىق غازاڭ قاپلىۋالغان كەچكۈزنىڭ بىر ئەتىگىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى مەھەللىدىكى پۈتۈن دېھقانلارنى ئۆستەڭ چېپىشقا چاقىردى، شۇ كۈنى مەتنىيازمۇ كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۆستەڭ تەرەپكە كېتىپ باراتتى. ئۇ قەدىمىنى بارغانسېرى چاپسانلىتىپ كۆپچىلىكتىن خېلى ئۆزاپ كەتتى ـ دە، تام ياقىسىدىكى پاكار ـ پاكار قويۇق ئۆسكەن ئۆرۈك ياغاچلىرى ئارىسىغا مۆكۈۋالدى. ئارقىدا كېلىۋاتقانلار يۈز قەدەمچە نېرىدىنلا ئۇنىڭ شاخ ئارىسىدا كىرىپ‌دەك توگۇلۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قېلىشتى. ھېچكىم ئۇنى ھېچقانداق ئىزلەپ ئاۋارە بولماستىنلا كۆرۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى: ئۇ، ئۆرۈككلۈككە سوڭگۈپ كىرىۋاتقاندا ئاق قوي تېرىسىدىن قىلىنغان كونا جۇۋىسىنىڭ پەشلىرىنى تىكەنلىك شاخلار تەتۈر ئۆرۈپ، «مانا مەتنىياز مەيەردە» دەپ كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭ قاملاشمىغان بۇ ئەخمىقانە ئويۇنى ئۆستەڭگە ماڭغۇچىلار ئۈچۈن خېلى كۈلكە بولدى.

ــ ھوي مەيەردە سېمىزلا بىر قوي ئۆلۈپ قاپتىغۇ، ــ دېدى كەكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقال بىر چاقچاقچى مەتنىيازنىڭ جۇۋىسىنى كۆرسىتىپ .
كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى .
— «توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر » ، بۇ ھەمراللىرىدىن قاچقان قوي بولسا كېرەك . بىچارىنى بىر نېمە بوغۇپ قويۇپتۇ - دە .
— ھاي - ھاي تـوختاڭلار ! سىلەر بۇنى قوي دەيسىلەر مۇرىسىدە كەتمەن تۇرىدىغۇ بۇنىڭ ؟
— دېھقانچىلىقنى ئۆگىنىۋاتقان قوي بولسا كېرەك .
— ھەي ، تىرىك ئىكەن ، مىدىرلاۋاتىدۇ .
مەتنىياز تىكەنلىك شاخلاردىن ئاران قۇتۇلۇپ ، ئارقىسىچە سىلـجىپ چىقىپ ئورنىدىن تۇردى .
— ئەستاغپىرۇللا ، غەلىتە ئىش بولدى - دە ، مۆكۈۋالسام كۆرۈپ قالدىڭلار ، — دېدى خىجالەت بولۇپ ، ھىجىيىپ يۈزىنى تۆۋەن قاراتتى .
— ئەيىپ سىلىدە ئەمەس ئۇستام ! — دېدى ھېلىقى كەكە ساقال تۆمۈر ، — ئەيىپ ماۋۇ جۇۋىدا . جۇۋا سىلىنى قوي سۈرىتىدە قىلىپ يوشۇرۇپ كۆرسىتىپ قويمىغان بولسا ، بىز ھەرگىز تاپالمايتتۇق . خوش ، بۇ نېمە قىلغانلىرى مەتنىياز ئاخۇن ؟
— ئەمدى - ئەمدى ، قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ . . . راستىنى ئېيتقاندا ، بىز ئەيىبلىك ، — دېدى مەتنىياز قول قوشتۇرۇپ .
باياتىن بېرى يول بويىدىكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان سېيىتئاخۇن مۇشۇكىنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ توپنىڭ ئالدىغا يورغىلاپ ئۆتۈۋالدى - دە :
— ھە ، ئۇقۇلدى . مەتنىيازنىڭ بۇ قىلىقى ئويۇن ئەمەسكەن . ئۆستەڭگە بېرىشتىن قېچىشكەن - دە ، بۇ نېمىدېگەن ساختىپەزلىك ؟ ھە ، مانا قاراڭلار ؟! — دېدى .
— شۇنداق ، ھېچ قاملاشمىغان بىر ئوي مېڭەمگە كىرىپ قالدى - دە ، ئۆستەڭگە بېرىشتىن قېچىپ مۆكۈۋالدىم .
— ئەمدى بۇنى نېمە قىلىش كېرەك ؟ — دېدى سېيىتئاخۇن مەتنىياز تەرەپكە قولىنى سوزۇپ .

— مۇساپىرنىڭ كۈچىكىدەك بويىنمىزنى ئېگىپ تۇردۇق، نېمە قىلساڭلار ئىختىيار سىلەردە، — دېدى مەتنىياز قول قوشتۇرۇپ بويىنىنى ئەگكەن ھالدا.

— قېنى كەتمەننى دولىغا ئالسىلا ئۇستام، — دېدى كەكە ساقال تۆمۈر، — مۇساپىرنىڭ كۈچىكمۇ، بۆرە تالىۋەتكەن قويمۇ بولمىسىلا، ئۆستەڭ چېپىشتا نەمۇنىچى بولۇپ، بۇ كەمچىلىكنى ئىش بىلەن يۇسىلا بولىدى. بىز سىلىنى چىلىك - چىلىك كەتمەن چېپىشتىن باشقا نەرسىگە داۋالەت قىلالمايمىز.

شۇ چاغدا مەتنىياز كۆپچىلىك بىلەن ئۆستەڭگە بېرىپ، ئۇن كۈن ئىشلەپ كەلگەنىدى. ئۇ نەمۇنىچى بولارلىق ئىشلىمىگەن بولسىمۇ، غەيرەت قىلىپ ئوتتۇراھال ئەمگەك قىلالايدىغان بىر كىشىلىك كەتمەن چاپتى ھەم زەمبىل كۆتەردى. ئۆزىمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىشنىڭ كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ قىزىقىپ ئېچىلىپ، گەپتە ۋە قىزىقچىلىقتا ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

ئەنە، مەتنىيازنىڭ قىلمىشلىرى دەپ ئاتالغان بۇ ئويۇن - چاقچاقلىرى سېيىتئاخۇننىڭ داۋراڭ قىلىشىغا ماتېرىيال بولدى. بۇ ماتېرىيالنى ساۋۇتجانغا يۇدەپ، كۆپتۈرۈپ كۆرسەتكەنىدى. سېيىتئاخۇننىڭ بۇنى قىلىشتىكى مەقستى بولسا، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەمرانىڭ گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان ئابروييىنىڭ تەسىرىنى سۇسلىتىش. ھەمرانىڭ ئادىللىقى سېيىتئاخۇنغا ئانچە ياقمايتتى. بولمىسا سېيىتمۇ ئادىللىق توغرىسىدا كۆپ سۆزلەيتتىغۇ؟

ئەجىبا بۇ سۆزلەرنى ھەمرا ئەمەلگە ئاشۇرغاندا سېيىتئاخۇن نېمىشقا ئۇنى يامان كۆرۈپ قالدۇ.

ئۆتكەن بىر مەجلىستە ھەمرا مۇھىم بىر مەسىلىنى ھەل قىلغانىدى. ھەمرا:

— يولداشلار! بىز بۇرۇن دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇلاق ۋە باشقا سايمانلارنىڭ نومۇرىنى (بەلگىلەنگەن ھەققىنى دېمەكچى) ئۇشۇقراق بالاپىتىكەنمىز. ئەمدى ئۇنى تۆۋەنرەك چۈشۈرۈشىمىز كېرەك، —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېدى.

سېيىت كالپۇكلىرى تىترەپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە:

ــ بۇ غەلىتە گەپ! ئۇلاق بولمىسا يەر قانداق ھەيدىلىدۇ؟ ئات ـ ھارۋا بولمىسا ھەممە نەرسە يۈتكەلمەي ئۆز ئورنىدا قېلىۋەرمەيدۇ؟ مانا، ئەندىزە ھەممە نەرسىنى ھەل قىلىدىغان شۇنداق كۈچنىڭ نومۇرى كېمەيىپ كەتسە، كىم بېرىدۇ ئۇنى!؟ قېنى شۇلارسىز دېھقانچىلىق قىلىپ بېقىڭلارچۇ كۆرەيلى؟ ــ دەپ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالدى.

ــ رۇخسەتمۇ، رۇخسەتمۇ، ــ دەپ ئىككى، ئۈچ كىشى ئورنىدىن تۇرغانىدى، تۆمۈر ئالقىنى كېرىلگەن قولىنى سوزۇپ، ئۇلارغا گەپ بەرمەستىنلا سۆزلەپ كەتتى:

ــ توختاپ تۇرۇڭلار ـ ھاي! توختاپ تۇرۇڭلار، مەن گەپ قىلاي... ھەي، سېيىت سېنىڭ گېپىڭچە ئۇلاق سايمانلىرى بارلارنىڭ ئالدىدا ئادەملەر ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىكەن ـ دە، قېنى سېنىڭ ئاتلىرىڭ يەر ھەيدەپ، ئۇرۇق چېچىپ باقسۇنچۇ، بىزمۇ كۆرەيلى!؟

رۇخسەت سورىغانلاردىن بىرى:

ــ مايىاقىقا قاراڭلار، ئورۇنسىز تالاشنىڭ پايدىسى يوق، ــ دەپ ھەممىنى ئاغزىغا قاراتتى.

ــ ھەممىنى ھەل قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكى راست. ئىشلىتىدىغان جابدۇقسىز ياكى ئۇلاقسىزمۇ دېھقانچىلىق قىلىپ مول ھوسۇل ئالغىلى بولمايدىغانلىقىمۇ راست. ئەمما بىزنىڭ گېپىمىز بۇ توغرۇلۇق ئەمەس، بىز يالغۇزچىلىقتا قىلالمايدىغان ئىشلارنى ھەممىمىز بىرلىكتە بارلىق كۈچىمىزنى قوشۇپ ئورۇنلاپ، يەردىن ياخشىراق ئۈنۈم ئېلىش. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەمكارلىشۋاتىمىز. دېمەك، باشقىلار نېمە بولسا بولسۇن، پەقەت ماڭىلا بولسا بولدى، دەپ ھەممىمىز ئۆز ـ ئۆزىمىزنىڭلا مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان بولساق، قېنى ئېيتىڭلارچۇ، بىرلىشىشنىڭ نېمە كېرىكى بار ئىدى. ھە مانا، ئۇنداق بولمىغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئېغىر ـ يېنىكچىلىكىمىزگە يار ـ يۆلەك بولۇپ، ئۆزئارا پايدا يەتكۈزىشىمىز كېرەك. ئۇلاق ـ سايمانلىرى جىقلار، ھېچنېمىگە ئىگە

ئەمەسلەرنىڭ ئاز نومۇر ئېلىۋاتقانلىقلىرىغا ئىنساپ بىلەن بىر قاراپ قو-
يۇشى كېرەك. بىز ئۇلاق ـ سايمانلارنىڭ نومۇرىنى ھەددىدىن ئۇشۇق
قىلماستىن، لايىق دەرىجىدە بۇرۇنقىدىن كەمرەك قىلساق، يوقلارنىڭ
ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشقان بولىمىز ھەم كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە
تۇتقان بولىمىز. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز بىر پىكىرگە كېلىشىمىز
كېرەك.

مانا شۇ بولۇپ ئۆتكەن مەجلىستە دېھقانچىلىققا ئىشلىتىدىغان ئۇلاق
ۋە سايمانلارنىڭ باھاسىنى كېمەيتىشكە ھەممىسى بىر ئېغىزدىن رازى بو-
لۇپ، بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانىدى.

شۇنىڭدىن بېرى سېيىت ئىككى ئات، بىر ئۆكۈز، بىر ھارۋىسىغا
يۆلىنىۋېلىپ، ئازراق ئەمگەك قىلىپ كۆپرەك ھوسۇلغا ئىگە بولۇشنى ئۆزى
خالىغانچە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىغا ھەم مەتنىيازنى ھەمكارلىق
گۇرۇپپىغا كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇ گۇرۇپپىغا ھېچنەرسىسى يوقلار
كىرسە، مېنى «غاجايدۇ» دەپ ئويلايتتى) ئىچىدە ھەمراغا خاپا ئىدى.
لېكىن، ئۇ مۇناسىۋەتتە چىرايلىق ياغلىما سۆزلەر بىلەن سىرىنى
سەزدۈرمەي، ھەمراغا كادىرلار ئارقىلىق زەربە بەرمەكچى ئىدى.

ئىش سېيىتئاخۇننىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقمىدى.

ھەمرا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەن كۈننىڭ ئەتىسى ساۋۇتجاننى مەتنى-
يازنىڭ ھويلىسىغا باشلاپ باردى. ئۇنىڭ بىرنەچچە يىلدىن بېرى
ئۆگزىسى چۈشۈپ كەتكەن دالىنى يېپىلىپ ئالدىغا پېشايۋان ياسالغانىدى.
ئۈستىگە لاي سېلىنىپ سۇۋالمىغان بولسىمۇ، نەچچە يىلدىن بېرىقى
ۋەيرانە كۆرۈنۈشى ئۆزگىرىپ، ئەتىيازنىڭ ئىللىق ئاپتىۋى چۈشۈپ
تۇرغان پېشايۋان كىشىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك، بۇ ئۆي-
نىڭ ئىگىسىمۇ خېلىلا ئۆزگىرىپ قالدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال
ئەتىيازلىقى ھازىرقى پېشايۋان بولغان يەردە دۈمبىسىنى ئاپتاپقا قاقلاپ تو-
پىدا ياتاتتى، ياكى ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە «مۇساپىرنىڭ كۈچۈكىدەك
بېشىنى ساڭگىلىتىپ» خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئەمدى باشقىچە، بۇ
يەرگە ساۋۇتجان بىلەن ھەمرا كىرىپ كەلگەندە مەتنىياز پېشايۋاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەندىگە مىنىۋېلىپ، لىگگىرچاق ياساۋاتاتتى. قوزۇقتا يېگىدىن ياساپ ئېسىپ قويىغان جاۋاگىلار، تاختىنۋېشىغا قاتلاپ قويۇلغان بىر نەچچە يېگىدىن ياسالغان ۋە رېمونت قىلىنغان لىگگىرچاقلار تۇراتتى. بىر چەتتە تۆمۈر بىلەن ئىززەتخان تالنىڭ چىۋىقلىرىدىن زەمبىل توقۇۋاتاتتى. ئۇلار زەمبىل توقۇشنى تېخى تۈنۈگۈنلا مەتنىيازدىن ئۆگەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن قاملاشتۇرالمىغان يەرلىرىنى «ئۇستام بۇنى قانداق قىلىمىز» دەپ سوراپ تۇراتتى. ئۇستام بولسا قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا كۆرسىتىدۇ. بۇنى ھېچ يوشۇرۇپ قويۇشنىڭ كېرىكى يوقكى، زەمبىل توقۇشنى ئۆگىنىۋاتقان ئىززەتخانغا ھۈنەر ئۆگىتىش ئۇستام ئۈچۈن قانداق كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر.

— مانا بۇنى كۆرۈپ قويۇڭ ساۋۇتجان، — دېدى ھەمرا تۆمۈر-نىڭ يېنىدىكى پۈتكەن زەمبىلنى يۆلەپ، — ئەمدى بىكار بولۇپ قالغانلار كەچكىچە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرمايدۇ. قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئۇستامدىن پايدىلانماقچىمىز.

ساۋۇتجان زەمبىلنىڭ ئىككى سېپىدىن تۇتۇپ قاراپ:

— مايماقراقمۇ نېمە بۇ؟ — دەپ كۈلۈمسىرىدى.

— بىرىنچى قېتىمقى ئىشىمىز - دە ئۇكام، — دېدى تۆمۈر، — تۈنۈگۈن بۇنى توقۇيمىز دەپ كەچكىچە ھەپىلىشىپ ئاران شۇنچىلىك قىلدۇق. قېنى بۇنى كۆرۈپ قويۇڭ، — ئورنىدىن تۇرۇپ يېرىم توقۇلغان زەمبىلنى ساۋۇتجانغا سۇندى.

— ھە، بۇ خېلى قاملىشىپتۇ. بۇنى توقۇشنى كىمدىن ئۆگىنىۋالدىڭلار؟

— مانا ئۇستىمىزمۇ يېنىمىزدا، — دەپ مەتنىيازنى كۆرسەتتى تۆمۈر.

— بۇنداقمۇ ھۈنىرىم بار دەڭ ئۇستام.

— بۇ ھۈنەر بولامدۇ، توقۇغاننى بىر كۆرگەن ئادەم قىلىپ كېتە-ۋېرىدۇ، — دېدى مەتنىياز.

— ئەلۋەتتە بۇنى توقۇشمۇ ھۈنەر - دە، ئۇنى كۆرۈپ ئۆگەنمىگەن ئادەم قىلالمايدۇ.

— ئۇستامنىڭ ئىچىدە ھۆنەر تولا ساۋۇتجان ، — دېدى ھەمرا ، — ئۇستام بىزگە ھۆنەرۋەنچىلىكنى ئۆگىتىدۇ . بىز ئۇستامغا دېھقانچىلىقنى ئۆگىتىمىز . شۇنداق قىلىپ بوغا ، جاۋاك ، لىڭگىرچاق ئۈچۈن بازارغىمۇ قاترىمايمىز — دە ، — مەتنىيازنىڭ ئالدىدىكى لىگىرچاقنى قولىغا ئېلىپ ، — مانا بۇ ياسىلىۋاتقان نەرسىلەر كۆپچىلىكنىڭ ئورتاقلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلىرى بولۇپ قالىدۇ .

ساۋۇتجان مەتنىيازنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى ئوبدانراق بىلگەندىن كېيىن ، سېيىتئاخۇننىڭ سۆزى بىلەن ئۇنى «ھېچ ئىشقا يارىماس ئادەم» دېگەن خۇلاسىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىگە ئىقرار بولدى . مەتنىيازنىڭ ئەمگەك ۋە روھىي جەھەتتىن ئىلگىرىلىشىگە ھەمرانىڭ ھەقىقىي ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ساۋۇتجان مانا بۇ جۈرئەت قىلسا قولىدىن ئىش كېلىدىغان ، لېكىن ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ، تۇرمۇشى قالاق بىر ئادەمنى ئەمگەك قايىنىمىغا تارتىپ ، ئۇنى چىداملىق ، ئىشچانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا دېھقانلارغا سۆزلەپ بېرىشنى ئويلىدى .

## 4

ھەمرا گۇرۇپپىسى كوپېراتىپقا ئايلىنىپ ، يەنە بىر قانچە دېھقانلارنى ئۆز قوينىغا ئالدى . ئەمگەك كۈچى ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىسىغا نىسبەتەن ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى . يەر ، ئۇلاق ۋە قوش جابدۇقلارمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە كۆپەيدى . بىر نەچچە ئىش ھايۋانلىرى ، ئىككى دانە سوقا ، بىر دانە ئورما ماشىنىسى ۋە بىر نەچچە ئۇششاق جابدۇقلار بىردىنلا كۆپچىلىكنىڭ ئورتاقلىرىدىكى مۈلكى بولۇپ قالدى .

ھەمرانىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئويۇشتۇرۇلغان قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى مەتنىيازنىڭ ئۇستىكارلىقى بىلەن ، بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ، بوغا ، جاۋاك ، كەندىر ئارغامچا ، زەمبىل ، سېۋەتكە ئوخشاش نەرسىلەردىن خېلى نۇرغۇن ئىشلەپ چىقاردى .

ھازىر بولسا ، 50 ئەمگەك كۈچىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ

كوپېراتىپ ئەزالىرى دېھقانچىلىقنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىپ، يازىچە يېتىشتۈرگەن ئاشلىقلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ھەممىسى بىرلىكتە ھۆسنىگە تولۇپ تاشقان كەڭ ۋە گۈزەل ئېتىزلىرىنىڭ باغرىغا توپلاشتى.

بۇ كوپېراتىپنىڭ ئاساسى بولغان ھەمرا گۇرۇپپىسى مول ھوسۇل ئېلىشتا ھەر يىلى ئارقىغا چېكىنمەستىن، ئۈلگە بولۇپ كەلگىنى ئۈچۈن، كوپېراتىپنىڭ نامى «ئالغا» بولدى، كۆپچىلىكنىڭ ماقۇللىشى بىلەن مۇدىر بولۇپ ھەمرا سايلاندى.

رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ھەمرانىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە چېنىققانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەر بىر ئىشتا ئادىل ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە جان كۆيەر ئىكەنلىكىنى ئېتىۋارغا ئالغانىدى. ھازىر بولسا ھەمرا پارتىيە ئەزاسى. ئۇ يېزىدىكى پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كادىرلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ، «ئالغا» كوپېراتىپىنى نامىغا لايىق تېخىمۇ ئالغا باستۇرۇش يولىدا ئاكتىپ ئىشلىمەكتە.

مەتنىيازمۇ «ئالغا» كوپېراتىپىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئەزالىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ سىلەر كۆرۈپ ئۆتكەن بۇرۇنقى ۋەيرانە تۇرمۇشى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ، ئۆتكەن يىل ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدا ئالدىرىماي ئىشلىسىمۇ، ئاخىرىغىچە چىدام بىلەن رەسمىي بىر كىشىلىك ئەمگەككە قاتناشتى. كۈزدە دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە ئىشلىگەن نەرسىلىرىدىن خېلى نۇرغۇن مەھسۇلات ئالدى.

مەتنىيازنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز يەنە بىر خوشاللىقى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىززەتخان بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، مۇرادىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ــ ئانا، بالىلىق بولغان بەختلىك ئائىلە لەززىتىنى تېتىدى. ھازىر ئۇنىڭ يېنىدا بىللە ئەمگەك قىلىۋاتقان كۆيۈمچان خوتۇنى، ئالدىدا «دادا، دادا» دەپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن تىلى تاتلىق بۇدرۇققىنا ئوغلى ئەركىنجان بار.

ھېلىقى بىزگە تونۇش بولغان ئۆينىڭ تاملىرى سۇتتەك ئاپئاق ئاقارتىلغان. قازان بېشى بولسا، ساغۇچ سېغىزلاي بىلەن سىلىق قىلىپ سۇۋالغان. ئىززەتخانىنىڭ بۇيرۇتمىسى بىلەن مەتنىياز ئۆزى تېرەك ياغىچىدىن سېپتا قىلىپ ياسىغان كارىۋاتقا تۇۋۇنىگە تور تۇتقان ئاق چاي-

شاپ يېپىلغان بولۇپ، كارىۋاتنىڭ يوقىرىقى چېتىدە ئىككى دانە ئاق ياستۇق كېلىشتۇرۇپ تىزىپ قويۇلۇپتۇ. ئۈستامنىڭ قالايمىقان جابدۇق- لىرى ياغاچ ساندۇقلارغا قاچىلىنىپ، دالاندا ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇن ئاپتۇ. ئويۇقتىكى كوزىلار، قوزۇقتىكى چۆمۈچلەر ۋە ئۆينىڭ باشقا كۆزگە كۆرۈنەرلىك جاھازلىرىنىڭ پاكىز، چىرايلىق تەرتىپتە بولۇپ تۇرۇشى بۇ ئۆينى باشقۇرۇپ، بېسىقتۇرۇپ تۇرغۇچى ئايالنىڭ ئىشچان ۋە سەرەمجانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

مەتنىياز قىچا تېرىغان يىلى ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي سايدا ياتقان يوغان ئۆژمە دەرىخىنىڭ يېنىدا هازىر سۆلەتلىك قەددىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى باراڭ. ئىككى باراڭنىڭ ئەتراپىدا مەنپۇخىنە، جۇخار ۋە مىزى گۈللەر ئەۋجىگە ئېلىپ، تەكشى چىرايلىق بولۇپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

«ئالغا» كوپېراتىپىنىڭ ئەزالىرى ياسىغان بۇ باراڭلار ئالدىغا كېلىپ ئەتراپىقا قاراپ باقسىڭىز: كۆز يېتىم يەرلەرگىچە سوزۇلغان پېلەك- لەر ئارىسىدا خۇددى ئوتلاۋاتقان تويىنىڭ قوزىلىرىدەك بولۇپ كۆرۈنگەن قوغۇن، تاۋۇز، كاۋىلارنى، ئوتياشلىقتىكى، ئاپقۇر چىنىدەك بولۇپ يو- غارغان قىپقىزىل پەمدۇرلارنى، تەكشى ئۆسكەن پىيازلارنى، باراڭدا زىنچىچىدە ساڭگىلىشىپ تۇرغان قاپاق ۋە ئەتراپتىكى تاۋلىنىپ تۇرغان چىرايلىق گۈللەرنى كۆرۈپ، كىشىنىڭ زوقى تولۇپ تاشىدۇ.

ئەنە، ئاۋۇ ئېتىزلاردا بولسا، كوپېراتىپنىڭ مول هوسۇللۇق بۇغدايلىرىمۇ، چاناقلىرىنى كېرىشىپ، بۇرۇتلىرىنى دارداىتقان هالدا باش- لىرىنى كۆتۈرۈرشەلمەي ئېگىلىپ تۇرۇشىدۇ. شامال بولسا ئۇلارنى ئېغىتىپ باشلىرىنى بىر بىرىگە تەگكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ كۆرۈنۈشىدىن: «هە، ئەزىمەتلەر، بىزنى بېقىپ ئۆستۈرگۈچە قانچە تەر تۆكۈپ، نۇرغۇن مېهنەتلەر قىلدىڭلار! شۇنىڭغا لايىق بىزمۇ تولۇق مۇراتىمىزغا يەتتۇق. ئەمدى بىزنى چاپسانراق ئۆيۈڭلەرگە ئەكەتمەمسىلەر» دەپ پىچىرلىشىۋات- قاندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن «ئالغا» كوپېراتىپىنىڭ ئەزالىرى، ھەممىدىن بۇرۇن، پۈتۈن كۈچىنى ئويۇشتۇرۇپ ئەمگەك قايىنىمىغا چۆش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلدى. ئۇلار كۈن تازا قىزىغان چاغدا ئارام ئېلىپ قوغۇن - تاۋۇز يېيىش ئۈچۈن ئۈژمە سايىسى ۋە باراڭلارغا كېلىۋاتىدۇ.

بۇ باراڭلارنى ياساشتا ۋە ۋايىغا يەتكەن ئاشلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتە مەتنىيازنىڭمۇ ھەسسىسى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئىشەنچلىك باراڭلىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

باراڭنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە ئايال چاقچاق قىلىشىپ، كۈلۈشۈپ قوغۇن يېيىشىۋاتاتتى. ئىززەتخان باراڭدىن يېرىم قوغۇننى كۆتۈرۈپ مەتنىيازنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— مانى يەپ باقسلا! ھەجەپ تاتلىق قوغۇنكەن، — دېدى ئۇ قوغۇننى تىلىپ.

مەتنىياز ناۋات رەڭ سۈيى تېمىپ تۇرغان گۆشلۈك قوغۇننى يەۋېتىپ:

— قەندەك قوغۇن - دە، قەندەك، — دېدى.

باراڭنىڭ ئىچىدىكى خوتۇنلاردىن بىرى:

— شېرىنىنىڭ قولى تەگكەن - دە، ئۇستام، — دەپ بۇلارغا ئاڭلاتماستىن چاقچاق قىلغانىدى. ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— نېمە بولدى بۇلار؟ قىن - قىنىغا پاتماي قاپتىغۇ، — دېدى مەتنىياز باراڭ تەرەپكە قاراپ.

ئىززەتخان ئۆزىگە غايىبانە چاقچاق قىلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ:

— ھوي، ئەشەدە بىر تورغاي سايراۋاتىدۇ، — دېدى - دە، نېرىراق بېرىپ ئۈژمە تۈۋىدە ئولتۇردى. قوغۇنلۇقتىن بىر سويىمنى كۆتۈرۈپ 3 - 4 بالا بىلەن «ئاپا»، «دادا» دەپ چۇقان سېلىپ ئەركىن چېپىپ كەلدى.

بۇ ئاتا - ئانا ۋە بالا ئۈژمە سايىسىدا بىر بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشۇپ، ھېلىقى ناۋات رەڭ سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان ئەجەپ شېرىن «ئابىناۋات» تىن يەنە بىر يېيىشىپ ئۇسسۇزلۇقىغا قېنىشتى.

1955 - يىل

# ئەسلەش

## 1

1959 ـ يىلى يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى . بىز چۈشكەن «زىس» ماركىلىق چوڭ ماشىنا چىڭقى چۈش ۋاقتىدا كىچىككىنە بىر بېكەتكە كېلىپ توختىدى . مۇنداق ۋاقىتلاردا بۇ بېكەتكە يېتىپ كەلگۈچە ماشىنىلارنىڭ رادىئاتورى پۇرۇقلاپ قايناپ كېتەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۈگۈن بۇ يەردە دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا بىرنەچچە ماشىنا ئۆزلىرىنى سوۋۇتۇپ جىم تۇراتتى . يولۇچىلار بولسا ، بەزىسى ئېرىق بويىدا سايىداپ ئولتۇرۇشاتتى . بەزىلىرى ئاشخانا ئالدىدىكى ئۈستەلدە چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ گەپلىشەتتى . بىز چۈشكەن ماشىنىنىڭ شوپۇرى مۇشۇ ئارام ئېلىش پەيتىدىن پايدىلىنىپ ماشىنىنىڭ لېسورى ئاستىدا سۇنغان بىر پارچە پولاتنى ئېلىپ تاشلاپ يېڭىسىنى قويۇش ئۈچۈن ماشىنىنىڭ جازىسىغا دامكراتنى قويۇپ چاقنى كۆتۈردى . ئەمدى ئۇ ، لېسورنىڭ سۇنغان پارچىسىنى بوشىتىپ چىقىرىش ئۈچۈن ماشىنىنىڭ ئاستىدا يالغۇز ھەرىكەت قىلاتتى . يېقىن بىر جايدا قارىياغاچقا يۆلىنىپ ئولتۇرغان بىر كىشى شوپۇرنىڭ يالغۇز قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ياردەم قىلىش نىيىتىدە ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى . كېيىن يەردىكى بولقىنى قولىغا ئېلىپ شوپۇر بىلەن خەنزۇچە سۆزلىشىشكە باشلىدى . ئۇ جەينىكىنى قاتتىق يەرگە تىرىگىنىچە سىڭايان ئېڭىشىپ لېسورنىڭ قارماق تۆمۈرىگە ھەدەپ ئۇراتتى . ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە بىر سائەتچە ئىشلەپ ، لېسورنىڭ سۇنغان قىسمىنى چىقىرىۋېلىپ ئورنىغا يېڭىسىنى قويۇپ بېكىتتى .

شوپۇر خۇشال بولۇپ بۇ خالىس ياردەم قىلغان كىشىنىڭ قولىنى ئاپتولدا مايلاشقان قولى بىلەن مەھكەم قىسىپ :

— يولداش ، رەھمەت سىزگە ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ .

— ئەرزىمەيدۇ، — دېدى ياردەم قىلغان كىشى كىيىملىرىدىكى توپىنى قېقىۋېتىپ.

مەن ئۇنىڭ تۇرقىغا زەڭ قويۇپ قارىغانىدىم، نەدىدۇ بىر يەردە كۆرگەن تونۇش ئادەمدەك تۇيۇلدى. لېكىن ئۇنىڭ هازىرقى بەستلىك بوي - تۇرقى، مۇسكۇللۇق بىلەكلىرى، ئاپتاپتا پىشىپ قىزارغان يۈز - قوللىرى «سەن پالانى ئەمەسمۇ» دېيىشىمنى قىينىلاشتۇرۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭدىن:

— سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟ — دەپ گۇمان بىلەن سورىدىم.

— تونۇمايۋاتامسەن؟ مەن سېنى ياخشى تونۇيمەن، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

مەن ئۇنى «سىز» دەپ سۆزلىدىم. ئەمما ئۇ مېنى «سەن» دەپ سوزلىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ خېلى يېقىن تونۇش بولسا كېرەك. لېكىن قايسى دەرىجىدە تونۇشلۇقى بار ئادەم ئىكەنلىكى ماڭا قاراڭغۇ بولغىنى ئۈچۈن:

— تازا ئېسىمگە چۈشۈرەلمىدىم، — دەپ يەنە ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرغانىدىم.

— توختى، — دېدى ئۇ.

— توختى؟ — دەپ تەكرارلىدىم مەنمۇ.

— سېپىل توپىسىدا لەگلەك تالىشىپ مۇشلاشقانلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قاپسەن - دە، — دېدى توختى، — هەي، هېلىقى بۇرۇنقى توختىمۇ سەن. ئادەم دېگەنمۇ شۇنچە ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن - دە، سەن ئۇ چاغلاردا ئىنچىكە، ئاۋاق ئەمەسمىدىڭ.

— ئۆزگەرمەيدىغان نېمە بار دېيسەن، ئادەم تۇرماق شەهەرلەرمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. — هەقىقەتەن توختى ئېيتقاندەك بىز ئويناپ ئۆسكەن قىڭغىر - سىڭغىر پاتقاقلىق كوچىلار ئورنىدا هازىر تۈپ - تۈز كېڭەيتىلگەن ئاسفالىتلىق كوچىلار ياسالماقتا. بىز ئۆسمۈر چاغلىرىمىزدا بېرىپ مۇشلىشىپ يۈرىدىغان شەهەر سېپىللىرى ئورنىدا يېڭى - يېڭى ئالىي بى-

نالار قەد كۆتۈرمەكتە. چۆللەردە يېڭى شەھەر ۋە بوستانلار پەيدا بولماقتا.

توختىنىڭ پەلسەپىلىك گېپىگە قارىغاندا، ئۇ ئۆزى جىسمانىي تەرەپتىن ئۆزگىرىپلا قالماستىن، روھىي جەھەتتىنمۇ چوڭ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغانلىقى مەلۇم.

توختى بىزنىڭ مەھەللىدىكى ھارۋىكەشنىڭ ئوغلى ئىدى. مەن بالىلىق چاغلىرىمدا ئۇنىڭ بىلەن كونا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان. ئۇ ناھايىتى شوخ بولغىنى ئۈچۈن بالىلارنىڭ كىتابلىرىنى يىرتىپ قويۇپ ياكى چىمدىۋېلىپ جېدەل چىقىراتتى. شۇنداق قىلىپ، خەلپىتىمدىن پات-پاتلا تاياق يەيتى. ئاخىر توختى ئەدەبلىك بولالماي ئىككى-ئۈچ يىل ئوقۇپلا مەكتەپنى تاشلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇن مەن ئۇنىڭ ئېرگولۇ ھارۋا ھەيدەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرەتتىم. شۇنىڭدىن بېرى توختىنى كۆرمىگەنىدىم. بۈگۈن ئىككىمىز تۇيۇقسىزلا مانا مۇشۇ بېكەتتە ئۇچرىشىپ قالدۇق.

— ئۇسسىغانسەن، جۆرە، ئايەردە ئولتۇرۇپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچەيلى، — دېدى توختى ۋە مەندىن جاۋاب كۈتمەيلا ئاشخانا ئالدىغا قاراپ ماڭدى. بىز بىرەر سائەتتىن ئوشۇق ۋاقىت چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئەھۋاللاشتۇق. ئۇ مېنىڭدە خېلى ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇردى.

توختى ھازىر ئېغىر-بېسىق، ساددا مىجەز ئادەم بولۇپ قاپتۇ. ئۇ مېنىڭ سوئاللىرىمغا ئالدىرىماي سالماقلىق جاۋاب بېرەتتى. گېپىگە قارىغاندا، ئۇ ھازىرقى سوتسىيالىستىك ئۆزگىرىش دەۋرىگە كەلگىچە ئۆز بېشىدىن نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بالىلىق ۋاقىتلىرىدىكى كەپسىزلىك ۋە ئۇرۇشقاقلىق قىلىقلىرىنى 1945-يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە سېپىگە كىرگىچە سۆرەپ كەپتۇ.

— دېمەك، ئەسكەرلىك سېنىڭ تەنتەكلىكىڭنى تۈگىتىپتۇ-دە، — دەپ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇمچە قىلدىم مەن.

— توغرا دېيسەن، — دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۇ يەنە گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئۇ، گۆدەكلىك، سالپا-ساياقلىقلار قىزغىن جەڭلەردە كۆيۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇگەپ كەتتى. بولۇپمۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيە سېپىگە ئۆتكەندىن كېيىن لۈكچەكلىك ئىنسان بالىسى ئۈچۈن نە قاتارلىق ئوسال ئادەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق. كىم دوست، كىم دۈشمەن، كىملەرگە غەمخورلۇق قىلىش كېرەك، كىملەرگە ئۆچمەنلىك قىلىش كېرەكلىكىنى ئاجرىتىۋالدۇق ...

توختى كىشلەرنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرى توغرىسىدا ۋە سىنىپىي ئاڭ توغرىسىدا بىرمۇنچە چۈشەنچىلىرىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ، بىز كىچىك چاغدا ئوقۇغان خەلپىتىمىزنىڭ توختىغا ئوخشاش بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلمايدىغان شوخ بالىلارنى: «بۇ بىئەدەپ گەدەنكەشلەر دۇنيادا پەقەت ئادەم بولالمايدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدىم. دېمەك، خەلپىتىم «دۇنيادا تاغ ئۆزگىرىدۇكى، ئادەم بالىسى-نىڭ مىجەزى ئۆزگەرمەيدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ قۇيرۇقىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغانىكەن. مانا، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، توختىنىڭ مىجەزى پۈ-تۈنلەي ئۆزگىرىپ، ياخشى پەزىلەت ئىگىسى بولۇپ قالغان.

ئۇ ياخشى خۇلقلۇق ئادەم بولۇش بىلەن بىرگە بىر نەچچە خىل تېخنىكىنىمۇ ئىگىلىۋالغان. توختى ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن ھازىر نېفىت كانلىرىنىڭ بىرىدە - بورنۇۋايدا ئىشلەيدىكەن، كېيىن ئارىلاپ تىراكتورىستا بولۇپمۇ ئىشلەپتۇ. ئۇ، ھازىر بىرنەچچە ئوغۇل - قىزلارغا ئاتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشى تەربىيىسى ئۈچۈن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىكەن. مەن ئۇنىڭ ياخشى پەزىلىتىنى ئېغىزدىكى سۆزلىرىدىلا ئەمەس، ئەمەلىيىتىدىمۇ بارلىقىنى كۆردۈم.

بىز ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سۆھبەتلىشىشتىن بۇرۇن توختى-نىڭ خەنزۇ شوپۇرغا ئۆزلىكىدىن ياردەم بەرگىنى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى مىللىي دوستلۇق ۋە قېرىنداشلارچە ھەمكارلىقنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

يەنە كىچىككىنە بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتى. ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ، ئىككى كىچىك بالا لايدا نېمىنىدۇر بىر نېمىلەرنى ياساپ ئويناۋاتاتتى. ئۇلار لاي تالاشتىمۇ ياكى بىرسىنىڭ ياساۋاتقان ئويۇنچۇقىنى ئىككىنچىسى ئۆزىنىڭكىدىن ياخشىراق ياسىغانلىقىغا قىتىغىرلىق قىلىپ بۇزۇپ

تاشلىدىمۇ، ئۇنىمىسى بىزگە نامەلۇم، ھەر ھالدا ئۇلار ئۇرۇشۇپ قالدى. بىر بىرىنى ناھايىتى سەت تىللار بىلەن تىللايتتى ۋە تاش ــ چالما، لايلارنى بىر بىرىگە ئاتاتتى. بۇلارنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى سېزىلىپ تۇراتتى.

مانا بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن توختى قىلىۋاتقان پارىڭىنى ئۈزۈپ قويدى ــ دە، باللارنى ئاجرىتىپ قويۇش ئۈچۈن كەتتى. ئۇلار-نىڭ ۋىجىكرەك كەلگەن بىرسى كۆكەمرەك ئىدى. ئۇ تىنماي تاش ئېتىپ، تىللاپ ھەم ۋارقىراپ يىغلاپ تۇراتتى. توختى بېرىپ، ئۆزىنىڭ توم ــ توم بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدىن تۇتۇپ سىلكىپ ئوچۇمىدىكى تاش ۋە قاتتىق لاي پارچىلىرىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى.

ــ بولدى، قوي ئەمدى، سەن نېمانچە كۆكەملىك قىلىسەن، ــ دەپ ئۇنى تىنچلاندۇرماقچى بولدى. لېكىن ئۇ تەرسالىق قىلىپ، يەنە ئۇرۇشۇش ئۈچۈن پىستە كۆچۈكتەك ئېتىلىپ تۇراتتى. توختى ئۇنى قولتۇقىغا قىسىپ ئاشخانا ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. يەنە بىرسى خېلى غەرەز ئوقۇدىغانراق بالا ئىكەن.

ــ سەن نېرىراق كەتسەڭچۇ، ــ دېگەن ئىدۇق، ئۇ ئارتۇق كاۋ-لىق قىلمايلا نەگىدۇ كېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى. شۇنداق قىلىپ جېدەل جىمىپ قالدى. توختى كۆكەمە بالىنىڭ لاي قوللىرىنى يۇيۇپ يولغا سالدى. مەن توختىنىڭ باللارغا ئاتىلارچە غەمخورلۇق قىلىپ ئىناق بولۇپ يۈرۈشىنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا قىلغان گەپ ــ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، باللىق چاغلىرىمىزدىكى بىر ۋەقەنى ئەسلەپ كەتتىم.

## 2

مەن تېخى كىچىك ئىدىم. ناھايىتى توققۇز ياشلىق ۋاقتلىرىم بولسا كېرەك، ئۈدۈل قوشنىمىزنىڭ ھويلىسىدىن چىقىۋاتقان كۆچلۈك ناخشا ساداسىنى ئاڭلاپ قالدىم. ماڭا ئوخشاش ناخشىغا قىزىقىپ قالغان ئۈچ ــ تۆت تەڭتۇشلىرىم بىلەن قوشنىمىزنىڭ دەرۋازىسى ئاستىدىن ئۆمىلەپ سىلجىپ ھويلىغا كىردۇق. ھويلا ئىچى قاپ ــ قاراڭغۇ ئىدى.

www.uyghurkitap.com

بىز ئۆي ئىگىلىرىگە تۇيدۇرماي تام ياقىلاپ كېلىپ ناخشا ـ ساز ئاڭلىنىپ تۇرغان ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن ماراپ تۇردۇق. ئۆينىڭ ئىچى يىگىتلەر بىلەن لىق تولغانىدى. بىر قانچىسى سازەندىلەر ئەتراپىغا توپلىنىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوڭ ئالقىنىنى قۇلىقىغا قويۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋارقىرايتتى. كۆپچىلىكى زەدىۋال تارتىلغان تامغا يۆلىنىپ، بەزىلىرى بولسا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ جىم ئولتۇرۇشاتتى. ناخشا ئۆينى، ھويلىنى ۋە پۈتۈن مەھەللىنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك كۈچلۈك ۋە جەزبىلىك بولۇپ ياڭرايتتى.

بۇ بارات (ئايەم ئېيىنىڭ 14 ـ كېچىسى) نى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تۈنەشكە توپلانغان مەھەللىمىزنىڭ ياش يىگىتلىرى ئىدى. ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ئويۇن ـ تاماشىلىرى بىزنى ناھايىتى قىزىقتۇرغانىدى. مەن دادامنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۈنەك باراۋىتىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن پۇل بېرىشىنى سورىدىم.

دادام:

— سەن تېخى كىچىك، مەشرەپ ئويناشقا ۋاقتىڭ بار، — دەپ مېنىڭ تۈنەككە كىرىشىمنى توستى.

— توختىنىڭ دادىسى ماقۇل دېدىغۇ، يارماق بەردىغۇ، مەنمۇ كىرسەم نېمە بولىدۇ؟ — دەپ چىڭ تۇرۇۋالدىم.

— ھەي، شۇ توختىنىڭ دادىسى، — دېدى ـ دە، دادام قوشۇمىسىنى تۈردى. توختى مېنىڭ دوستۇم ئىدى. دادىسى ئۇنى نېمە قىلىمەن دېسە قويۇپ بېرىپ ئەركە بالا قىلىپ قويغان. دادام مېنىمۇ ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىپ ئەكە بولۇپ قالمىسۇن دەپ توختى بىلەن بىللە ئويناپ شوخلۇق قىلغانلىقىم ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم ۋارقىراپ قۇلاقلىرىمنى سوزغانىدى. مېنىڭ شۇ كۈنكى مەشرەپ ئويناشقا بولغان قىزىقىشىم دادامنىڭ جازالىرىدىن ئۈستۈن بولغاچقا، ئارزۇيۇم ئۈستىدە قاتتىق تۇرۇۋالدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن داداممۇ مېنى جازالىمىدى. ئۇ، ئېھتىمالىم ئۇلۇغ ئايەم كېچىسى كىشىلەرگە ئازار بېرىش ياخشى ئەمەس، دەپ ئويلىغاندۇر، ئۆزىمۇ قىرىق رەكەت ناماز ئوقۇپ تىلەك تىلەش ئۈچۈن تا-

ھارەت ئېلىپ جەينىماز ئۈستىگە بارغان ئىكەن، ئەلۋەتتە مۇنداق گۇناھلاردىن پاك بولۇش ئالدىدا ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ مۇلايىم بولۇپ قالاتتى.

— ھەي ئاشىق، بوپتۇ بار، — دېدى دادام يۇمشاق ئاۋازدا. ئائىلىمىزدىكىلەر بەزىدە مېنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى. چۈنكى مەن ئاكىلىرىمغا ئوخشاش كىيىم تاللىيالمايتتىم، ئۇلارنىڭ ئېشىپ قالغان كونا، يىرتىق كىيىملىرىنى كىيىۋېلىپ كوچىلارنىڭ توپىسىنى پۇقۇرۇتۇپ، يامغۇردىن كېيىن بولسا يىغىلىپ قالغان توختام سۇلارنى كېچىپ ئويناپ يۈرۈۋېرەتتىم.

— يارماق بەرمەمسەن؟ — دەپ سورىدىم.

— قانچىدىن يىغىش قىلىشىپتۇ.

— ئەللىك تىيىن، قىرىق تىيىندىن.

دادام ساندۇقتىن شوينىغا ئۆتكۈزۈلگەن بىر سوم تۆچ ياماقنى ئېلىپ ئۇنىڭ باش تەرىپىدىن بىر بوغۇمنى بۆلۈپ شوينىنى كېسىپ چىگدى - دە:

— مە، سەن كىچىك بولغاندىن كېيىن يىگىرمە تىيىن بەرسەڭ بولىدۇ، — دەپ يارماقلارنى قولۇمغا بەردى.

— ياق، قىرىق تىيىن بېرىسەن، — دەپ تۇرۇۋالدىم مەن.

— يۈگۈ، سەن ئەپچىقىپ باق، ئۇنىشىدۇ.

— ياق - ياق، نېمە دەپ ئېلىپ چىقىمەن، بۇ ئاز.

— ھەي كاژ بالا! يۇرە مەن سېنى باشلاپ ئەكىرىپ قوياي، — دېدى - دە، دادام قولۇمدىن يېتىلەپ ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى.

بىز كىرگەندە ئوتتۇز ئوغۇل ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئەدەب بىلەن دادامغا سالام بېرىشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام يىگىتلەر، مېنىڭ بالام يوغان باشلىق قىلىپ ئۆزى كىچىك بولسىمۇ ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بىرى بولۇپ سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا تۇنەك كېچىسىگە قوشۇلىمەن دەپ كىردى، — دېدى دادام كۆكسىگە ئالقىنىنى قويۇپ.

www.uyghurkitap.com

— ۋاي ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ، — دېدى بۇرۇتى خەت تارتقان ۋىجىكرەك بىر يىگىت، بۇ ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ يىگىت بېشى ئىدى، — كەلسۇن قېنى تۆرگە چىق، ئەزىمەت يىگىت.

— بۇنىڭ تۆرگە چىقىدىغان ۋاقتى بار تېخى. مانا مەيەردە ئولتۇرسۇن، — دەپ دادام مېنى پەگا تەرەپتىكى بىر بۇلۇڭغا جايلاشتۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

مەن دۇنياغا كېلىپ بىرىنچى قېتىم مەشرەپكە قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن دادامغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ بۇلۇڭدا يۈكۈنۈپ جىم ئولتۇراتتىم. تارتىنىشىم ئاستا - ئاستا سۇسلىشىپ ئۆي ئىچىدىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتىشكە باشلىدىم. توختى مەندىن خېلىلا يۇقىرى جايدا ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بىر گۈلىدەك (قاتاردىكى يىگىتلەر ئۆزلىرىنى شۇنداق دەپ ئاتىشىدۇ) مەغرۇر ئولتۇراتتى. مانا بۇ تۇنەك كېچىسىدىكى مەشرەپ مەندە ھەم ياخشى، ھەم يامان تەسىرات قالدۇرغانىدى.

مەشرەپنىڭ رەسىم قائىدىسى بويىچە يىگىت بېشى ئەڭ تۆردە، قازى كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق، پاششاپبېگى ۋە كۆل بەگلىرى تۆۋەنرەك جايلاردا ئولتۇرۇشاتتى. پاششاپبېگى ئولتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي تەرتىۋىنى، كۆل بېگى بولسا يېمەك - ئىچمەك ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. سازەندىلەر ئەندى چوڭ بەزمىگە چۈشتى. پاششاپ يېنىدىكى بىر ئۇچى ئىككى تىلىنغان تاياقنى (بۇنى گۈل تاياق دېيىشىدىكەن، ئۇرغاندا كىشىگە قاتتىق تەگمىسۇن ئۈچۈن شۇنداق ياسالغان) قولىغا ئېلىپ دىققەتسىزلىك قىلىۋاتقانلارنى تەرتىپكە چاقىردى. ئوتتۇز ئوغۇل پاششاپنىڭ: «خەپ شۇك»، «جۇپ - تىز» دەپ بېرىۋاتقان بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ تىپتىنچ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ساز تىڭشاشقا باشلىدى. بەزمىگە كىرىش ئالدىدىن پېشقەدەم بىر سازچى ساتار چېلىپ مۇقام ئوقۇشقا باشلىدى.

ئۈنىڭ:

خازان قىلدىم گۈلىستانىم غېمىڭدە گۈل ئۇزارىمنى،
كەل ئى دىلبەر تاماشا قىل خازان بولغان باھارىمنى.

يەنە بىر يېرىدە:

ساتارىم تارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ سالسام،
مۇسىبەت داستانىدىن مەگەر دەپتەر ئاچار بولسام، — دەپ بېرىلىۋاتقان مۇقام غەزەللىرى ۋە ساتار تارى، ئۆزىنىڭ ھال تىلى بىلەن خەلقىنىڭ چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەتلىرى توغرىسىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى، دەرد ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادە قىلاتتى. بۇ ئاجايىپ مۇڭ زارلىق ئاھاڭنى تىڭشاپ ئولتۇرغۇچىلار ئۆزىنى نەلەرگىدۇر نۇرسىز، تۇۋسىز چوڭقۇرلۇقلارغا ئاتقان خىيال تۇمانى ئىچىگە چۆمۈپ كەتتى. باشقىلارنىڭ بۇ ئېغىر سۈكۈت ئىچىدىكى خىيالچان كۆرۈنۈشىمۇ ياكى سازنىڭ مۇڭلۇق ساداسىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۆزۈمگە نامەلۇم بولغان بىر خىل سالماق مېنىمۇ يەلكەمدىن بېسىپ، ھەر خىل ئۈزۈك - ئۈزۈك، ئەمما ئالدى تۇيۇق خىيال كوچىسىغا سۆرەۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئارىلاپ، ئارىلاپ، ئۆز - ئۆزۈمدىن سىلكىنىپ، كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ ئۆي ئىچىگە، يىگىتلەرگە قاراپ قوياتتىم... ئوتتۇز ئوغۇل باشلىرىنى تۆۋەن سالغان ھالدا قىمىرلىماي تىپتىنچ ئولتۇرۇشاتتى. بەزىبىر پىغانى ئۆرلەپ كەتكەن يىگىتلەر «ھەق، ھەق ئاچار بولسام!...» دەپ تۇۋلاپ قوياتتى. چوڭ بەزمە غېرىپ - سەنەم ئاھاڭلىرى بىلەن ئاياقلىشىپ، قولاقنىڭ پەردىلىرىنى يىرتقۇدەك كۈچلۈك ئاۋازدا تۇۋلانغان كوچا ناخشىلىرى باشلىنىپ كەتتى. بۇ ناخشىلار بىرىنىڭ كەينىدىن - بىرى باغلىنىپ كېلىپ خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلدى. ئاخىر ناخشىچى سازەندىلەر قىزىرىپ، تەرلەپ - پىشىپ ھارغاندا بەزمە ئاياغلاشتى. يىگىتلەر ئىچىدىن:

— ئۆلمە! ئۆلمە!

— رەھمەت سىلەرگە!

— قولۇڭلارغا دەرد بەرمىسۇن! — دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

مانا ئەمدى بىر بىرىگە بېيىت ئېيتىپ چاي تۇتۇش، ئالما تۇتۇش، گۈل چاي، يۇرت سايلاش، «تام تېشىپ تېرىق ئاپتۇ، مۇز تېشىپ بېلىق ئاپتۇ» دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلىنىدىغان «داد پادىشاھىم» لارغا ئوخشاش ئويۇن - تاماشىلار باشلىنىپ كەتتى. كېيىن ئۇسسۇل پەدىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رىگە چېلىنغان ساز ۋە ئىشقى مۇھەببەت قوشاقلىرى ئېيتىلىپ، ئۇسسۇلغا چۈشۈش قىزىپ كەتتى.

ئۆي ئىچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق ئويۇنلار بىرئاز بېسىلغاندىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بىلەن مەھەللىمىزنىڭ نوچى يىگىتلىرىدىن بىرى مەمتىلى قارا كۈلكىلىك چۆچەكلەرنى ئېيتىشقا كىرىشتى. مەن بۇ چۆچەكلەرنى ناھايىتى بېرىلىپ تىڭشىدىم. بولۇپمۇ ماڭا «ھەييار تاز» دېگەن چۆچەك تەسىر قىلغانىدى. ئۇنىڭ قەھرىمانىنىڭ ئەقلى - ھوشى، مۇغەمبەر ۋە تاپقۇرلۇقى بىلەن پادىشاھنى خىجالەتتە قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ نامەردلىكىنى پاش قىلىشلىرى مېنى ھەيران قالدۇرغانىدى. مەمتىلى قارا:

— ئۇ، ئۇياقتا كەتتى ئېشىكنى ھاڭرىتىپ، مەن بۇ يەرگە كەلدىم، پۇت - قولۇمنى ساڭگىلىتىپ، — دەپ چۆچىكنى ئاياقلاشتۇردى ۋە تومىقىنى ئالماي ئولتۇرغان بىر يىگىتنى كۆرسىتىپ، — ياق، ئەنە ئۇمۇ كەپتۇ. «غاز كەلسە يازغا تەۋە، تۇماق گەدەنگە چۈشسە تازغا تەۋە دەپ ئولتۇرۇپتۇ» دېگەن تەمسىل بىلەن چاقچاقنى باشلىۋەتتى.

— ھەي، ئايدىڭدا سايىغا باش ئاتىدىغان مازغا تەۋە، — دېدى تۇمىقى بار ياش يىگىت.

قوللار چايقىلىپ، داستىخان سېلىنىپ، تاماقلار يېيىلىۋاتقان قىستىلاردىمۇ چاقچاقلار ئۆيىنى تىترىتكۈدەك كۈلكىلەر بىلەن د قىلىۋاتاتتى.

ساھىبخان يىگىت كىرىپ:

— ۋاي باللا - باللا، بىزنىڭ مەھەللىگە قازانچىنىڭ باللىرى كەپتۇ، — دېيىشى بىلەنلا ئوتتۇز ئوغۇل قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك كۈلكىدىن چىپپىدە توختاپ قېلىشتى. يەۋاتقان ئاشلىرىنى چالا تاشلىشىپ ئالا - توپىلاڭ بولۇپ تالاغا يۈگۈرەپ چىقىپ كېتىشتى. بۇلارنىڭ بۇنداق ئالدىرىشىپ چىقىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقالماي مەنمۇ ئەگىشىپ تالاغا چىقتىم.

تېخى بىزنىڭ تالاغا چىقىپ گۈلخان سېلىپ ئوت ئاتلاش، ياغلىق قاپاقنى كۆيدۈرۈپ كېچە سەيلىسى ئويناش ئۈچۈن ھايۋانلارنىڭ

سۈرىتىدە ياسىنىش ئىشلىرىمىز تەييارلانمىغانىدى. قازانچىدىن بىزنىڭ مەھەللىگە كەلگەن يىگىتلەر بولسا ھەممە تاماشىنى تەييارلاپ كېچە سەيلىسىدە بىزدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ ئوتتۇز ئوغۇل ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. قازانچىدىن كەلگەنلەرنى ئۇرۇشقا تەييارلىنىشتى.

يىگىت بېشى بۇيرۇق بېرىشكە باشلىدى.

— ھاشىم، سەن تۆمۈر مۇشتۇگىنى ئېلىپ چىق، — دېدى، ئۇ سىپايىلىك بىلەن يەنە بىر پالكۆز يىگىتكە قاراپ، — جۇگۇ، سەن ھېلىقى مىق قېقىلغان چومۇقۇگىنى ئېلىپ كەل، چوڭلار تام ياقىلىرىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇڭلار، ماۋۇ ئۇششاق باللار ئاۋۋال بېرىپ تاش ئاتسۇن. ھامۇت سەن بۇلارنىڭ ئارقىسىدىنماراپ بار!

— يۈرۈڭلار، باللار، — دېدى ھامۇت ئۇرۇشقاق خورازدەك ھۆرپىيىپ، جېدەل قوزغاش ئۈچۈن بىرنەچچە كىچىك باللىنى ئالدىغا سېلىپ ئىلگىرىلەپ كەتتى.

بىز قوللىرىمىزغا تاش ئېلىپ تار كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن ئايلىنىپ ىچىككىنە بىر مەيدانغا چىققاندۇق. قازانچىنىڭ بىر توپ ياشلىرىغا ۋچراشتۇق. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېگىزرەك بىر يىگىت ئۇزۇن بىر خادىغا كىيگۈزۈپ ياندۇرۇلغان ياغلىق قاپاقنى كۆتۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ، ئونلاپ يىللاپ ياغقا تويۇنغان قاپاق مەشئەل ئەتراپىنى يورۇتۇپ، لوغۇلداپ يېنىپ تۇراتتى. بۇنى ئەگىشىپ كېلىۋاتقان يىگىتلەر جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ «ۋەششەمى» ئوقۇۋاتاتتى. كېيىن «بارات كەلدى، تۇي-دۇگلارمۇ، بىزگە قويماق قويدۇگلارمۇ» دەپ قىچقىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى يىگىت جۇۋىلارنى تەتۈر ئۆرۈپ كىيىپ تۆگە سۈرىتىدە بولۇۋاپتۇ. بىرسى ئۇنى مىنىپتۇ. يەنە بىرسى ئېيىق سۈرىتىدە بولۇپ ئۇنى يېتىلەپتۇ. مەن بۇلارغا قىزىقىپ ئاغزىمنى ئېچىپ قاراپ قاپتىمەن.

— ئاتە، ئاتە، تاشنى ئاتىمىز! — دەپ توختى يېڭىمدىن تارتتى – دە، ئۇلارغا قارىتىپ تاش ئېتىشقا باشلىدى.

مەنمۇ قولۇمدىكى بىرىنچى تاشنى ئاتتىم. تاش بېرىپ تېگىش بىلەن ئۇ تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ۋاراڭ - چۇرۇڭلار مېنى چۆچۈتۈپ

www.uyghurkitap.com

قويدى. ئىككىنچى تاشنى ئېتىشقا جۈرئەت قىلالماي مەھكەم سىقىمدىغان بويىچە قاراپ تۇراتتىم. توختى بولسا بار كۈچى بىلەن تىرىشىپ تاش ئاتاتتى ۋە مېنىمۇ ئېتىشقا قىستايتتى. بىرقانچە تاش لوغۇلداپ كۆيۈۋاتقان ياغلىق قاپاق، تۆگە، ئېيىقلارغا تەككەندىن كېيىن قازانچىنىڭ ياشلىرى بىزنى قوغلىدى ۋە توختىنى تۇتۇۋېلىپ بىر كاچات ئۇردى.

توختى ئاغزىنى يامان قىلىپ تىللىدى. يەنە بىر كاچات ئۇرغانىدى. ۋارقىراپ يىغلىدى. لېكىن ئاغزى بېسىلماي تىللاپ تۇراتتى. مانا شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇرۇشقاق چوڭلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن شۇ كېچەدىكى جېدەلنىڭ سەۋەبكارى بولۇپ قالدى. بولمىسا بۇ يەردە جېدەل قىلىشقا ھېچقانداق ئاساس يوق ئىدى. توختىنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى مانا كىچىككىنە ئۇرۇشقاق چۈجە خورازنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ، كۆك ئۈچەيلىك بىلەن كۆكەملىك قىلىپ ۋارقىراپ تىللاپ، يىغلاپ تورۇپ يەردىكى تاش ۋە چالمىلارنى تېرىپ ئېلىپ تىنماي ئېتىپ تۇراتتى. ھامۇت مۆكۈپ تۇرغان يېرىدىن ھېچنىمىنى بىلمىگەن خالىس كىشى قىياپىتىدە كېلىپ:

— بۇ كىچىك بالىنى نېمىشقا بوزەك ئېتىسەن؟ — ئۈنىڭغا بولۇشتى.

— بۇ بىكاردىن - بىكار نېمىشقا تاش ئاتىدۇ؟ — دەپ توپىنىڭ ئالدىغا غوللۇق، قوشۇمقاش بىر يىگىت چىقتى. بۇ ئۇلارنىڭ يىگىت بېشى ئىدى.

— تاغدەك بويۇڭلار بىلەن مۇشۇ كىچىككىنە شۇمتەكلەرگە تەڭ بولدۇڭلارمۇ؟

— پاھ، سەن قالتىس ئادالەتچى سوراقچىكەنسەنغۇ؟ — دېدى قوشۇمقاش يىگىت ھۆرپىيىپ.

— سوراقچى بولسام نېمە قىلاتتىڭ؟! — ئاردىكى گەپ تالىشىشنى باھانە قىلىپ بىز تەرەپنىڭ ياشلىرى بىر - بىردىن توپلاندى. ياخشى گەپلەر شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. ئەمدى زەھەردەك ئاچچىق تىللاشلار باشلىنىپ كېتىپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇغىسىنى قاينىتىۋەتتى.

قازانچى بىلەن شەھەر ئىچى ياشلىرىنىڭ ئىككى گۇرۇھى (سەك-
سەن نەچچە نەپەر ياش) ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ـ تالاش بولۇپ كەتتى.

يېرىم سائەتچە داۋام قىلغان دەھشەتلىك مۇشلىشىش جېڭىدە قازانچى ياشلىرىدىن بىرسى يۈز ـ كۆزى قانغا بويۇلۇپ چالا ئۆلۈك ھالدا يىقىلدى. ئۈچ ـ تۆتى ئېغىر يارىدار بولۇپ سەپتىن چىقتى. شەھەر ئىچى ياشلىرىدىنمۇ بىر نەچچىسىنىڭ ئاغزى ـ بۇرنى قان بولۇپ، باشلىرى يېرىلىپ قاپاقلىرى كۆكىرىپ ئىششىدى.

ــ ئۇر، چەيلە!

ــ مەيدىسىگە دەسسىۋەت!

ــ ئۇر، باش بىلەن!... ئۇر، قان چىقمايدىغان يېرىگە!

ــ سەن ئۇرۇشنى بىلمەيدىكەنسەن! مانا كۆرە ھە! مانا... ــ دېگەندەك غەزەپلىك گەپلەر، بۇيرۇقلار، تىللاشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاخىر مەھەللە جامائەتلىرىنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن ئۇرۇش ـ تالاشلار تەسلىكتە ئاياقلاشتى.

مەن يېرىلىپ ئىششىغان تەنلەرنى، قويۇلغان كۆزلەرنى، ئاققان قانلارنى كۆردۈم. زارلىنىپ ئىڭرىغان ئېچىنىشلىق ئاۋازلارنى ئاڭلىدىم. بۇ نائىلىق پاجىئە مېنىڭ بالىلىق يۈرىكىمنى تىترىتىپ كۆزلىرىمنى پارقىرىتىپ دەھشەتلىك قورقۇنچ ئىچىگە ئاتقانىدى. مەن ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە بولغان مۇنچە قاتتىق ئۆچمەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ھېچ ئويلاپ يېتەلمەسىدىم. ئەمدى بۇ ۋەقەنىڭ نېمە بىلەن تۈگىشىنى بىلمەي ھەيران بولۇپ تىترەپ تۇرغان ۋاقتىمدا دادام مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ ئېلىپ كەتتى.

ياشلار ئۇرۇشقاندا مۇش، باش ۋە پەشۋالار بىلەن زەربە بېرىشتىن تاشقىرى كالتەك، چوماق، تۆمۈر مۇش (تۆت بارماقنى ئۆتكۈزۈپ سىقىمداپ تۇتۇۋالىدىغان ئەمچەكلىك تۆمۈر)، تاش، ئۆتكۈر پىچاق ۋە خەنجەرلەرنى ئىشقا سالاتتى. بۇ ئۆچمەنلىك گۇرۇھۋازلىقلار، تۆنەك كېچىسى، پانۇس كۆتۈرۈپ رامىزان ئېيتقان كېچىلىرى، توي كېچىسى ۋە سەيلە كۈنلىرىدە بولۇپ تۇراتتى. مۇنداق گۇرۇھلارنىڭ تەرەپبازلىق تو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قونۇشلىرى ياشلارنىڭ ئىچىدىلا بولۇپ قالماستىن، چوڭلارنىڭ ئارىسىدىمۇ بولۇپ، دەھشەتلىك پاجىئەلەر بولۇپ تۇراتتى. نەتىجىدە بەزى كىشىلەر ئۆلۈپ ياكى ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار بولۇپ قالاتتى. تۈگىمەس - پۈتمەس خۇن دەۋالىرى باشلىنىپ كېتىپ نۇرغۇنلىغان پۇل ۋە مال - مۈلۈكلەردىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولۇپ كېتەتتى.

3

بۇ قانلىق پاجىئە ۋە ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر ئۆتمۈشتىكى ئىستىبدات دەۋرىنىڭ زەھەرلىك مەھسۇلاتى ئىدى. بۇ مەھەللىۋازلىق، ئۆچمەنلىكلەر تارىخىمىزنىڭ ئاچچىق خاتىرىلىرىلا بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنداق زەھەرلىك ئۆچمەنلىكلەر ھازىرقى دەۋرىمىزگە يات. ھازىرقى زامانىمىزنىڭ كىشىلىرى ئۆزگەردى. ھەممە چوڭ غەيرەتتە. ئۆتمۈشنىڭ يىرگىنىشلىك قانلىق داغلىرىنى يۇيۇپ يېڭى ھايات قۇرماقتا. مانا شۇ يېڭى ھايات قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى يېڭى ئادەم بولۇپ تۇغۇلغان توختى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھازىرقى تۇرمۇشتىن رازى بولۇپ ھەقلىق رەۋىشتە زامانىمىزنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ماختىدى. ئۆتمۈشتە نەچچە يېرىدىن ئۇلانغان ئەسكى ئارقان چۇلۇۋۇرنى تۇتۇپ كۆتەك ھارۋا ھەيدەپ يۈرگەن توختىنىڭ قوللىرىدىمۇ بۈگۈن تىراكتورنىڭ روللىرى، بورىۋاينىڭ بۇرغىلىرى ئىشلىمەكتە.

شۇنداق قىلىپ، بىز توختى بىلەن ھازىرقى ئۇلۇغ ئىشلار بولۇۋاتقان نۇرلۇق يېڭى دەۋرىمىز توغرىسىدا گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆتمۈشتىكى قاراڭغۇلۇق دەۋردە ئۆتكۈزگەن ئېچىنىشلىق باللىق ھاياتىمىزدىن سىلەرگە يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ۋەقەنى ئەسلىتىپ ئۆتتۇق.

توختى چۈشكەن ماشىنىنىڭ شوپۇرى مېڭىشقا تەييارلىنىپ، ماشىنىغا ئوت ئالدۇردى. توختى ماشىنىغا چۈشۈش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى - دە، مەن بىلەن خوشلىشىۋېتىپ:

— مەنمۇ سېنى كۆرگەنلا كىشىلەردىن سوراپ يۈرىمەن. سەن

بىزنى ئۈنتۈپ قالدىڭ ـ دە ، ــ دېدى ئاغرىنغان قىياپەتتە .

ــ ياق ، مەنمۇ ئانچە ـ مۇنچە سوراپ قويۇمەن ، ــ دېدىم مەن ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ .

ــ ھەي تاگەي كىم بىلىدۇ ؟ ھەر ھالدا ئىزدىشىپ يۈرمىلى خەير ، خوش . ئىشقىلىپ ئامان بول ! ــ دەپ توختى ماشىنا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ توختىنىڭ ۋاقتى چاغ ، كۆڭلى خوشاللىق بىلەن لىپمۇ ـ لىپ تولۇپ تاشقانىدى . ئۇنىڭ چۈشكەن ماشىنىسى گۇر كىرەپ ئالغا قاراپ كەتتى . مەن ماشىنىنىڭ كۆتەرگەن چېڭى بېسىلغىچە كەڭ ئۇپۇققا قاراپ قالدىم .

1959 ـ يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# گۇمان

كۆلكىنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى تولا. مەسىلەن، كىشىلەر خۇشال بولۇشسا كۈلىدۇ، زوق ئەيلىسىمۇ كۈلىدۇ. ھەيران قالسىمۇ، مەغرۇرلانسىمۇ كۈلىدۇ ياكى زاڭلىق قىلىپ، تەنە قىلىپ ۋە خوشامەت قىلىپمۇ، ئىچىنىپمۇ كۈلىدۇ. خىجالەت بولسىمۇ كۈلىدۇ، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئورۇنسىز ۋە ئورۇنلۇق كۈلىدىغان كىشىلەرمۇ بار. يەنە ئاپتاپپەرەسنىڭ گۈلىدەك ئېچىلىپ، بويىنىنى چۈشتىن ئاۋۋال باشقا ياققا، چۈشتىن كېيىن باشقا ياققا مۈلايىم ئەگكەن ھالدا ھىجىيىپ كۈلۈۋېرىپ ۋاقتىنى چاغ ئۆتكۈزىدىغانلارمۇ بار ... كۈلمەيدىغان ئادەم كەم ياكى ئۇنداق ئادەمنى ھېچيەردىن ئىزدەپ تاپالمايمىز.

كىمنىڭ نېمە سەۋەبتىن كۈلگەنلىكىنى بىلىۋېلىش تۇيغۇن كىشىلەرگە ئاساندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن بەزى كەيپىياتلاردا ئۇلارمۇ ئازغىشىپ قالسا كېرەك. بۇنى، تۆۋەندە سىلەرگە ھېكايە قىلىپ بەرمەكچى بولغان ئىككى كۈلكە توغرىسىدا ناھايىتى تۇيغۇنلۇق بىلەن چىقىرىلغان خۇلاسىدىن بايقىۋالىمىز.

كەچ سائەت ئالتىلەردە ئۇستەلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى قارىمۇ قارشى ئولتۇرۇشۇپ تاماق يېيىشىۋاتاتتى. بۇلار بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلىشماي، ھەم بىر بىرىگە قارىماي، لەغمەننى تەخسىدىن سۈرەپ ئېلىپ ئاغزىغا سېلىشاتتى. ئالىمجان ئارىلاپ چوكىنى سىلكىپ ـ سىلكىپ چۆپنى سېپى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. مەستۇرە بولسا، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قانداقتۇ بىر خاپىلىقى بارلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن زەردە قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۈچ بارمىقى بىلەن چىمداپ ئاغزىغا سالغان ئاشنى ئىشتىھاسىزلىق بىلەن ئېغىر چاينايتتى. بۇ جىمجىتلىق، بۇ سۆزلەشمەسلىك باشلانغىنىغا مۇشۇ تۇرقىدا توپ ـ توغرا بىر كېچە ـ كۈندۈز بولغانىدى.

ئوچۇق چىراي بىلەن گەپلىشىپ، كۈلۈشۈپ يۈرگەن يىقىن كىشىنىنىڭ قۇدۇقتا چۈشۈپ كەتكەندەك جىمجىت بولۇپ قېلىپ ئۈن چىقارماي يۈرۈشى كۆڭۈلگە قانچىلىك غەشلىك سالىدىغانلىقىنى مەستۈرە بىرىنچى قېتىم چوڭقۇر سوكۇت ئىچىدە سەزمەكتە.

ئۇ، ئالىمجاننىڭ كۆڭلى قالغۇدەك نېمە قىلغانلىقىنى ئويلاپ زادى تاپالمايتتى:

«ئۆلۈشكۈن مەن ئۇنى ئويىنىشىپ ئىتتىرىۋەتكەن، ئۇنۇڭۇن قولۇمدىن چىنە چۈشۈپ سۇنۇپ كەتتى، ھە راست، ئەتىگەن چاينى ۋاقتىدا قايىنىتىپ بېرەلمىدىم. خىزمەتكە سەل كېچىكىپ قالدى. ياق، بۇنىڭغىمۇ ئۇنچە خاپا بولۇپ كەتمەس. ئەتىمالىم قوپاللىراق بىر گەپ قىلدىممىكىن، ھېچ ئەسلىيەلمەيمەنغۇ، ناھايىتى نېپىز ـ دە، بۇ...».

تۈرلۈك خىياللار بىلەن ئۇنىڭ بېشى قاتتى. ئاخىر ئالىمجاننىڭ ئۆزىدىن سوراشقا توغرا كەلدى.


— بۆلەكچىلا تۇتۇلۇپ كەتتىڭىزغۇ، نېمە بولدى سىزگە؟

ئالىمجان جاۋاب بېرىشىنىڭ ئورنىغا مەستۈرەگە يەر ئاستىدىن قاراپ:

— ھىم، ھىم —، دېدى ـ دە، كۆڭلى قارىلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ قىسقىراق قاشلىرى بىر بىرىگە يېقىنلىشىپ قارچىغىنىڭ كۆزىگە ئوخشاش ئۆتكۈر كۆزلىرى يالتىرىغانىدى. سوزۇنچاق يۈزى سۈرلۈك بولۇپ كەتتى.

مەستۈرە دېرىزىنىڭ ھاۋارەڭ پەردىسىگە سانچىپ قويۇلغان قىزىل تاۋار گۈلگە، كېيىن ئۆينىڭ بولۇڭىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك ئۈستەلچە ئۈستىدىكى سۈرەت ۋە ئاتكىرىتكىلارغا قاراپ ئۇلۇغ كىچىك تىندى. بۇ نەرسە بۇنىڭدىن ئون تۆت ئاي ئاۋۋالقى توينىڭ شېرىن خاتىرىلىرىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. ئاتكىرىتكىلار مەستۈرەنىڭ دوستلىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى تەبرىكلەپ تەقدىم قىلىنغان، ئۇلاردا ئالىمجان بىلەن مەستۈرەنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ ئاقىۋەتلىك بولۇشى توغرىسىدا، ئىككىسىنىڭ دائىم خۇشال ـ خۇراملىق، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشى توغرىسىدا، بىر بىرىگە بولغان ھەقىقىي مۇھەببەتلىرىنىڭ گۈللەپ

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياشنىشى توغرىسىدا تىلەكداشلىق ۋە دوستلۇق ئىشەنچىلەر يېزىلغانىدى.

— تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان كىم ئۇ ؟ — دەپ سورىدى ئالىمجان مەستۇرەگە يىرگىنىچ بىلەن قاراپ.

تۇيۇقسىز بېرىلگەن بۇ سوئالدىن مەستۇرە سەل ھودۇقۇپراق جاۋاب بەردى :

— ھە، ئۇ توختى.

— سەن ئۇنىڭ بىلەن نەدە تونۇشۇپ قالغان ؟

— بۇرۇن بىر مەكتەپتە ئوقۇپ 7 - سىنىپنى بىللە تۈگەتكەن بىز.

— بىز، — دەپ تەكرارلىدى ئالىمجان تەنە بىلەن، — شۇنىڭ ئۈچۈن گۈلقەقەلىرىڭ ئېچىلىپ كېتىپتىكەن - دە.

— ۋىيەي دەۋاتقان گېپىنى. ساۋاقداشلار بىر بىرى بىلەن گەپلەشمەمدۇ !

— ئايرىلماس دوستلار ئەلۋەتتە گەپلىشىدۇ، كۈلۈشىدۇ، شېرىن سۆھبەت قىلىش ئۈچۈن ئەپلىك جايمۇ تېپىشىدۇ.

— بۇ نېمە دېگەن گېپىڭىز، مەن ھېچ چۈشەنمىدىمغۇ ؟

— مەن چۈشىنىمەن.

— نېمىنى ؟

— بىر بىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ كۈلۈشلىرىنى ! ئاشىق - مەشۇقلارنى !

بۇ سۆزلەر مەستۇرەنىڭ كۆڭلىگە نەشتەردەك سانچىلدى. ئۇنىڭ كۆتۈرەڭگۈ كۆكسى يۇقىرى - تۆۋەن بولۇپ يۈزىگە قان يۈگۈرەشكە باشلىدى. تامىقىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ ئاۋازى سەل تىترەپ :

— ۋىيەي تووا، ئادەمنىڭ چىشىغا تەگمىسىڭىزچۇ ! — دېدى.

— ھىم، چىشىغا تېگىپتىمشەمەن تېخى، ئۇنىڭ كۆزۈڭنىڭ ئىچىگە قاراپ كۈلۈشنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ بۇنى مەن ياخشى بىلىمەن. بىر بىرىنىڭ جامالىغا قاراپ كۈلۈشكەندىن كېيىن ئەلۋەتتە چاتىقى بار - دە.

— سىزچە بىر - بىرىگە قاراپ كۈلگەنلا ئەر - ئايالنىڭ چاتىقى بار

ئىكەن ـ دە، مانا تېتىقسىز گەپ.
ئالىمجاننىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ غەزەپ بىلەن پارقىرىغان كۆزلىرىنى مەستۇرەگە تىكىپ:
— تېتىقسىزمىش! ھىيلىگەر، ئۇيالماس، يەنە دېگەن سۆزىنى قارا! — دېدى.
مەستۇرە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، بەزگەككە تۇتقان كىشىدەك تىترەپ بېرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە، ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى مەھكەم يېپىپ يىغلىدى.
ئالىمجان ئىشىكنى ئاچچىقى بىلەن قاتتىق يېپىتى ـ دە، كوچىغا چىقىپ نەگىدۇ كەتتى. ئىشىكنىڭ تاق قىلغان ئاۋازى مەستۇرەنىڭ يۈرىكىگە كېلىپ تەگكەندەك بولدى ۋە بۆشۈكتىكى ئۈچ ئايلىق بوۋاقنىمۇ ئويغىتىۋەتتى. ئەمدى بالىنىڭ يىغىسى مەستۇرەنىڭ يىغىسىنى يەڭدى. ئۇ بالىسىنى ئېمىتىۋاتقاندا، ئۇزۇن كىرپىكلىك قاپ ـ قارا كۆزلىرىدە ئەگىپ، توختاپ قالغان ئاخىرقى ياش تامچىلىرى بوۋاقنىڭ يۈزىگە تېمىپ چۈشتى.
ئۇ بالىنى تەۋرىتىپ ئولتۇرۇپ ئالىمجاننىڭ ئۆزى بىلەن بولغان بەزىبىر مۇناسىۋەتلىرىنى ئەسلەشكە كىرىشتى.
بۇلار ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، ئەتىمالىم بەش ئالتە ئايغىچە ئالىمجان مەستۇرەنى «سىز» دەپ يۈردى. ئەسلىدە ئالىمجاننىڭ چىرايى دېگەندەك كېلىشكەن بولمىسىمۇ، گەپ سۆزلىرى جايىدا، ئەدەبلىك، ھۆرمەتچان يىگىت ئىدى. خۇسۇسەن، ئۇ ئاياللارنىڭ ئالدىدا قوينىڭ قوزىسىدەك مۇلايىم، خۇشخۇي بولۇپ كېتەتتى. ئۇرۇش ـ تالاش قىلماستىن ئىناق تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە خۇش مۇئامىلىلىك، ئاقكۆڭۈل بولۇپ ئۆسكەن مەستۇرەگە ئالىمجاننىڭ مىجەزى ياققاندى.
تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن بارا ـ بارا نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدۇ ـ ھە، «ھىيلىگەر» — بۇ، مەستۇرە ئۇچۇن يات ۋە ھەقسىز گەپ. ئۇ دوستلىرى ئارىسىدا راست سۆزلۈكلىكى بىلەن ھۆرمەتكە ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

ئەمەسىمىدى. ئۇ ھېچكىمنى تىللىمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەستۈرەگە ھېچكىممۇ ھاقارەتلىك سۆز قىلمىغان. ئەمدى بولسا توختىنى، يەنى بۇرۇنقى ساۋاقدىشىنى ئىشىك ئالدىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، كۈلۈشۈپ ئوچۇق چىراي گەپلەشكىنى ئۈچۈنلا، ئالىمجاندىن ئاڭلىغان ھاقارەتلىك سۆز كۆڭلىگە ناھايىتى قاتتىق تەگكەنىدى.

ھەر ھالدا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەستۈرە ئالىمجاننىڭ كۈنچىلىك قىلىدىغان مىجەزىنى بايقاپ قالدى. ئەسلىدە بۇنى خېلى بۇرۇنلا سېزىش مۇمكىن ئىدى. لېكىن مەستۈرەنىڭ ساددە، تۈز كۆڭلى، ئۇنى بۇگۈنكىدەك قاتتىق توقۇنۇش بولمىغۇچە بايقىيالمىغانىدى. بولمىسا مۇنداق ئىشلارمۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىدىغۇ.

يامغۇر يېغىپ يوللار سەل لاي بولۇپ قالغان بىر كۈنى كەچقۇرۇن دەرۋازا ئېچىلغاندەك قىلدى، لېكىن ئۆيگە خېلى ۋاقىتقىچە ھېچ كىشى كىرمىدى.

مەستۈرە قاراپ باقاي دەپ چىقسا، ئالىمجان يەرگە ئېگىشىپ بىر نەرسىگە سىنچىلاپ قاراۋېتىپتۇ.

— يەرنىڭ ئاستىدىكى ئالتۇننى كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ چاقچاق قىلىپ كۈلدى مەستۈرە.

ئالىمجان يۈزىدە پەيدا بولغان سەل خىجالەتنى كۈلكە بىلەن يوشۇرۇپ:

— ھە، ھە، ئالتۇن بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ، غەلىتە بىر جانىۋار...، — دېدى - دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى، مەستۈرە ئۇنىڭ تەكشۈرگەن يېرىگە قارىغانىدى. ھېچقانداق جانىۋارنى ۋە ئۇنىڭ ئىزىنىمۇ كۆرمىدى. ئۇ يەردە جانىۋارنىڭ ئىزى ئەمەس، بايا خېمىر تۇرۇش سوراپ كىرگەن قوشنا ئايالنىڭ قوڭالتاق كالىچىنىڭ ئىزى تۇراتتى.

يەنە كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەستۈرە ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەچقۇرۇن سائەت توققۇزلاردا ئۆيىگە قايتتى. ھېچ كىشى يوق قاراڭغۇ كوچىدا كېلىۋاتقاندا تېرەكنىڭ ئارقىسىدىن بىر كىشىنىڭ ئاتقان چالمىسى ئالدىغا چۈشتى. مەستۈرەنىڭ بويى بىر شۈركىنىدى - دە، گەپ قىلماي

ئۆز يولىغا كېتىۋەردى. هايال قىلماي يەنە ئارقىسىدىن بىر كىشىنىڭ ئۇش- قىتىشى ئاڭلاندى. مەستۈرە بىرمۇ مەستىنىڭ ئۆزىگە چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنچىقماي ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. لېكىن تۇ- يۇقسىز بىر كۈلكە ئۇنى يۈگۈرەشتىن توختاتتى. ئۇ ئۆزىگە تونۇش بولغان كۈلكىنى تۇيۇپ قالغانىدى. مەستۈرە يېڭىلمىدى، ئۇنىڭ ئالدىغا ئالىمجان خۇشال كەيپىياتتا كەلدى.

— بۇ نېمە قىلغان ئىشىڭىز؟ — دېدى مەستۈرە سەل تېرىكىپ.

— قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ ئوينىشىپ، — دېدى ئالىمجان.

مەستۈرەنىڭ قورقۇپ يۈگۈرگىنى ئۇنى تويۇقسىزلا كۈلدۈرۈۋەتكەنىدى.

ئەگەر ئىش ئۇنداق بولمىغاندا، ئالىمجان ئۆزىنى ئاشكارا قىلاتتى- مۇ، يا ئۆيىگە بارغاندا مەستۈرەنى گەپكە سېلىپ چېكىپ باقاتتىمۇ، ھەر ھالدا ئۇنىڭ بۇنداق ئاۋارە بولۇپ يۈرۈشىنى ئۆيى بىزگە قاراڭغۇ ئىدى.

لېكىن ئۇنىڭ بۇ خۇشچاقچاق ئويۇنى ئانچە كۆڭۈللۈك بولمىغان- لىقىنى، يەنە ئازراق خىجالەت بولغانىدەك كۆلۈمسىرىگىنى مەلۇم بولۇپ قالدى.

يەنە بىر كۈنى ئالىمجان بىر نەرسىگە ھەيران بولۇپ غەلىتە سوئال سورىغانىدى..

چۈش ۋاقتىدا كارىۋاتتا پۈرلىشىپ تۇرغان چوڭ پەر ياستۇقنى كۆرۈپ قېلىپ:

— بۇ يەرگە ياستۇق قويۇلۇپ قاپتۇغۇ؟ — دېدى.

— بايا بالىنى ياتقۇزۇپ قويغانىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى مەس- تۈرە.

— مۇشتەك بالىمۇ شۇنچە يوغان ياستۇقتا ياتامدۇ.

— ياستۇقىڭىزنى بالىڭىزدىن ئاياۋاتامسىز، دېمەك، بالىدىن ياستۇق ئەتىۋارلىق ئىكەن ـ دە سىزگە.

— ياق...

— ئەمىسە بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— بالىنىڭ بوينى ئاغرىپ كېتەمدىكىن دەيمەن ـ دە، — ئالىمجان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىڭ يۈزىدىكى ھەيرانلىق ئالامىتى ئەمدى سۈس خىجالەت كۈلكىسى ئاستىدا قالدى.

مانا ئەمدى بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ سىرى مەستۇرەنىڭ ئالدىدا ناھايىتى روشەن بولۇپ ئېچىلدى.

ئۇنىڭ ئوقۇشىنى داۋام قىلدۇرۇپ يۇقىرىراق بىلىم ئېلىش ياكى بىرەر ئورۇندا جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تەلەپلىرىنى ئالىمجاننىڭ تۈرلۈك باھانىلار بىلەن ئارقىغا سۈرۈپ كەلگەنلىكىمۇ شۇ سىر بىلەن باغلىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

ئالىمجاننىڭ بۇ ئورۇنسىز گۇمانلار بىلەن قىلىپ كەلگەن كۈلكىلىك ئىشلىرى مەستۇرەنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىشقا باشلىدى. «بۇرۇنقۇ بۇ ئەھۋالنى سەزمىگىنىم ئۈچۈن ئۈنچىقماپتىمەن. بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن تېپىشىشقا ئوچۇق گەپلەشمەي قالدىم — ھە»، ئۇ تېخىچىلا تارتىنچاقلىق قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ۋە كىشىلەر بىلەن تالاش — تارتىش بولۇپ قالسا، گەپ تېپىپ بېرەلمەي قېلىشىنى ئويلاپ، ئۆز — ئۆزىدىن رەنجىدى. ئەمدى ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەتلىك بولغان گۇمانخورلۇق توغرىسىدا ھەق دادىغا يەتكۈچە قەتئىي سۆزلىشىشنى قارار قىلدى.

مەستۇرە پىكىر قىلىشتىن توختاپ بېشىنى كۆتەرگەندى. قولاقلىرى غۇڭۇلداپ يۈرىكى سىقىلدى. ئۇ بېرىپ دېرىزىنى ئېچىش بىلەن كەچكۈزنىڭ مۇزدەك شامىلى يۈزىگە كېلىپ ئۇرۇلدى. سالقىن ھاۋادىن كۆكسى — قارنى تويغۇچە نەپەسلىنىپ ئېغىر بىر تىندى — دە، كوچىدىكى دەرەخلەرنىڭ تەكشى ئۇچلىرىغا، كېيىن ئوچۇق ھاۋادىكى سان — ساناقسىز يۇلتۇزلارغا قارىدى.

يۇلتۇزلارنىڭ بەزىلىرى مەستۇرەگە ئوخشاش بىجىرىم، چىرايلىق ئىدى. ئۇلارمۇ ئۇزۇن — ئۇزۇن نۇر كىرپىكلىرىنى چىمىلدىتىپ، مەستۇرەگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ يادىغا يېڭى تونۇشقان چاغلاردىكى ئالىمجاننىڭ «چاچلىرىڭىز قوندۇز، كۆزلىرىڭىز خۇددى كۈلۈپ تۇرغان يۇلتۇز» دەپ ئۆزىنى ئەركىلەتكەن سۆزلىرى كەلدى.

مەستۇرە يېنىكلەشكەندەك بولۇپ كۈلۈمسىرىدى. «ئۇ، مۇشۇ

چاغقىچە نەدە يۇرىدىغاندۇ » دەپ ئويلىدى ـ دە ، ئەتراپقا ئەنسىرەپ نەزەر سالدى .

ۋاقىت سائەت ئون ئىككىگە يېقىن بېرىپ قالدى . ھېچقاياقتىن كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ . پەقەت يىراقلاردىن قاۋىغان ئىتلارنىڭ بوغۇق ، سۇس ئاۋازلىرى ۋە يېقىن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئاچچىق ھەم بوم ئاۋازلىرىلا كېچىنىڭ كۆڭۈلگە بولغان ئېغىر بېسىمىنى تەۋرەتكەندەك بولاتتى .

※

كۆلۈبقا بېرىپ ئويۇن كۆرگەندىن كېيىن ئالىمجاننىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ ئاچچىقىنىڭ ئەسرىمۇ قالمىدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ يېنىدا بىللە كېلىۋاتقان قىزغا گۈلدەك ئېچىلىپ سىلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەپ كېلىۋاتاتتى :

— ئاۋازىڭىز نېمە دېگەن چىرايلىق ، سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلاۋاتقان ئادەم ئۆزىنى تامامەن يوقىتىپ قويۇش دەرىجىسىگە يېتىدۇ .

— ۋىيەي ، ئاشۇرۇۋەتتىڭىز ـ دە ، ئالىمجان ئاكا ! — دېدى قىز خىجالەت ئارىلاش خۇشال بولۇپ .

— مانا ـ مانا ئىشەنمەيسىز دېمىدىممۇ ، — دېدى ئالىمجان قىزنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ .

— راستىنى ئېيتسام ، بۈگۈن سەھنىدە شۇنداق يېقىملىق ۋە تەسىرلىك ناخشا ئېيتتىڭىزكى ، خۇددى مېنىڭ يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋالغاندەك بولدىڭىزغۇ .

قىز مەغرۇرلىنىپ ، يېقىملىق كۈلۈمسىرىگەندى . ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇماللىشىپ قايقارا ئۈزۈم يالتىراپ كەتكەندەك كۆرۈندى :

«ھىم ، ئىندەككە كەلدىڭغۇ » دەپ ئويلىدى ئالىمجان . لېكىن قىز ئۆزىنىڭ ئارزۇسى توغرىسىدىكى تالانتىنىڭ ماختاشقا ئۇچرىغانلىقى بىلەن مەست ئىدى . ئۇ ئالىمجان ماختىغانچىلىك سېھىرلىك ناخشا ئېيتالمىسىمۇ ، ھەر ھالدا ئوتتۇرا دەرىجىدە يېقىملىق ئاۋازغا ئىگە ئىدى . بىراق ، تېخى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

ئاۋازىنى قانداق ئىشلىتىشنى ۋە ناخشا قائىدىلىرىنىمۇ ياخشى بىلمەيتتى . ئۇ ئارتىستكا بولۇشنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلىپ مەلۇم بىر ھەۋەسكارلار تىياتىر سەنئەت كۇرۇژۇكىغا قاتنىشىپ يۈرەتتى . قىز مېڭىشتىن توختاپ :

— سىزنىڭ خېلى دىتىڭىز بارغۇ ئالىمجان ئاكا ! راستىنى ئېيتىڭا ، مەن ئارتىستكا بولالايمەنمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئەلۋەتتە بولىسىز ، شۇنچە ياخشى ئاۋازىڭىز بىلەن سىز ئارتىستكا بولمىسىڭىز ، كىم بولىدۇ ئەمدى ؟ ناخشىڭىزنىڭ بۈگۈن قانداق كۈچلۈك ئالقىشقا ئىگە بولغانلىقىنى بىلگەنسىز ، قاراڭ ، نېمىدېگەن ئۇرۇلغان چاۋاكلار ، كۈلۈپ لەرزىگە كېلىپ تىترەپ كەتتى . مەنمۇ قوللىرىم قىپقىزىل بولۇپ كەتكۈچە چاۋاك چالدىم . ھە ، مانا كۆپچىلىككە يارىغاندىن كېيىن بولدى - دە .

— ھەمىشە ئۇنداق بولۇۋەرمەس .

— ئادەم دېگەن ئۆزىنىڭ تالانتىغا ئىشىنىشى كېرەك ، مانا قاراڭ ، سىزدە نېمە دېگەن چوڭ تالانت بار . ئۆزىڭىزمۇ چىرايلىق . سەھنىگە ئاجايىپ يارىشىدىكەنسىز ، مەن بۈگۈن تازا دىققەت قىلىپ تۇردۇم . سىز سەھنىنىڭ ئالدىغا شۇنداق كېلىپ ، قەددىڭىزنى توغرىلاپ زالغا بىر قارىۋىدىڭىز ، خۇددى سەھنىدە بىر توپ قىزىلگۈل ئېچىلغاندەك بولۇپ كەتتى .

ئالىمجاننىڭ بۇ قەندەك ماختاشلىرى ھەۋەسكار قىزنىڭ كۆڭلىنى تاغدەك ئۆستۈرۈۋەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈسكەنلىكىگە رازى بولۇپ «مانا باشقىلارمۇ مېنىڭ تالانتىمغا ئالىمجاندەك توغرا باھا بەرسە بولمامدۇ ، مانا ، بۇ يېرى كەمچىلىك ، مانا ئۇ يېرى كەمچىلىك دېيىشىپ ئادەمگە روھىي زەربە بېرىشىدۇ » دەپ ئويلىدى . شېرىن سۆزلەر ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرغان بولسا كېرەك ئەتىمالىم ، ئىشىكىنىڭ ئالدىدىن خېلى يەرگىچە ئۆتۈپ كېتىپتۇ .

— ۋىيەي ، بىزنىڭ ئۆي ئارقىمىزدا قاپتۇغۇ ، — دېدى ھەۋەسكار قىز ، — خوش ئالىمجان ئاكا ، مەن ئۆيگە قايتاي .

ئۇ ئالىمجانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن قىياپەتتە قاراپ يېقىملىق

كـۆلۈپ خوشلىشىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتى. ئالىمجان ئۇنىڭ قولىنى قو-يۇپ بەرمەستىن كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ:

— نېمە ئانچە ئالدىرايسىز، — دېدى - دە، قولىنى تارتىپ قۇچاقلىماقچى بولدى. قىز قولىنى سىلكىپ تارتىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ يۈزىدە ھېچقانداق كۈلكىنىڭ ئالامەتلىرى قالمىغانىدى.

— بۇ نېمە قىلغان ئىشىڭىز؟! مەن سىزنى ئۆز ئاكامدەك كۆرۈپ-تىمەن.

— نېمە بولىدۇ ئەمدى، مۇھەببەتقۇ.

— مۇھەببەت ئەمىش! ئۇيالماي دەۋاتقان سۆزىنى.

ئالىمجان ئەيىبنى ھەۋەسكارنىڭ ئۆزىگە يۈكلىمەكچى بولۇپ، لېكىن خىجالەت ئارىلاش پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئەمىسە ئۆزىڭىز نېمىشقا ئادەمگە قاراپ كۈلۈۋېرىسىز! — دېدى.

— سىزگە قاراپ كۈلگەنلا كىشىنىڭ باشقا غەرىزى بولىدىكەن - دە، — ھىيلىگەر ئادەم ئىكەنسىز! — دېدى - دە، ھەۋەسكار قىز چالۋا-قاپ بۇرۇلۇپ ئۆي تەرەپكە تېز - تېز يۈرۈپ كەتتى.

ئالىمجان ئەمدى كۈلكە توغرىسىدا ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ «ئاياللار كۈلگەن چاغدا كۆزىگە قاراپلا قانداق غەرەزنى ئىپادە قىلغانلىقىنى بىلىۋالىمەن» دەپ ماختىنىدىغان ئەۋلىيالىق كارامىتى ئاشكارا بولۇپ قالدى.

بۇگۈن مەستۇرەمۇ مەسلىھەت قىلۋالغاندەكلا، مانا بۇ قىزمۇ ئۇنىڭ بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشلەرگە بەرگەن باھاسىغا ئوخشاشلا جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ مەستۇرەگە ھەقسىزلىق بىلەن «ھىيلىگەر»، «ئۇيالماي» دەپ قىلغان ھاقارەتلىك سۆزلىرى مانا ئەمدى ھەقلىق رەۋىشتە ھەۋەسكار قىز تەرىپىدىن ئۆزىگە ياندۇرۇپ بېرىلدى.

ئالىمجان ئۆيىگە مۇلايىم قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. مەستۇرەمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. بۇ كۈلۈمسىرەشلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرۋاسىزلىق بىلەن قارىسىڭىز ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئاچچىقى تارقاپ، ياخشى خوپ بولۇشۇپ قالغانلىقىنى كۆرىسىز. ئەگەر ئۆتكۈر كۆزلەر ئۇلارنىڭ ھەسسىياتىغىچە دىققەت قىلىپ قارىسا، مەستۇرەنىڭ كۈلكىسى زاڭلىق قىلغانلىقى، ئالىمجاننىڭ كۈلكىسى بولسا خىجالەتچىلىكنى ئىپادە قىلاتتى.

1957 - يىل

# قىزىلگۈل

باھار توزدەك قانات ـ قۇيرۇقىنى يېيىپ، راسا ھۆسنىگە توشقاندا، تەبىئەت ئاجايىپ جەزىبىلىك بولۇپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇ پەسىلدە سەھەر تۇرۇپ، باغ ياكى ئورمانغا كىرسەڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن يېقىملىق بىر تۇيغۇ دېڭىزىغا چۆمۈسەن.

مەن بۇ يىل خۇددى شۇنداق بىر سەھەردە مەلۇم بىر ئورمان داـ دۇيىنىڭ مېۋىلىك بېغىغا كىرىپ قالدىم. باغ ناھايىتى كەڭ بولۇپ ئايىغى بىرنەچچە كىلومېتىر سوزۇلۇپ كەتكەن كۆز يەتمەس ياش ئورمانلىققا تۇتىشىپ كېتەتتى.

مەن ناھايىتى ئۇزۇن سوزۇلغان ئۇزۇم باراڭلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ بىردىنلا گۈلزارلىققا چىقىپ قالدىم. ئاق، قىزىل، ھال، ناۋاترەڭ بولۇپ ئېچىلغان قىزىلگۈللەر باغ ئىچىگە ئەتىردەك خۇشپۇراق چېچىپ تۇراتتى. نېرىقى چۆنەكتىكى قېنىق قىپقىزىل بولۇپ ئېچىلغان لەيلىقازاقلار تەلپۈنۈپ جىلۋە قىلاتتى.

مېۋىلىك دەرەخلەر بولسا يېشىل ئەتلەس تونلىرىنى كىيىپ ھەر قايسىسى ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان مونچاقلىرىنى ئېسىپ تويغا بارىدىغان قىز، كېلىنلەردەك ياسىنىشۇۋالغانىدى. قۇشلار چۇرۇقلىشىپ بەزمە قىلاتتى. ئاتاقلىق ناخشىچى بۇلبۇللار بولسا بۇ بەزمىنى ئەۋجىگە چىقىرىپ پۈتۈن ئەتراپنى ياڭرىتاتتى. تەبىئەتنىڭ بۇ پەيزىگە تويۇنغان تاڭ شامىلى بولسا بۇ جاراڭلىق ناخشىنى ئۇزاق يەرلەرگىچە ئېلىپ كېتەتتى.

مانا قاراڭلار، تەبىئەتنىڭ ھەقىقىي ئانىسى ئەمگەك بولغىنى ئۈچۈن ئۇ شۇنچە گۈزەل ۋە ساپ شېئىرىيەتلىك بولۇپ تۇغۇلغان، ئەلۋەتتە ئاـ نىسى مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن تۇجۇپلەپ ئۆستۈرمىگەن بولسا ئىدى، بۇنچە چىرايلىق ھۆسنىگە تولۇپ تاشمىغان بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەن مۇشۇنداق تۇيغۇلارغا بېرىلىپ كېتىپ بېرىپ ئۆزمە دەرىخى ئۈستىدە ئېچىلىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك بىر قىزىلگۈلنى كۆرۈپ قالدىم. «ئەجەبا، بۇ ئۆزمە ياغىچىغا قىزىلگۈل ئۇلاپ قويغانمۇ نېمە؟ ...» دەپ ئويلىدىم، يېقىنلاشقانسېرى ياق ئۇ گۈل ئەمەس، بېشىغا قىزىل ياغلىق سېلىۋالغان بىر ئايال ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ شاخ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ھە دەپ ئۆزمە يەۋاتاتتى. مەنمۇ ئۆزمە يېمەكچى بولۇپ يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىغا كۆز يۈگۈرتتۈم. قولۇم يەتمەيدىغان بىر شاختا بىرمۇنچە قارامتۇل ئۆزمە دانىلىرى پىشىپ يالتىراپ تۇراتتى. پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ قولۇمنى سوزدۇم، بىر - ئىككى قېتىم سەكرەپمۇ كۆردۈم، لېكىن شاخنىڭ ئۇچىنى تۇتالمىدىم، مېنىڭ بۇ ھەرىكىتىمنى ئۆزمە ئۈستىدىكى «قىزىلگۈل» كۆرۈپ قالغان بولسا كېرەك، مەن كۆزلىگەن شاخقا ئۆتۈپ پۇتى بىلەن دەسسەپ تۆۋەنگە ئىگىۋەتكەنىدى، ئۆزمىگە بىر تويدۇم. ئۇ مېنىڭ بويالغان كالپۇكلىرىمنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەنمۇ ئۇنىڭ بارماق ۋە لەۋلىرىنىڭ ئۆزمە شىرنىسى بىلەن قارىگۈل رەڭگىدە بويۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۈلۈپ قويدۇم.

※

چۈشتىن كېيىن مەن دۇيجاڭ بىلەن ئېتىز ئارىسىدىكى چېغىر يولدا كېتىۋېتىپ دېڭىزدەك چايقىلىپ تۇرغان كۆزگى بۇغدايلىقنىڭ نېرىقى چېتىدە بىرنەچچە كىشىنىڭ قوش ھەيدەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بىرىنىڭ بېشىدا قىزىل ياغلىق يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

قوشچىلارنىڭ ئارىسىدا ئاياللارمۇ بارمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدىم.

— ھە، ھازىر بىزنىڭ دادۇي بويىچە قوش تۇتۇۋاتقان ئۈچ ئايال بار، — دېدى دۇيجاڭ.

— ئۇلارنىڭ يەر ئاغدۇرۇشى ئەرلەرنىڭكىدىن كەم ئەمەستۇ؟

— ئەگەر سىز ئەنە، ئاشۇ رازىيەگە مۇشۇ بابتىن سۆز ئاچسىڭىز، ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كېتىدۇ.

— ئەرلەر بىلەن مۇسابىقە قىلىش توغرىسىدا دېمەكچىمۇسىز؟

— گەپنىڭ ئاينىغى شۇ يەرگە بارىدۇ - دە، ئەگەر ئۇ ئاياللار قوش تۇتالمايدۇ دېگەن سۆزنى ئاڭلىسا غەزەبتىن كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

— پاھ، ئاجايىپ ئاچچىقى يامانكەن - دە بۇ رازىيە گۈلىگىزنىڭ! — دېدىم مەن چېقىشىپ. كېيىن، — ئاياللارنى كەمسىتىدىغانلارمۇ بارغا ئوخشايدۇ بۇ يەردە، — دەپ قوشۇپ قويدۇم.

— ئۇنداقلارمۇ يوق ئەمەس، — دەپ دۇيجاڭ ماڭا بۇرۇلۇپ توختىدى. بىز تاماكا چېكىش ئۈچۈن غول ئېرىقنىڭ قىرىدىكى ئېشەك چىمى ئۈستىدە ئولتۇردۇق. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا تاماكا قاچامنى ئېچىپ قويدۇم. ئۇ يوغان قاتما بارماقلىرى بىلەن گېزىت قەغىزىگە موخۇركا ئوراپ تۇرۇپ سۆزگە قىزغىن كىرىشىپ كەتتى.

— ئەسلىدە رازىيەنىڭ ئاچچىقى چۇس ئەمەس، ئەمما «گەپكە كەلگەندە ئاتاڭدىن قايتما» دېگەندەك خېلى - خېلىسىگە گەپ بەرمەيدۇ. ئۇنى كەمستىمەن دېگەن ئادەم ئەخمەق. بەزىلەر ئۇنى تا 1959 - يىلغىچە كۆزىگە ئىلماي يۈرۈشتى.

— سەت دەپمۇ؟ — دېگەنىدىم، دۇيجاڭ «كۆزگە ئىلماي» دېگەن سۆزنى باشقىچىرەك چۈشەنگىنىم ئۈچۈن ئىزاھ بەردى:

— ئۇ ھازىر يىگىرمە تۆت ياشقا كىردى، تۇرمۇشقا چىققان. ئۆزى سەتمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا چىراي، جۇغى كىچىكرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ۋىجىككىنە ئايالنىڭ قولىدىن نېمىمۇ كېلەر دېيىشەتتى. ئەمما ئۈچ يىلدىن بېرى رازىيە قولىدىن نېمە ئىش كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى، مەن - مەن دېگەن يىگىتلەرنى يەرگە قارىتىپ قويدى. 1959 - يىلى ئەتىياز ئېتىزلار راسا ئۆپكىدەك ئېسىلىپ تاۋلىنىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. ھازىرلىقلارمۇ تۈگەپ، ئەتە يەر ھەيدەشنى باشلايمىز دېگەن كۈنى كەچقۇرۇن مەجلىس ئاچتۇق. بەزى يەرلەردە قار ئەمدىلا ئېرىپ تۈگىگەنلىكى ئۈچۈن توڭ ياكى پاتقاق بولۇشى ئېھتىمال دەپ، ئەتە يەر ئاغدۇرۇشقا چىقىدىغانلارنى، ئۇستا قوشچىلاردىن سايلىدۇق. رازىيە ۋە يەنە ئۇنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن قوش تۇتۇشنى تەلەپ قىلىپ يۈرگەن ئىككى ئا-

يال بۇ قېتىم ئەرلەر بىلەن بىللە قوش ھەيدەشكە چىقىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقانىدى . كېرىمجان دېگەن ئۇستا قوشچى يىگىت « بۇ سۆزى كەم گەپنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇڭلار ، بىز ئاغىچىئايلام ئويىنىمايمىز ، قوش ھەيدەيمىز » دەپ ئۇلارنىڭ پىكرىگە قارشى چىقتى ، مانا شۇ ۋاقىتتا رازىيەنىڭ قېنى قايناشقا باشلىدى .

— يولداشلار ! — دەپ ئورنىدىن دەس تۇردى رازىيە ، — كېرىمجان نېمە دېمەكچى بولۇۋاتىدىكىن بىز چۈشەنمىدۇق !

كېرىمجان بەندىگەدە تامغا يۆلەنگىنىچە بىپەرۋا ئولتۇرۇپ :

— چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار ، بۇ ئولتۇرۇپ كۆكتات ئوتاش ئەمەسقۇ ، بۇ قوش ھەيدەش ! — دېدى .

— بىزمۇ قوش ھەيدەيمىز دەۋاتىمىزغۇ ! بۇ تۇزى كەملىك بولامدىكەن ؟

— ھەر كىم ئۆزىگە لايىق ئىش توغرىسىدا گەپ قىلمىسا لاۋزا بو-لۇپ قالىدۇ ، — دەپ غۇدۇڭشىدى كېرىمجان .

— سىزنىڭچە ئاياللار قوش ھەيدىمەيدىكەن - دە ؟

— شۇنداق ! سىلەر سەۋرى قىلىپ تۇرۇڭلا ، بىز يەرنى ئاغدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئوتياش تېرىيسىلەر .

رازىيەنىڭ كۆزلىرىدىكى جىددىيلىك ئۇنىڭ بارغانسېرى قېنى قىزىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ كەسكىنلەشتى .

— كېرىم ، مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي ، يەرنىمۇ سىلەر بىلەن بىللە ئاغدۇرىمىز ، ئاشلىق بىلەن ئوتياشنىمۇ سىلەر بىلەن بىللە تېرىيمىز .

— ئاياللارنىڭ قولىدىن قوش ھەيدەش كەلمەيدۇ ! — دېدى كېرىم .

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە دۈيجاڭ بىردىنلا كۈلۈۋېتىپ ، ئۆچۈپ قالاي دېگەن تاماكىسىنى شورىدى .

— مانا قاراڭ ، سىز رازىيەگۈلگىزنىڭ ئاچچىقى يامان ئىكەن

دېدىڭىز، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى دۈيجاڭ، — ئۇ ھېچقاچان ئورۇنسىز ئاچچىقلانغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئاغزىدىن سۆزلەر خۇددى پىلىموت ئوقىدەك ئېتىلىپ چىقسىمۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق چىقىدۇ. شۇ قېتىم كېرىمجاننىڭ گېپىگە تازا ئاچچىقى كەلدى، لېكىن ئورۇنسىز يامان گەپ قىلمىدى. ئۆزىڭىز ئاڭلاپ تۇرۇپسىزكى، كېرىمجان شۇ سۆزى بىلەن ئاياللارنى كەمسىتتى.

— رازىيەنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكى ئېسىڭىزدە باردۇ؟ — دەپ سورىغانىدىم.

— ئېسىمدە، ئېسىمدە بولماي، — دەپ تەكىتلىدى دۈيجاڭ، رازىيە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ئەمىسە ئاياللارنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ، — دەپ ئويلايسەن؟! دەپ ئۆزىگە سوئال بەرگەنىدى، كېرىمجان:

— ئوتياش ئوتاش، — دېدى.

— مانا تۈزى كەم، لاۋزا گەپ دېگەن مۇشۇ! — دەپ كۈلۈۋەتتى رازىيە. لېكىن بۇ كۈلكىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ لەۋلىرى قىزىرىپ تىترەپ كەتتى. بىلەمسىز، بىز مۇنداق: «ئاياللار ئەرلەر بىلەن تەڭ بولالمايدۇ، ئۇلار ئۆي ئىچىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشنىلا قىلسا بولىدۇ» دەيدىغان كونا جەمئىيەتتىكى بىمەنە سۆزلەرگە يول قويالمايمىز. تېگىنى سۈرۈشتۈرسىڭىز دېھقانچىلىقنى بىز ئاياللار باشلاپ بەرگەن. بۇنى تارىختا ئوقۇغان بىز.

— ئوقۇغان بولسىڭىز ئۇ كىتاب، كىتابتا نېمىلەر دېيىلمەيدۇ؟

— ۋاي قۇۋۇۋۇرغامەي، «چىراقپايدا چاي ئىچكەن ‹ چىچەن › نى كۆردۈم» دېگەندەك، ئەمدى كىتابلاردىن قۇسۇر تاپقىلى تۇردىڭما؟ ئوقۇپ قوي كېرىم، ئۇ دېگەن پەن! — دېدى رازىيە.

— بۇ يەردە كىتابنىڭ ۋارقىغا ئەمەس، ئىككى بىلەكنىڭ كۈچىگە تايىنىپ يەر ئاغدۇرىدىغان ئىش.

— بىزمۇ ئېتىزدا ئاغچىلام ئويناپلى دېمىدۇق، سوقا تۇتۇپ يەر ھەيدەيمىز. ئەرلەر قىلغان ئىشنى بىزمۇ قىلىمىز دەۋاتىمىز. كۈچنى

ئىشلىتىش ئۇچۇن يەنمۇ كېرەك، پەممۇ كېرەك، روھمۇ - كۈچمۇ كې-رەك.

شىمال تەرەپتىن يېقىملىق ناخشا ئاھاڭى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. دۇيجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، شۇ تەرەپكە قاراپ، سۆزنى يۆتكەپ كەتتى.

— مانا ئاڭلاۋاتامسىز؟ بۇ ناخشىنى رازىيە ئېيتىۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك روھلۇق ئايال.

ئېتىزلىقتا گۈلشەندە
خۇشال ئۆتىدۇ چاغلا
ئازاد زامان ...

ئەجەپ چىرايلىق ناخشا. قوش ھەيدەپ يۈرۈپ ناخشا ئېيتىش ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاتلارمۇ، سوقىمۇ تەكشى ھەرىكەت قىلىشى كېرەك، بولمىسا «تاش - تاش، ئېچكىرى، تاپ ياقىلاپ» دەپ ۋارقىراپ، ئېگىز - پەس دەسسەپ مۇدۈرۈپ يۈرۈپ ناخشا ئېيتقىلى بولامدۇ. رازىيە ئاتلارنى راسا بابلاپ قوشنى دېگەندەك تەگشىۋالغان ئۇستا قوشچى بولغىنى ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق خاتىرجەملىك بىلەن يەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاۋاتىدۇ - دە، زوڭگىزىيىپ ئولتۇرۇپ ماڭا سۆزلەپ بېرىۋاتقان بۇ دېھقاننىڭ كىرسىز كۆكۈل قاچىسى مۇشۇ تۇرقىدا زوققا تولغانىدى.

مەن بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدە نېمە بولىۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ يوغان ئېچىلىپ يالتىراپ كەتكەن كۆزلىرىدىن كۆرۈپ تۇراتتىم. مەن رازىيەنىڭ قانداق قىلىپ ھازىرقىدەك داڭدار قوشچى بولۇۋالغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىش باشلاش ۋاقتىدىكى مەجلىسنىڭ ئاخىرى قانداق بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرگۈم كەلدى.

— دېمەك، ھېلىقى مەجلىستە كېرىمجاننىڭ ناتوغرا پىكرىنى تەنقىد قىلدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— بىز ئىش ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن تەنقىد ئە-مەس، بۇنىڭغا چۈشەنچە بەردۇق. رازىيە بولسا بىرئاز زاڭلىق ئارىلاش بۇنىڭدىن كېيىن ئاياللارنى كەمسىتىدىغان مۇنداق قىيۇداللىق كۆز قاراش-

تىكى كونا چۈشەنچىلىرىڭنى ئەسكى مازارلارغا ئاپىرىپ تاشلىۋەت، — دەپ كۈلكە قىلدى. رازىيە ئاخىرىدا: «قېنى ئاياللار قوش ھەيدىيەلەمدۇ؟ يوقمۇ، بۇنى بىز ئىش ئۈستىدە سىناپ كۆرەيلى» دەپ قەتئىي تەلەپ قىلدى. بىزمۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدۇق. ئۇ، شۇ كۈنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ ئاۋۋال بىر چىشلىق سوقىنى، كېيىنرەك ئىككى چىشلىق سوقىنى ھەيدەشكە چۈشتى. سوقا تۇتۇشنى ئۆگەنگىچە خېلى جاپا تارتتى. مەن ئۇنىڭغا قوشنى قانداق تۇتۇشنى، سوقىنى قانداق تەڭشەشنى، ئات، جابدۇقلارنى قوشۇش ۋە ئاسراشنى ناھايىتى بىر - ئىككى قېتىم كۆرسىتىپ بەردىم.

دەسلەپكى قوش ھەيدەۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ يېنىغا بىر نەچچە كۈن بېرىپ يۈردۈم. رازىيە بەزىدە ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەتتى. بەزىدە قارىدىن چىقىپ كېتەتتى. رېچاكنى باسالماي سوقىنىڭ چىشى يىلتىزلارغا ئۇرۇلۇپ، كۆتۈرۈلۈپ كەتسە ياكى ئۆزە ئېلىپ ئاتلار تېز يۈگۈرۈپ كەتسە داڭگاللارغا يۆتىلىشىپ يىقىلىپ چۈشەتتى. مۇنداق ۋاقىتلاردا كېرىمجان ئىچى تارلىق بىلەن كۈلەتتى. رازىيەنىڭ دۈگىلەك يۈزى ئىزا تارتقىنىدىن گىردە ناندەك كۆيۈپ قىزىرىپ كېتەتتى، لېكىن ھېچنېمە دېمەستىن چىشىنى - چىشىغا بېسىپ تېخىمۇ غەيرەت بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئاتلار ئېلىپ قېچىپ، سوقىنىڭ پېنىدىكى تۆمۈر رازىيەنىڭ پاقالچەك گۆشىنى تىلىۋېتىپتۇ. كۆردىڭىزمۇ، بۇنىڭ تىركىشىۋاتقانلىقىنى! بۇ توغرۇلۇق ھېچكىمگە ھال ئېيتماستىن بېشىدىكى ياغلىقى بىلەن پۇتىنى مەھكەم تېڭىۋېلىپ يەنە قوش ھەيدەۋېرىپتۇ، كېيىن بىز ئۇنىڭ ئاقساپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قاراپ باقساق پۇتى ئىششىپ كېتىپتۇ، بىرمۇنچە نەسىھەت قىلىپ يۈرۈپ ئاران دوختۇرغا قاراتتۇق. ياراڭ ساقايغىچە داۋالىنىپ ياتقىن دېسەك، بىر قىزىل دورا بار ئىكەن، شۇنى سۈركىۋېلىپ يەنە ئېتىزغا چىقىپ كەپتۇ. مانا قاراڭ، ئاخىرى ئۇ ئۆزى تۇتقان قوشنى ھېچكىمگە بەرمەي ئىشلەپ يۈرۈپ يارىسىنى ساقايتتى.

ئۇ دەسلەپ قوش ھەيدىگەن چاغلىرىدا كۈنىگە ئىككى مو يەر

غدۇراتتى، كېيىن ئۈچ موغا يەتكۈزدى. ئەرلەر بىلەن مۇسابىقىغا چۈشۈپ تۆت - بەش مودىن، ھەتتا بەزى چاغلاردا ئات يەڭگۈشلەپ ئالتە موغا يەتكۈزۈپ يەر ھەيدىگەن كۈنلىرى بولدى.

رازىيە كېيىنكى ۋاقىتلاردا كېرىمجان بىلەن مۇسابىقىغا چۈشۈپ كېرىمجاننى خېلى ئارقىدا قالدۇردى. كېرىمجان يەر ھەيدەش داۋامىدا رازىيەدىن يېڭىلگەنلىك ئەلىمىنى سوقا ۋە ئاتلاردىن ئالاتتى. ئۇ «مېنىڭ ئاتلىرىم ئوسال، ئورۇق» دەيتتى، ياكى «سوقام يامان» دەپ سەۋەب تاپاتتى.

ئۆتكەن ئەتىياز سوقىنىڭ قانىتىنى سۇندۇرۇپ قويۇپ: «يەر توڭ دېسەم ئۇناشماي مانا، سوقام سۇندى» دەپ ئىشقا چىقماي يېتىۋالدى. شۇ چاغدا رازىيە ئۇنىڭغا: «كېرىمجان، يەر توڭ ئەمەس، سىزنىڭ ئىدىيىڭىز توڭ، بولمىسا، سىزنىڭمۇ، بىزنىڭمۇ سوقىلىرىمىز بىر ئېتىزدا يۈرۈۋاتىدىغۇ؟» دەپ راسا قىزارتقانىدى.

«ياخشى دېھقان ئۇلاقنى باقىدۇ، يامان دېھقان قامچىسىنى قاقىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. بىزنىڭ رازىيە بولسا ياخشى دېھقان بولدى، قوش ۋاقىتلىرىدا ئاتلىرىنى ئۆزى باقىدۇ. ناھايىتى باپلاپ ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاتلىرى سېمىز، قوشنى جانلىق تارتىدۇ. رازىيە ھەر كۈنى تاڭ سەھەر تۇرۇپ ئاتلىرىغا يەم بېرىدۇ، ئۇلارنى سىلاپ - سىپاپ خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك «ئوماقلىرىم»، «ئېسىل جانىۋارلىرىم» دەپ پوپۇچەكلىرىنى تاراپ كەتسە ئادەم ئىختىيارسىز كۈلۈۋېتىدۇ. بەزىلەر بولسا ئىشلەۋاتقان ئۇلاقلىرىغا غەمخورلۇق قىلمايدۇ. ئۇلار ھېرىپ قالسا: «بىزگە ياخشى ئات بەرمىدىڭ» دەپ رەنجىيدۇ.

دۆيجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ پوقاق بولۇپ يەلپۈنۈپ تۇرغان كۆزگى بۇغدايلارغا ھەۋەس بىلەن قارىدى. قولىنى سوزۇپ تۇرۇپ:

— مانا كۆردىڭىزمۇ؟ مۇشۇ كۆز يەتمەس كۆزگى بۇغدايلىق يەرلەرنى رازىيە ھەيدىگەن، بۇ قىزنىڭ قوللىرى قىزىلگۈل. توغرىسى، قەلبى قىزىل، چېۋەر ئايال دېگەن مانا شۇ!

شۇنىمۇ دەپ قويماي، شەھەرلەردىكى بىكار تەلەپ لاغايلاپ

يۈرىدىغان «مەمەدان» ئوغۇللاردىن يۈزىگە بىر رازىيەنى تېگىشمەيمىز جۇمۇك . — دەپ چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ قويدى .

دۈيجاڭ داگدار قوشچى رازىيەنى ھەققانىي رەۋىشتە تەرىپلىدى . مانا كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز كى ، چىختىماقتەك قارامتۇل ، يېشىل بولۇپ ئۆسكەن بۇغدايلارمۇ باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى تەستىقلاپ گۇۋاھلىق بېرىشەتتى ، چۈنكى بۇلارمۇ رازىيەنىڭ ئەمگىكى بىلەن تۇغۇلغانىدى .

بىز قوش ھەيدەۋاتقانلارنىڭ يېنىدا كەلدۇق . ماگا رازىيە دەپ تونۇشتۇرغان نەمۇنىچى قوشچى ھېلىقى سەھەردە ئۈژمە دەرىخى ئۈستىدە كۆرگەن قىزىلگۈل ئىكەن . مانا ئۇ ئەمدى ئاختامىلىقتا ئېچىلىدۇ .

1959 ـ يىل .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بەختىخانىنىڭ ھاياتى

كىمنىڭ قانداق ئەھۋالدا ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىشنى خالىغان كىشى ئەلۋەتتە ئۇنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆرىدۇ ھەم ئۆزى بىلەن ئەھۋاللىشىدۇ. خۇددى مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. ئەگەر ئاڭلاشنى خالىساڭلار كۆڭۈش ئەزاسى بەختىخانىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا كۆرگەنلىرىم ۋە ماڭا سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى سىلەرگە ئېيتىپ بەرمەكچىمەن.

### بالىلار ناخشىلىرى

مەن يېقىندا غۇلجا شەھەر رايونىدىكى مەلۇم بىر يېزىدىكى بالىلار باغچىسىغا باردىم. دەرۋازىسىدىن كىرىشىم بىلەنلا بالىلارنىڭ جاراڭلىق ناخشىسى ئاڭلاندى. بۇ ناخشا ھويلىدىكى باغچىنىڭ كوچا تەرىپىگە سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن ئۇچۇپ كېلەتتى. مەن شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. پېشايۋان ئارقىلىق بىنانىڭ باغچىغا چىقىدىغان ئىشىكىنى ئېچىپ ئۇزۇنچاق كەلگەن زالغا كىردىم. زالنىڭ ئىككى تەرىپىدە تام ياقىلىتىپ قويۇلغان بەندىڭلەردە ئۈچ ياشتىن - بەش ياشقىچە بولغان بىرقانچە ئوغۇل - قىزلار قاتار ئولتۇرۇشاتتى. ئوتتۇرىسىدا بولسا، پومبۇلاقىنا ئاق يۈزلۈك، بوتا كۆزلۈك كىچىككىنە بىر قىز ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. مېنىڭ كىرىشىم بىلەنلا ئۇ ناخشىدىن توختاپ، چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ بېشىنى سىڭايان قىلىپ تۇرۇۋالدى. بۇلارنى باشقۇرۇپ ئوتتۇرىدا مېڭىپ يۈرگەن ياشقىنا بىر ئايال بالىلارنىڭ پاكار بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ چىقىپ، مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئورۇندۇقنى ئېلىپ بۇ تارتىنچاق پومبۇلاقتىن نېرىراق چەتتىكى بالىلارنىڭ قاتارىغا بېرىپ ئولتۇردۇم.

— ھە، تۇرسۇنئاي ئېيتىۋە، ھە، قېنى، — دېدى تەربىيىچى ئايال پومبۇلاق قىزغا تىكىلىپ قاراپ. لېكىن ئۇ، يېتىرقاپ ماڭا بىر قاراپ

قويۇپ تەربىيچىنىڭ كۆزىگە مەنىلىك تىكىلىپ تۇراتتى. مىنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغان بىر ئوغۇل بالا تۇيۇقسىزلا:

— مەن، مەن ــ مەن ئېيتىمەن، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى كۆتۈردى. ئالتە ياشلارغا كىرگەن بۇ ساددا مەغرۇر بالىنىڭ بۇغداي ئوڭ چىرايىدىن ئۆزىنى ماڭا بىر كۆرسىتىۋېلىشنىڭ ئىپادىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تەربىيچى ئۇنىڭ تېتىكلىكىگە مەستلىكى كەلگەندەك بولۇپ ماڭا بىر قاراپ قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن «ۋاي ئالدىراڭغۇيەي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان يۇمشاق كۈلكە بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ:

— رېھىمجان، سەن كىچىككىنە ئولتۇرۇپ تۇر. قېنى تۇرسۇنئاي باشلاڭ. مۇنداق قىلسىڭىز سىزنى باغچىنىڭ قىزى دېمەيدۇ، — دېدى.

تۇرسۇنئاي كىچىككىنە ئالقانلىرىنى بىر ــ بىرسىگە چاپلاپ تۇگدى ــ دە، قەددىنى رۇسلاپ «باغچىلار» دېگەن ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

تىلىگىمىز ھەل بولدى
باغچىلارغا يېتىشىپ.
قىزىلگۈلدەك ئېچىلدۇق
تەربىيگە يېتىشىپ.

باغچىلاردا كارىۋاتلار
قاتار ــ قاتار تىزىلغان.
ئاپئاق ــ ئاپئاق چايشاپلار،
ماتراسلار يېپىلغان.

تۇرسۇنئاينىڭ تارتىنچاقلىق قىياپىتى ئەمدى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ خۇددى سەھنىلەردە چېنىققان چوڭ ئارتىسلاردەك زوق ــ شوخقا تولۇپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ «ر» ھەرپىنى بەزىدە تولۇق ئېيتالماي: «تەيبىيە»، ماتراسنى «ماتىياس» دېگەن بولسىمۇ، ئومۇمەن سۆزلەر تولۇق ئوقۇلۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى قورغۇيغا ئېسىپ

www.uyghurkitap.com



قويۇلغان كۈمۈش قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك نەپىس، جاراڭلىق ئىدى:

باغچىلارەي باغچىلار،
گۈلگە تولغان باغچىلار.
ماۋ جۇشىنىڭ دەۋرىدە،
ياشنىغان بىز غۇنچىلار.

تۇرسۇنئاي ناخشىسىنى چوڭ ئۇتۇق بىلەن ئاياغلاشتۇردى. باللار ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىشتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار قىن ـ قىنىغا پاتماي بەزىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، بەزىلىرى بولسا ئولتۇرغان جايىدا پۇتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ چاۋاك چېلىشاتتى. چېچىغا ئاق كىرىپ قالغان يەنە بىر تەربىيىچى ئانا چېلىۋاتقان دۇتارىنى قۇچاقلىۋېلىپ، باللار بىلەن ئوخشاشلا زوقلا تولغان ھالدا چاۋاك چالاتتى: ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى خوشاللىق ئۇچقۇنلىرى ۋە ئالقىنىدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز ئانىلىق قەلبىدە ئېرىگەن ئىسسىق مېھرى ـ مۇھەببىتىنى بۇ بەختلىك باللارنىڭ ئۇستىگە چېچىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

باللارغا مۇنداق قوشاقلارنى ئۆگىتىشتە جىق ئەمگەك سىڭدۇرگەن ياش ئايال بولسا، قىلغان ئەمگىكىنىڭ ياخشى نەتىجىسىنى كۆرگەندە خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي كېتەتتى ۋە بەش ياشلىق پومبۇلاق قىزنىڭ ماھارىتىگە ھەممىدىن كۆپرەك قىزىقاتتى. شۇڭا ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ:

ــ باللار، سىلەر ئورنىڭلاردا جىم ئولتۇرۇڭلار! تۇرسۇنئاي ئەمدى «ئانىلار» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ـــ ھە، ئوماق قىزىم، قېنى؟ ـــ دېدى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ، كېيىن دۇتار چېلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

تۇرسۇنئاي ئەمدى ھېچقانداق تارتىنمايلا «ئانىلار» دېگەن ناخشىنى باشلىۋەتتى:

مېھرى ئىسسىق شېرىن سۆز،
باغدا پاكىز باللار.
جان كۆيدۇرۇپ ئاسرايدۇ،

تەربىيىچى ئانىلار.

يېزىمىزدا ئىشلەيدۇ،
كۆڭلى توق بوپ ئانىلار.
ئۇچاق بېشى ئىشلاردىن،
ئازاد بولدى ئانىلار.

مانا بۇ بەختلىك ھاياتنى ئۇلارغا ئۇلۇغ پارتىيە ۋە ماۋجۇشى يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن باللارمۇ قوشاقلىرىدا پارتىيە ۋە ماۋجۇشىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ كۈيلەيدۇ. باللار تېخى مەكتەپ قوينىغا كىرمەي تۇرۇپلا، بۇ چۈشەنچىلەرنى تەربىيىچى ئانىلاردىن ئالماقتا. ئۇلار ياش باللارنى كۆيۈمچانلىق بىلەن ھەر تەرەپلىمە تەربىيىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باللار تەربىيىچى ئانىلىرى توغرىسىدا قوشاق ئېيتىشقىمۇ ئامراق.

ناخشا تۈگەش بىلەن تەربىيىچى ئانىلار بىلەن مەنمۇ قوشۇلۇپ ئالقانلىرىم قىزىرىپ كەتكۈچە چاۋاك ئۇردۇم. ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتكەن پومبۇلاق قىزچاق زالدىكى شادلىق ساداسىغا چۆمۈپ پورەك ئاتقان قىزىلگۈلدەك تەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئانىلار بولسا ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويۇشاتتى.

تۇرسۇنئاينىڭ غەلىبىسى رېھىمجاننى تېخىمۇ دولقۇنلاندۇرۇۋەتكەنلىكتىن، ئۇ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئۆزىنى چاقىرىشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندا ئېلانچى:

— ئەمدى رېھىمجان «بىز يېزىنىڭ باللىرى» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، — دەپ ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىشقا تەكلىپ قىلغۇچە رېھىمجان قەددىنى چىڭ تۇتۇپ، تېز - تېز چامداپ ئوتتۇرىغا كېلىپلا ناخشىنى باشلىۋەتتى:

بىز يېزىنىڭ باللىرى،
بەختلىك بىز ئەبەتكە.
يېزىمىزنىڭ قوينىدا،
شاد ياشايمىز راھەتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پارتىيىمىز بولغاچقا،
كەڭ ئېچىلدى يولىمىز.
كېلىچەكتە خەلق ئۈچۈن،
ئىشلىگۈچى بولىمىز.

رېھىمجاننىڭمۇ ئاۋازى زىل، جاراڭلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن سۆزلەر چاقماق چاقناندەك تېز ۋە ئۆتكۈر چىقاتتى. قاپقارا كۆزلىرى بولسا، بۇ ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن تەڭ يالتىراپ كېتەتتى. رېھىمجاننىمۇ كۆپچىلىك ئالقىشقا كۆمۈۋەتتى. لېكىن ئۇ ناخشىسى ئاياغلىشىش بىلەن تەلەپ ۋە ئېلان قىلىنىشقا قارىماي ناخشىسىنىڭ ئاخىرىنى تۆۋەندىكىچە دېكلاماتسىيىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى:

زاۋۇتتىكى ئىشچىنىڭ،
بىرى مانا مەن بولىمەن.
يېزىدىكى دېھقاننىڭ،
بىرى مانا مەن بولىمەن.

ھەر بىر ئىشتا دوستلارنى،
دائىم ئالغا باشلايمەن.
كوممۇنىزم قۇرۇشتا،
دادىل قەدەم تاشلايمەن.

ئۇ، مەن دېگەن سۆز ئاغزىدىن چىقىش بىلەن تەڭ ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە ئۇرۇپ قوياتتى.

ئۇ كۆپچىلىك ئالدىدا سەنئەتتىكى ئۈستىلىقنى كۆرسىتىپ تۇر-سۇنئايدىن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. بارلىق كۈچى بىلەن چىڭقىلىپ ھەرىكەت قىلغانلىقتىن ئۆزىمۇ خېلى ئالدىراپ قالدى. بىز ئۇ-نىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

باشقۇرغۇچى رېھىمجاننىڭ قېشىغا كېلىپ مۇرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ھە ، ئەمدى ھەممىڭلار قوشۇلۇپ «يېزىمىز » دېگەن ناخشىنى ئېيتامسىلەر ، — دەپ ئومۇمىي باللارغا مۇراجىئەت قىلدى ۋە تۇرسۇنئايغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ «سىز باشلاڭ » دېگەن ئىشارىنى قىلىۋىدى ، رېھىمجان ئالدىراپ كېتىپ دۇتارنى تەڭكەش قىلغۇچە ناخشىنى باشلىۋەتتى . لېكىن ئۇ ناخشىنى بىراقلا چىڭ باشلىۋەتكەچكە ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقراپ كەتتى . باشتا باللار ئۇنىڭغا ئەگىشەلمەي قالدى . ئۆزىمۇ بىرىنچى قۇردىلا توختاپ قېلىپ ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ كەتتى . بۇ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ئۇنىڭغا ئەلەم قىلغانلىقتىن ھېلى يىغلىۋېتىدىغاندەك دومسىيۇپ تۇراتتى .

باشقۇرغۇچى رېھىمجانى خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ ، مۇلايىملىق بىلەن :

— خاپا بولماڭ ، ھېچ ۋەقەسى يوق . بەزىدە شۇنداق بولۇپ قالىدۇ ، قېنى باشلاڭ ، — دەپ تەكلىپ قىلدى .

تۇرسۇنئاي دۇتارغا ئەگىشىپ ، يېقىملىق ئاۋازدا :

پارتىيىگە ئەگەشكەنلەر ياڭراتتى ھاۋانى
يېزىمىزدا ئىشلىگەنلەر كىيىدۇ تاۋانى .

دېگەن مىسرالار بىلەن ناخشىنى باشلىۋەتكەنىدى ، ئومۇمىي باللار بىر ئاۋازدا ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتتى :

سوقا ، سىيالكا ئالدىمىدا ، ئاتلار قېشىمدا ،
ھالال ئەمگەك تەمى بار ئىچكەن ئېشىمدا .
.............
.............

ئەللىكچە بالىنىڭ ئاۋازى زالغا تولۇپ تاشتى . ئۇلارنىڭ ئىچىگە پاتمىغان خۇشاللىقلىرىمۇ يۈز - كۆزىدىن يېغىپ تۇراتتى .

گەرچە بۇ قوشاقلار مۇشۇ ياش باللارغا خاس ، ئۇلارنىڭ باللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈشەنچە ھاسىل قىلىش قابىلىيىتىگە تازا ئۇيغۇن كەلمىسمۇ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى بىلەن بىر تەرەپتىن باللارنىڭ بەدىئىي زوقىنى ئاشۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى دەۋرنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىلەرنى بېرەتتى.

مەن بۇ قىسقا ھېكايەمنى يېزىۋېتىپ دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىز - يازغۇچى - شائىرلارنىڭ كەلگۈسى ئىز باسار ئەۋلادلار - باللار ھەققىدە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمەي كېلىۋاتقانلىقىمىزنى، باللارغا ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىز قاراۋاتقانلىقىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

مەن باللارغا زوقلىنىپ تۇرغىنىمدا ئاق پەرتۇق تارتقان ئايال كىرىپ تاماق تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. باللار ئەمدى ئويۇن كۆلكىسىنى توختىتىپ چۈشلۈك تاماق يېيىشكە ماڭدى. ئۇلار ئاۋۋال يۇيۇنۇش خانىسىغا كىرىشىپ تەرتىپ بىلەن تۇرۇشتى-دە، جۈمەكتىن چۈشۈۋاتقان ئىلمان سۇدا قوللىرىنى يۇيۇشتى.

ئۆزلىرىنىڭ بويىغا يەتكۈدەك قىلىپ قاتار ئېسىپ قويغان لۆڭگىلىرىگە قوللىرىنى سۈرتىشىپ بولۇپ، تاماقخانىغا كىرىشتى. باللارغا خاس قىلىپ ياسالغان پاكار ئۈستەل ئەتراپىدىكى كىچىك ئورۇندۇقلاردا ئۇلار قاتار تىزىلىپ ئولتۇرۇشتى.

جەدۋەل بويىچە بۈگۈنكى تاماق قورداق ئىكەن. ئاشپەز ئاياللار تاماقنى چوڭ جاۋۇرلاردا كۆتىرىپ كېلىپ، ئۈستەللەرگە تىزىپ قويدى ۋە ھەر بىر بالىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك جاۋۇرلارغا ئۇسۇپ بەردى. تەخسىلەرگە توغرالغان ئاپئاق نانلارمۇ تىزىلدى. باللار قوشۇقلار بىلەن گۆش ۋە ياڭيۇلارنى ئاغزىغا سېلىشقا باشلىدى. مايلىق قورداقنىڭ يېقىملىق ھىدى بىردەمدىلا ئاشخانىنى قاپلاپ كەتتى.

باللار باغچىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق تەرتىۋى بويىچە ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن يەتتىگىچە تۇرۇپ، يۈز - قوللىرىنى يۇيۇشىدۇ ۋە گىمناستىكا ئوينايدۇ.

يەتتىدىن يەتتە يېرىمغىچە ناشتىسىغا بىر پىيالىدىن سۈت، بىر چاقماقتىن قەنت ۋە نان بىلەن تاماقلىنىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق ھەر

خىل تەملىك تاماقلار بىلەن ئوزۇقلىنىپ، يەكشەنبە كۈنىدىن باشقا كۈنلىرى ھەممە ۋاقىت باغچىدا غەم - غۇسسىسىز راھەتتە ئۆمۈر كەچۈرىدۇ. باللار ئۈچۈن ئايرىم ياتاق ۋە كارىۋاتلار، دەرسخانا، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيلىرى بار. تەربىيىچىلەر ئۇلارغا تۈرلۈك رەسىم، ئويۇنچۇق، نەرسىلەر ۋە ئېغىز ئارقىلىق بىلىم بېرىپ تۇرىدۇ. باللار ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي كۈچىگە لايىق ئەمگەك قىلىدۇ. زىيانداشلارنى يوقىتىشقا قىزغىن قاتنىشىدۇ. مەلۇم ۋاقىتلاردا سىرتقا سەيلىگە چىقىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ باغچىلاردا بىرنەچچە خىل مىللەتلەرنىڭ باللىرى بىر ئائىلىنىڭ باللىرىدەك ئىناق بولۇپ تەربىيىلىنىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ ساغلام كىشلىرى بولۇپ يېتىشىشكە باشلايدۇ.

مەن يېزا باللىرىنىڭ ھاياتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆتمۈشتىكى باللىق ھاياتىمىزنىڭ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئەسلىدىم.

بىز كوچىلاردا ھايۋانلاردەك توپا - چاڭلارغا ئېغىناپ، ئەپتى - بەشىرىمىزگە قارىغۇسىز بولۇپ يۈرەتتۇق. بىر بىرىمىزنىڭ يۈز - كۆزلىرىمىزنى تاتىلاپ، ئۇرۇپ يارا قىلاتتۇق. جىسمانىي تەرەپتىن زەخىملىنىشكە قانائەت قىلماي، يامان تىللار بىلەن تىللىشىپ، يامان تەسىراتلارنى كۆرۈپ، روھىي تەرەپتىنمۇ ئۆزىمىزنى زەخىملەندۈرەتتۇق، بىر پارچە قۇرۇق ناننى كوچىلاردا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ قوتۇر كۈچۈكلەر بىلەن ئورتاقلىشىپ يەيتتۇق. ئۆزىمىزنىڭ مۇشتلاشقىنىمىز ئاز كېلىپ، ئۇلارنى بىر - بىرسى بىلەن تالاشتۇراتتۇق. ئۇرۇشقاق چۆجە خورازلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئۇلارنى باش - كۆزى قىپقىزىل قانغا مىلەنگۈچە سوقۇشتۇراتتۇق. بىزنىڭ بەدىئىي زوقىمىزنى قاندۇرىدىغان ئىشلار مانا شۇنداق ھادىسىلەر ئىدى.

دېمەك، بىز ئاھانەت، رەنجىش ۋە كۆڭۈلسىزلىك بىلەن يىغلاپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزۈپ ئۆسەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل ئىللەتلەرنى يوقتۇرۇپ ئالاتتۇق.

مانا كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، يېڭى جەمئىيىتىمىزدىكى بۇ ئىناق، خۇشال باللارنىڭ ھاياتى بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىزگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

## خاتىرجەم بولغان ئائىلە

بالىلار باغچىسىدىكى كىچىككىنە يومىلاق ناخشىچى تۇرسۇنئاينى كۆرگەندىن كېيىن، مەن مۇشۇنداق ئوماق، چىچەن قىز تۇغۇلغان ئائىلىنى كۆرگۈم كېلىپ، تۇرسۇنئاينىڭ ئانىسى ئىشتىن قايتقان ۋاقتىنى تېپىپ ئۆيىگە باردىم. بەختىخان مېنى ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئالدى ۋە يۇقىرى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن دېرىزىگە تىزىلغان قاچا گۈللەرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردۇم.

بەختىخاننىڭ كۆز قارىشىدا بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمگە ھەيران بولغانلىق ئىپادىسىنى كۆرۈپ:

— «نېمە ئۈچۈن كەلگەن ئادەمدۇ بۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدىلىمىكىن، — دېيىشىمگىلا:

— ھە، ياقەي، — جاۋاب بەردى بەختىخان ئالدىراپ، لېكىن ئۇنىڭ ماڭا مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇشىدا «كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭغۇ» دېۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭغا ئانچە-مۇنچە بىر نېمىلەرنى يېزىشقا ھەۋەسكار ئىكەنلىكىمنى، بالىلار باغچىسىغا بېرىپ، قىزى تۇرسۇنئاينى كۆرگەنلىكىمنى، ئۇنىڭ چېچەنلىكى ۋە كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى توغرىسىدا سۆزلىدىم. قىزچاقىقا ئامراقلىقىم كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىپ ئۆتەي دەپ كىرگەنلىكىمنى ئېيتتىم. بەختىخان خوشال بولۇپ قىزىنىڭكىگە ئوخشىغان بوتا كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بۇ بەختلىك ئانا قىزىنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئۇنى ماختىغانلىقىم ئۈچۈن روھى كۆتۈرۈلۈپ ئۆز ئۆزىدىن سۆزلەپ كەتتى.

— مەنغۇ تىل تېگىدۇ، كۆز تېگىدۇ دېگەن سۆزلەرگە ئەمدى ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم، ئەمما تۇرسۇنئاي ئۈچ ياشقا كىرگۈچە ھېچكىمگە كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ، بوينىغا تىل تۇمار ئېسىپ قويغانىدىم. بۇ ئىشىمىزغۇ ھازىر ئېسىمدىن كۈلىمەن.

— ئەمدى نىل تۇمارغا نېمشقا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىلا ؟

— سىلە ھەممىنى بىلىدىلىغۇ . بىلىپ تۇرۇپ مەندىن سوراۋاتىدىلا . — بەختىخان زاڭلىق ئارىلاش كۈلۈپ ، بېشىنى سىلكىپ قويدى .

ئۇ ، مېنى بىلىپ تۇرۇپ ، مۇغەمبەرلىك قىلىپ گەپ كوچۇلاۋاتىدۇ . — دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك . شۇڭا مەن :

— بىز يېزىلاردا تۇرۇپ سىلەر بىلەن بىللە ئىشلىمىگەنلىكتىن ، كىمنىڭ چۈشەنچىسى قانچىلىك كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بىلمەيمىز - دە ، دېدىم .

ئەمدى ئۇ جىددىي قىياپەت ئېلىپ سۆزگە كىرىشتى :

— ئەيتاۋۇر بۇرۇن مازايى - ماشايىقلار ، ئىشان ، داخان ، باخشىلارنىڭ بىزلەرنى قانچىلىك ئەخمەق قىلغانلىقىنى ئېيتىپ كەلسەك سۆز تولا . ئۇلار بىزگە ئوخشاش كەمبەغەللەرنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ ، پومېشچىك ، بايلارغا پۇت - قولىمىزنى چۈشەپ بېرىش ئۈچۈنلا « كارامەت » كۆرسەتكەنىكەن . بىز «دۇنيادا نېمە قاتتىق دېسە ، يوقسىزچىلىق قاتتىق » دەيدىغانىنى بىلەتتۇق . لېكىن ئۇ ، تەقدىرنىڭ ئىشى دەپ بېشىمىزغا چۈشكەن ھەممە بالايى - ئاپەتلەرنى شۇ تەقدىردىن كۆرەتتۇق . پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە ئون يىلدىن بېرىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئالغان تەربىيىلىرىمىز بىزنىڭ كۆزىمىزنى يوغان ئاچتى . ئەمدى قاراپ باقساق ، بىزنىڭ قانداق كۈن كەچۈرىدىغانلىقىمىز پېشانىمىزگە يېزىپ قويۇلغانلىقى يالغان ئىكەن . بىز بۇرۇن بايلارنىڭ زوۋۇلىسى يوغان ئۆزۈلگەن ، كەمبەغەللەرنىڭ بولسا ، كىچىك دېگەن ۋەز - نەسىھەتلەرگە ئالدىناتتۇق . ئەسلىدە بايلارنىڭ زوۋۇلىسىنى يوغۇناتقان بىزگە ئوخشاش ئەمگەكچىلەر ئىكەن . مانا قارالڭ . ئەمدى بىز بايلار ئۈچۈن ئەمەس ، قانچە كۆپ ئەمگەك قىلساق ، زوۋۇلىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن شۇنچە يوغۇنايدىغان زامانغا ئېرىشتۇق .

ئۇ ، كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ بىر ئاز توختاپ قالدى . مەن سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ ئويىغا بىر نەرسە كەلگەنلىكىنى سەزدىم . لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئويىغا چۈشكەن نەرسە كىشىگە خوشاللىق بېغىشلامدۇ ، قايغۇمۇ ، مانا بۇ ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىنمەيتتى .

— سىلە تۇرسۇنئاينى ماختىدىڭلا . ھەقىقەتەن قىزىم ئەقىللىق ، مەن ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن . نېمىشقا ئۇنىڭ ئېتىنى تۇرسۇنئاي دەپ قويدۇڭلار دېمەمىلا ؟ — دېدى بەختىخان ، ئۇ ، بۇ سوئالنى قويۇپ ئۇلۇق - كىچىك بىر تىنىدى - دە ، مەندىن جاۋاب كۈتمەستىنلا سۆزىنى داۋام قىلدى ، — مەن يەتتە بالا كۆردۈم . ئۈچ بالام بوۋاق ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كېتىپ «بالىسى تۇرماس خوتۇن» دېگەن نامنى ئالدىم . تۆتىنچى بالام ئوغۇل ئىدى . ئۇنى ئەمدى تۇرۇپ قالسۇن دەپ ئېتىنى تۇردى قويدۇم . ئۆمرىنى تىلەپ مازارلارغا چىراغ ياقتىم . كىيىمىگە كۆزمۇنچاق تىكىپ ، بوينىغا تىل تۇمار ئېسىپمۇ قويدۇم . بۇ تۇمار بىزگە ئەرزان چۈشكىنى يوق . بىر ياز يىغقان تۇخۇمنى موللىغا بېرىپ ، ئاران تىل تۇمار پۈتكۈزۈۋالدىم . شەكلى پۈتكۈزۈپ ، دېمىدە قىلدۇرۇپ ئىچكۈزدۈم . مانا قارىسىلا بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەدەت قىلماي ، ئاخىر ئۇ بالاممۇ ئۆلۈپ قالدى . بەشىنچى قېتىم يەنە ئوغۇل تۇغدۇم . بۇ بالامنى ئۇلۇغ مازارغوجامغا ئاپىرىپ ئېتىنى نىياز قويدۇق . ئوغۇل بولسىمۇ چېكىسىدىن كىچىككىنە بىر ئورۇم چاچ قويۇپ قويدۇم . مازار غوجامنىڭمۇ بىزگە رەھمىسى كەلمىدى . بۇ بالاممۇ ئۆلۈپ كەتتى . ئاھ ئۇرۇپ ، يىغلاپ يۈرەك - باغرىلىرىم ئېزىلىپ كەتتى . تۇۋۋا خۇدايىم گۇناھىيىمىزنى كەچۈرگەيسەن ، تۇۋۋا دەپ سەھەرلەردە تۇرۇپ نالە قىلىمەن ، لېكىن نېمە گۇناھىم بارلىقىنى ، بالىلىرىمنىڭ ئۆمۈر سۈرمەي ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلەلمەيتتىم ، ھەتتا ئازادلىقتىن تۆت يىل كېيىن تۇغۇلغان مۇشۇ قىزىمنىڭ ئېتىنى يەنە شۇ كونا چۈشەنچەم بويىچە تۇرۇپ قالسۇن دەپ تۇرسۇنئاي قويدۇم . ئۈچ يىلغىچە يەنە كونا تىل تۇمارنى ئېسىپ قويدۇم . مانا بۇلارنى بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى ئۆگىنىشلەر ، تەربىيىلەر ئارقىسىدا ئاستا - ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدۇق . گۇناھكارلار بىز ئەمەس ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا ئوخشاش بىزنىڭ قان - تەرىمىزنى شوراپ دەرمانسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان خوجايىنلار ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۆتمۈشتە بالىلىرىم ئاچ -

يالىڭاچلىقتا بېقىمسىز قېلىپ ئۆمۈر سۈرەلمەيتىكەن. ۋاي قويايلىچۇ، بۇ-رۇنقى ئەھۋالنى ئەسلىسە ئادەمنىڭ يۈرەكلىرى ئېقىپ كېتىدۇ.

بەختىخاننىڭ چىرايى خۇددى ئاچچىق بىر نەرسە يۇتۇۋاتقان كىشىنىڭ چىرايىدەك تۈرۈلۈپ كەتتى. ئۆزى ئېيتقاندەك ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق قايغۇ ـ ھەسرەتلىرى ئېسىگە چۈشۈپ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆتكەن ھاياتى توغ-رىسىدا ئومۇمىيراق سۆزلەشتىن نېرى ئۆتمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمما مەن:

ــ بۇرۇن سىلەرنىڭ قانچىلىك يېرىڭلار بار ئىدى؟ ــ دەپ سو-ئال بېرىپ قويۇۋېدىم. بەختىخان ئىختىيارسىزلا يەنە ئۆتمۈشتىكى ھاياتى توغرىسىدا ھېكايە قىلىپ كەتتى:

ــ بېشىمىزدىن دوپپىمىز چۈشسە باشقىلارنىڭ زېمىنىگە چۈ-شەتتى. دېمەكتە بىزنىڭ تېرىيدىغان يېرىمىز بوياقتا تۇرسۇن، دوپپىمىزنى قويغۇدەك يېرىمىزمۇ يوق ئىدى. باللارنىڭ دادىسى يەر ئې-گىسى خوجايىن بىلەن ئوتاقچىلىق قىلسا، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشقا بەرگەن بىر ئېغىز ئۆيى ئۈچۈن مەن يىل بويى خاجايىنلارنىڭ نېنىنى يېقىپ، كىرىنى يۇياتتىم. ئۆي دېسەم يەنە سىلە ماۋۇ ئولتۇرغان ئۆيىمىزنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرمىسىلە. ئۇ ئۆيلەر موزاي سولايدىغان كىچىككىنە ئېغىل ئىدى. مۇنداق ئەسكى تاملارنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ زەي ۋە سېسىقچىلىق بولاتتى. بۇلارنى مىڭ مۇشەققەتتە ئادەم تۇرغىدەك قىلىۋالاتتۇق. ئۆي سىنىغا كىرگەندە خوجايىنلار ئۇنىڭدىن قوغلاپ نەدىكى ئەسكى سامانلىققا كۆچۈرىۋېتەتتى. «ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن مانا شۇ ـ دە. بىز قاتىراپ يۈرۈپ ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر قاراڭغۇ بىر گۆرگە كىرىپ قالاتتۇق ـ دە، زەي يەردە بىرەر پارچە ئەسكى كىگىزنىڭ ئۈستىدە ياتاتتۇق. شۇ يەردە تاماق قىلىپ، شۇ يەردە مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇززۇقلىناتتۇق. شۇ يەردە تۇغۇپ، شۇ يەردە بالا باقاتتىم. قازانمۇ، مايماق بوشۇكمۇ، داسمۇ، ئۇززۇق ـ تۈلۈكمۇ ھەممىسى مانا شۇ قارا قازان ئەتراپىدا بولاتتى. دە-لەپتىكى ئۈچ بالام شۇنداق ئۆيلەردە يېشىغا يەتمەيلا ئۆپكىسىگە سوغۇق

www.uyghurkitap.com

تېگىپ ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئۇ چاغلاردا بالىلىرىمنىڭ شۇنداق ئاپەتكە يولۇققانلىقىنى بىلمەستىن «جىن ئۇرۇپتۇ» دېگەن سۆزلەرگە ئالدىنىپ، داخانلارغا ئوقۇتۇپ تاپقان ـ تەرگىنىمنىڭ قالدى ـ قاتتىسىنى شۇ ئالدامچىلارغا بېرىۋېتەتتىم... ھەي، ئىست ھەي! — دېدى ـ دە، بەختىخان تۇكۇرۇكىنى يۇتۇپ، قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا سۆزلىيەلمەي جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىغا زەڭ قويۇپ قارىغانىدىم، يېڭى ھايات نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئۈمچىيىپ تۇرغان لەۋلىرى ئەتراپىدا مەن باياتىن بېرى كۆرمىگەن ئىنچىكە قورۇقلارنى كۆردۈم. بۇ ھازىرقى بەختلىك ئانىنىڭ ئۆتمۈشتە تارتقان كۈلپەتلىرىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىدىغان خاتىرە سىزىقلىرى ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئاچچىق خاتىرىلىرىنى قوزغاپ قويۇشقا سەۋەبچى بولغىنىم ئۈچۈن خىجالەت بولۇپ:

— ھە، ئەمدى ئۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، — دېدىم.

— «كۆرگەن كۈنىڭنى ئۇنۇتما، شىر چورۇغۇڭنى قۇرۇتما» دەپتىكەن، — دېدى بەختىخان ئېچىلىپ. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ يۈزىدە مۇلايىم قىياپەت ئورۇن ئالغانىدى. ئۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ نە قاتارلىق ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئەسلىگەنسېرى ھازىرقى ئازادە، خاتىرجەم ئۆتۈۋاتقان يېڭى ھاياتىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە شۇنچە يېتىدىغانلىقىنى سۆز ئارىلىرىدا ئېيتىپ تۇراتتى.

— توغرا، مېنىڭ يىغلايدىغان كۈنلىرىم ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن سىلىگە سۆزلەپ بېرىمەن دەپ، ئۆتكەنكى ئەڭ قايغۇلۇق بىر كۈن ئېسىمگە چۈشۈپ كۆڭلۈم بىرئاز بۇزۇلدى، — دېدى ـ دە، ئۇ تۆۋەن ئاھاڭ بىلەن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — تۆتىنچى ئوغلۇم ئىككى ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. كەچكۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە دادىسى ئېتىزدىن قايتقىچە چاي قايناتسىپ قويۇش ئۈچۈن ئوچاققا ئوت ياقتىم. بارلىق تېزەكنى ئوچاققا تىقىپ قويۇپ بالامنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ بىرئاز تېزەك تېرىپ كېلىش ئۈچۈن دالىغا چىقىپ كەتتىم. «بەختسىز قىز تېزەك تەرگىلى چىقسا، كالىلار سۇغا تېزەكلەپتۇ» دې-

گەندەك مەن يېقىن ئارىدىن قورۇق تېزەك تاپالماي ئۆيدىن خېلى ئۇزاق يەرلەرگە كېتىپ قاپتىمەن. بىر هازادىن كېيىن بىر تالدىن يۆلۈپ باغلىۋالغان بىر قولتۇق قوراي ۋە ئېتىكىمدە بىرنەچچە تال تېزەك كۆتۈرۈپ هېرىپ - ئېچىپ ئۆيگە كەلسەم، يائاللا، قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي، بالام قازاندىكى قايناق سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپ قاپتۇ. بىچارە بالام تۇۋاقنى ئىتتەرگەن بولسا كېرەك. ئىككى قولى ۋە بېشى بىلەن دۈم چۈشۈپ چىلىشىپ ياتاتتى. مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ قازان بېشىدا قالغان تېنىگە تاشلاپ هۇشۇمدىن كېتىپتىمەن. خېلىدىن كېيىن دادىسى كېلىپ مېنى ۋە ئوغلىمىزنى كۆتۈرىۋاپتۇ.

مانا كۆردىلىمۇ ؟! بىر قازان قايناقسۇنى قايىنتىش ئۈچۈن ئالتۇندەك بىر ئوغلىمىزنى قۇربان قىپتىمەن. شۇنچە قايغۇ - ئەلەم ئىچىدە يۈرەك - باغرىم زىدە بولۇپ تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسى ئۇرۇپ باش - كۆزۈمنى يېرىۋەتتى. گۇناھ ئۆزۈمدە بار ئۈچۈن بۇنىڭغىمۇ ئۈندېيەلمىدىم. تۇۋا! مانا قارىسىلا مەن قەستەن شۇنداق قىلدىممۇ ؟ جان - جىگەر پەرزەنتىمنىڭ شۇنداق بولۇشىنى ئويلىغانمىدىم.

— هېچقاچان! — دەۋەتتىم مەن ئىچىنىشلىق تەسىر بىلەن، — ئانا مۇھەببىتى كۈچلۈك مۇھەببەت، ئۆلۈم ئالدىدا ئانا ئۆزى قۇربان بولسا بولىدۇكى، بالىسىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇمتۇلىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدۇم.

— ناهايىتى توغرا، ئانامۇ مېنىڭ بەختلىك بولۇشۇمنى ئويلىغان، لېكىن مەن ئۆتمۈشتە بەختسىز بولۇپ قالدىم، مەنمۇ بالامنىڭ دۇنيادا ئۇزاق ئۆمۈر سۈرۈشىنى ئويلاپ ئېتىنى تۇردى قويغان. مەن ئۇنى ئىسسىندۇرۇش ۋە تويۇندۇرۇش ئۈچۈن موردىن دايىم تۈتۈن چىقىرىشنى ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۆتمۈشتە ئۇنى ساقلاپ قالالمىدىم.

بەختىخاننىڭ سۆزلەپ بېرىۋاتقان ۋەقەسى شۇ يەرگە كەلگەندە، مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن تۆۋەندىكى مەنزىرىلەر ئۆتۈپ كەتتى.

تېزەكنىڭ ئاچچىق تۈتۈنى پۇراپ تۇرغان قاراڭغۇ زەي ئۆيدىكى قازاندا بەختىخاننىڭ بىچارە ئوغلىنىڭ بېشى قايناقتا. جاڭگاللىقتا بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

كەچكۈزنىڭ سوغۇق شامىلىدا ئۇنىڭ مېھرىبان ئانىسى تىترەپ يۈرۈپ ئوتۇن ۋە تېزەكلەرنى تەرمەكتە. كەچكۈزنىڭ ئۈششىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى سارغايتقان، ئۇلارنى سوغۇق شامال سەللا تىترىتىپ قويسا، كەينى-كەينىدىن پىقىرىتىپ يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىرنەچچە ئايلىق ھاياتى بىلەن ئەبەدىي خوشلىشاتتى. ۋاشاڭ بولغان قوغۇنلۇق بارىگى ئەتراپىدىكى گۈللەرمۇ ياز بىلەن خوشلىشىپ بويۇنلىرى قىسىلغان مىسكىن ھالدا مۈكچىيىپ چۈشۈپ تۇرۇشاتتى. تەبىئەتنىڭ شۇنداق مۈگلۈق پەسلىدىكى كۆرۈنۈش كىشىدە ئۆتمۈشتىكى ئېچىنىشلىق قاراڭغۇ ھاياتنى ئەسلىتەتتى.

— ھە، سىلە دېگەندەك ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى بەختىخان جانلىنىپ، — ئانامۇ مېنىڭ بەختلىك بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلىپ ئىسمىمنى بەختىخان قويغانىدى. ئۇنىڭ ئارزۇسى بىكار كەتمىدى. مانا ئەمدى مەن غەمخورچىمىز پارتىيىنىڭ دەۋرىگە كېلىپ ئۆز بەختىمنى تاپتىم، ئازادلىقتىن كېيىن تۇغۇلغان، تۇرۇپ قالسۇن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن دەپ ئارزۇ قىلغان قىزىم تۇرسۇنئايمۇ سىلى كۆرگەندەك بەخت باغچىسىدا خۇشال ئۆمۈر سۈرمەكتە. بىر ياشقا كىرگەن ئوغلۇم بولسا، يەسلىدە تەربىيىلىنىۋاتىدۇ. مېنىڭ ھازىر كۆيچىلىكنىڭ قاتارىدا ياخشى ئەمگەك قىلىپ ياخشى ئۇنۇم ئېلىشتىن باشقا ھېچقانداق غېمىم يوق، بۇرۇن ئائىلىنىڭ غېمىنى يەپ ئوچاق بېشى، تونۇر بېشىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كۈلدە-كۆمەچ بولۇپ كېتەتتىم. مانا ماۋۇ قوشاقنى ئاڭلاپ باقسىلا بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدىلا.

ئۇ، كۈلۈپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇدى. ھەقىقەتتە بۇ قوشاق ئۆتمۈشتىكى كەمبەغەل ئائىلە ھاياتىنى ناھايىتى ئىخچام قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرەتتى.

مەن ئۆزۈم نامرات ئىدىم،<br>
بالىلىرىمنىڭ ئەگلى يوق.<br>
ئاندا-ساندا ئۇن تېپىپ،

ئەگلەكنى تاپسام تەگلى يوق.

خوددى شۇنىڭدەك تۈزنى تاپسام چاي يوق، گۆشنى تاپسام ماي يوق. بىر قولۇمدا بىر چىمدىم لازا بىلەن كىچىككىنە سىركە، بىر قولۇمدا بىر باش چامغۇر، قولتۇقۇمغا بىر باغلام قوراينى قىسىپ، قاتراپ يۈرەتتىم، ئەمدى بولسا ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ غېمىدىنمۇ تامام قۇتۇلدۇم.

خاپا تارتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بەخت ـ سائادەتلىك توق ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشقا يېتىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، لېكىن بۇ ئارزۇلىرىغا قانداق يول بىلەن ئېرىشىشنى بىلمەيتتى.

مانا بۇ يېڭىلىقلارنىڭ پەقەت بىرىلا بەختىخانغا ئوخشاش مىليون ـ مىليون جاپاكەش ئائىلىلەرنى ئۆتمۈشتىكىدەك ئەسكى تاملارنىڭ ئىچىگە قامىلىپ، چاشقانلاردەك كىترلاپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىقىندىلىق ئورنىدىن مەڭگۈ ئازاد قىلدى.

خاتىرجەم بولغان ئائىلىنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق ئەزاسى بەختىخاننىڭ ئوغلى ئەمدى ئۇسسۇزلۇق ئىچىمەن دەپ بىرىپ، قازانغا چۈشۈپ قاينىمايدۇ. ھازىرقى ئوغلى، ھەدىسى تۇرسۇنئاي «باغچىدا تاتلىق سۈتنى ئىچىمدۇ». قىزى بولسا، تەربىيىچىلەرنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ ئويناۋاتىدۇ. ئوغلى يەنە بىر يىلدىن كېيىن ھەدىسى تۇرسۇنئاي ياشاۋاتقان باغچىغا كىرىدۇ. بۇرۇنقى نان تېپىپ بېرىۋاتقان ئېرى سايىم ئاكا ئەمدى مەن خوتۇننى باققۇچى ۋە پاناھى دەپ يوغانچىلىق قىلىپ بەختىخاننى ئۇرۇپ، تىللىمايدۇ. چۈنكى، فېئوداللىق ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمى ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەن بۇ ئۆيدىمۇ ھازىر تەڭ، دوستانە، ئىناق، خاتىرجەم يېڭى ھايات قۇرۇلغاندى.

1960 ـ يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## رەخمەت

رەخمەتنى ئانىسى ئۇرۇپ تالاغا قوغلاپ چىقتى. ئانا غەزەپ ئوتىدا يېنىپ تىترەيتتى. ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدىكى بارلىق نەرسىلەر ئىس ۋە تۇمان ئىچىدە تۇرغاندەك غۇۋا كۆرۈنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان كىشلەرنى تولۇق بايقىماي ۋە ئۇلارنى «بولدى قويسىلا، كىچىك بالا ئەمەسمۇ!» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىماستىن ئوغلىنى يامان سۆزلەر بىلەن تىللاپ قاغايتتى. رەخمەتمۇ ئانىسىدىن بىزار بولۇپ يىغلاپ ئۆيدىن يىراقلىشىپ كەتتى.

— خەپ، جوۋاينىمەك، قولۇمغا چۈشەرسەن، — دېدى - دە، نىساخان ئىشكنى جالاقلىتىپ يېپىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

نىساخان قالغان چېيىنى ئىچمەكچى بولۇپ، جوزا يېنىدا ئولتۇرغانىدى، لېكىن گېلىغا بىر نەرسە تىقىلغاندەك بولۇپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلدى. قولىغا ئالغان ئاپقۇرنى يەنە جايىغا قويۇپ ئاستا نېرىراق ئىتتىرىۋەتتى. ھۆل بولۇپ كەتكەن داستىخاندا رەخمەتنىڭ ئۆرۈۋەتكەن چىنىسى ۋە سۇتلۇك چايغا چىلانغان، كۆپۈپ قالغان نان پۇردىلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. ئانا جەينىكىنى جوزىغا تىرەپ ئالقىنى بىلەن ئېڭىكىنى تۇتقان ھالدا ئويغا چۆمۈپ كەتتى: «بالا دېگەن يۈرەكنى يېرىپ چىقىدۇ. مەن ئۇنىڭغا شۇنچە مېھرىبان، يۇزلەپ كېچە سوغۇق بۆشۈكنى قۇچاقلاپ، مۈگدەپ ئولتۇرۇپ ئېمىتتىم. كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسراپ پەپىلەپ ئۆستۇردۇم، يېگۈزدۇم، كىيگۈزدۇم، شۇنچە كۆيۈنۈپ جاپا بىلەن چوڭ قىلسام، ئېمىشقا مېنىڭ قەدرىمنى بىلمەيدىغاندۇ، مەنمۇ بىچارە ئانىمنى شۇنداق رەنجىتكەندىمەنمۇ، رەنجىتكەن بولسام كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگارىم ئانامغا قىلغان - ئەتكىنىمنى بالامدىن ياندۇرۇپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. توۋا قىلدىم، توۋا!». نىساخاننىڭ كۆڭلى ئېزىلىپ، كۆزلىرىدىن چىققان ئىسسىق ياش تامچىلىرى مەڭزىنى كۆيدۇرۇپ ئېقىپ

چۈشەتتى .
ئانا قاتتىق ئويغا بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن روزىئاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيگە كىرگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى .
— هەي ، يەنە نېمە بولدۇڭلار ! — دېدى روزىئاخۇن خوتۇنىغا ئېچىنغان قىياپەتتە قاراپ تۇرۇپ .
— خۇدايىم ماڭا بالا ئەمەس بالايى ـ ئاپەتنى بېرىپتىكەن !
— قوي ، ئۇنداق گەپنى قىلما ! — دەپ روزىئاخۇن جوزا ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى . — خوش ، ساڭا بالايى ـ ئاپەت بولغۇدەك نېمە ئىش قىلدى ئۇ ؟ ئانا ئۆز پەرزەنتىنى شۇنداق دەپ چۈشىنىش ياخشىلىق ئەمەس .
نىساخان داستىخاننى تارتىلاپ ئېرىگە چاي بېرىشكە كىرىشتى . ئۇ ، بالىسىنىڭ گېپىگە كىرمىگەنلىكىنى ، شۇنداق مېھرىبان ئانىغا بىھۆرمەتلىك قىلىپ يانغانلىقىنى ئاتىسى چۈشەنمەي ، يەنە ئانىغا ئەيىب قويۇۋاتقانلىقىغا زەردىسى قاينىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇنىڭ قولىدىكى روزىئاخۇننىڭ ئالدىغا قويماقچى بولغان ئاپقۇردىكى سۇتلۇك چاي داۋالغۇپ تۇراتتى .
— ئەمىسە بالا ئانىسىنىڭ سۆزىگە كىرمەسلىك ، ئۇنىڭغا يېنىش ، تاكاللىشىش ياخشىلىق ئىكەن ـ دە ! — دېدى نىساخان چاينى جوزىغا قويۇپ .
— ياق ، ئۇمۇ ياخشىلىق ئەمەس .
— ئەمىسە رەخمەتنىڭ مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمىگەنلىكىنى ، ماڭا يانغانلىقىنى نەچچە قېتىم كۆردىڭغۇ ؟
— هە ـ ئە ، كۆردۈم .
— مانا قارىسىلا ! — دەپ قولىنى شىلتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى نىساخان ، — ۋاي بالامنىڭ قورسىقى ئېچىپ قالغاندۇ، دەپ مەكتەپتىن كېلىشىگە چاي تەييارلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم . داستىخاندا نان ئاز ئىكەن . يۇگۇر ، ئاشخانىدىن نان ئېلىپ چىق دېسەم ، گېپىمگە كىرمەي يەنە دۇمسىيىپ ئولتۇرۇۋالدى . هوي شۇم ، ئۆزۈڭنىڭ قورسىقىغا يەيدىغان تەييار ناننى ئەپچىقىشقا ئۇنۇمامسەن دەپ كايىپ قويسام ، چېيىنى

ئىتتىرىپ ئۆرۈۋەتتى.

— ئاندىن كېيىن تازا سالدىم، دەڭلا.

— ئانىسىغا يانغان بالىنى ئۇرمامدۇ ئەمىسە ؟!

— ھەي، ساڭا نېمە دەپ ئۇقتۇرۇش لازىمكىن تاڭ، — دېدى زورىئاخۇن بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئۇ تېخى بالىغۇ، سەن بىرنەچچە بالىغا ئاتا بولغان خوتۇن قىلدىن قىيىق كەتسە، چىدىماسلىق قىلىپ ۋالاقلاشقا باشلايسەن. ئەمدى كىچىك بالىدىن قانداق كۆڭۈل ئاغرىتقىلى بولا. ئۇنىڭ تېخى ياخشى - يامانلىقنى ئايرىۋالىدىغان، ئاتا - ئانىنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ۋاقتى ئەمەسقۇ ؟!

— ئەجەپ سىلە ئىشقا بۇيرۇسىلا يۇگۈرىدۇ، مەن ئىشقا بۇيرۇسام بويۇن تولغايدىكىنا ! بالىنىڭ ماڭا بويۇن سۇنمىغانلىقىغا سىلىمۇ سەۋەبكار.

— مەسىلەن، قانداق قىلىپ مەن سەۋەبكار بولىدىكەنمەن ؟

— ئوغۇل بالا دېگەننى ئاتا باشلاش كېرەك.

— كۆرمەيۋاتامسەن باشلاۋاتىمەنغۇ، — دېدى زورىئاخۇن خوتۇنىنىڭ ناھەق باھاسىغا ئىچىنغان قىياپەتتە، — دەپتەر - قەلەم، كىتابلىرىنى ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىۋاتىمەن. مەكتىپىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەشكە ئۈندەۋاتىمەن، ئۆزىگە لايىق ئەمگەككە ئۈندەش ئۈچۈن ئۇششاق ئەسۋابلارنى ياساپ بەردىم. ئاناڭنى قاخشاتما، دەپ نەسىھەت قىلىۋاتىمەن. مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن بولغان يىغىنلارغا مەن خېلى قاتناشتىم. سەن بولساڭ بىر قېتىممۇ بېرىپ، رەخمەتنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالىنى بىلمىدىڭ. ئەمدى سەن ئۆزۈڭنىمۇ ئويلاپ باق.

روزىئاخۇننىڭ سۆزى تېخى تۈگىمىگەنىدى. نىساخان گەپنىڭ ئۆزىگە كۆچ كەلگەنلىكىگە بىتاقەت بولدى. ئۇ چىنىلەرنى سىلكىپ، جاڭ قىلدىتىپ دەستىلەپ، چوكىلارنى سىقىمداپ جوزىغا ئۇرۇپ:

— ۋاي خۇدايىمەي ! — دەپ زارلاندى، — ھە، رەخمەتنىڭ قىيىقلىقىغا مەن ئەيىبلىك. سىلىدە ھېچ ئەيىب يوق.

— مانا، يەنە تەتۈرلۈك قىلىۋاتىسەن!

— نەسىھەت ـ نەسىھەتلا دەيدۇ. قۇرۇق نەسىھەتنىڭ نېمە پايدىسى بار، — دەپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى نىساخان. ئۇ، بويىنىنى ئالدىغا سوزۇپ گەپ قىلاتتى. — بالا دېگەننى تاتلىقى كەلگەندە ئەركىلىتىپ سىيلاپ ـ سىپاش كېرەك. ئاچچىقى كەلگەندە ئاناڭنىڭ گېپىنى نېمە ئۈچۈن ئاڭلىمايسەن ئەخمەق دەپ، تازا سېلىش كېرەك. «بېھىشتىن چىققان كۆك تاياق، يۇگۇرىتىدۇ يالاڭ ئاياغ». مانا شۇ ۋاقىتتا گەپ ئاڭلايدۇ.

— مانا شۇنىسى بولمايدۇ. سەن ئويلاپ باق، — دەپ روزىئاخۇن ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇئەللىملەر بالىنى گەپكە كىر گۈزۈش ئۈچۈن ئۇرۇپ ـ تىللاش دۇرۇس ئەمەس دېيىشتى. ھەقىقەتتە بۇ يامان ئادەت ئىكەنلىكىنى سەن نېمىشقا سەزمەيسەن. مانا قارا، رەخمەت نېمىشقا ساڭا يانىدۇ. ھە، شۇنى چۈشەنگىنىكى، سەن ئۇنى ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك تاتلىقىڭ كەلسە ئەركىلىتىپ، يارىماس ئىشلارنى قىلىشقا يول قويۇپ بېرىسەن. ئاچچىقىڭ كېلىپ قالغاندا خۇددى شۇ قاملاشمىغان ئىشلىرى ئۈچۈن يامان سۆزلەر بىلەن ئۇنى تىللايسەن، ئۇرۇسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بېزەڭلىشىپ، سۆزۈڭنى ئاڭلىمايدۇ. ئاچچىق تىللىرىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدۇ ـ دە، چىدىماي ساڭا يانىدۇ. سېنىڭ قىلىقلىرىڭدىن ئۈلگە ئېلىپ، ئۇمۇ ئاغزى يامان، ئۇرۇشقاق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

— بولدى ـ بولدى، تولا سەپرايىمنى ئۆرلەتمىسىلە، — دەپ نىساخان كۇرۇك توخۇدەك ھۇرپىيىشكە باشلىۋېدى، روزىئاخۇن ئۇستام ئەمدى ئارتۇق گەپ قىلىشنىڭ لازىمى يوقلىقىنى سېزىپ، كۆلۈمسىرىگەن بويىچە رەخمەتنى ئىزدەپ تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئاستا تالاغا چىقىپ كەتتى.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، روزىئاخۇن ئېغىر ـ بېسىق، كۆڭلى كەڭ، كەم سۆز ئادەم. نىساخان بولسا، ئازغىنا ئىشلارغا ھەددىدىن تاشقىرى خۇشال بولۇپ ياكى خاپا بولۇپ قالاتتى. ھەر ئىككى ھالدا

ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي، جاۋىلداپ سۆزلەيدىغان يېنىك تەبىئەتلىك، لېكىن كۆڭلىدە يامانلىق ساقلىمايدىغان ناھايىتى كۆيۈمچان خوتۇن ئىدى. ئائىلىدىكى بىر قانچە خاتا مۇناسىۋەتلەر ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئىتتىكلىكىدىن، يەنە سىر كىسى سۇ كۆتۈرمەيدىغان مىجەزىدىن بولۇپ تۇراتتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئوغلى رەخمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا بەزى مەسىلىلەرنى ئەسلەپ ئۆتەيلى:

رەخمەت ئەمدى توققۇز ياشقا كىرىپ، ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتتى. ئۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۈچ چىقىرىپ تەلىم ـ تەربىيە بېرىشى نەتىجىسىدە بۇ يىل پىئونېر بولۇپ، قىزىل گالستۇك تاقىغانىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئۇ، ئەلۋەتتە دەرستە ۋە مەكتەپنىڭ تەرتىپ ـ قائىدىلىرىدە ياخشى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆيدە ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان بەزى كەمچىلىكلىرى تېخى تۈگىمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىدە ئانىسىنىڭ سۆزىگە كىرمەسلىكى ھەم تاكاللىشىدىغان قىلىقىمۇ راست. دادىسى بىلەن بولسا، ئۇنداق ئەمەس، مانا بۇ ئەھۋال نىساخاننىڭ ئوغىسىنى قايىنتىپ، پات ـ پاتلا توقۇنۇشقا ئېلىپ كېلىدۇ. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟

رەخمەت شۇ يېشىغا كەلگۈچە دادىسىدىن قاتتىق سىلكىش، يامان تىل ئىشىتمىدى ياكى قاتتىق تاياق يېمىدى. ئەگەر بالىلىق قىلىپ قاملاشمىغان بىر ئىش قىلىپ قويغان ۋاقىتلىرىدا «بالام، مۇنداق قىلساڭ بولامدۇ؟ ياق ـ ياق بولمايدۇ، مانا بۇ، مۇنداق يامان بولۇپ قالىدۇ» دەپ خاتالىقىنى تۈزەتكەنلىكىنى كۆردى. رەخمەتنىڭ توغرا ئارزۇلىرىنى ئورۇنلاپ بەردى. دادىسى تۆمۈرچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كىچىك كەتمەن، بولقىلارغا ئوخشاش ئەسۋابلارنى ياساپ بەرگەن. بۇ ئەسۋابلارنى ئۇ مەكتەپكە كىرگۈچە بالىلىق زوق ـ شوقى بىلەن ئويناپ يۈرەتتى. بىراق، چىشىغا تېگىپ قويغىنى ئۈچۈن ئانىسى بۇ ئەسۋابلارنى رەخمەتنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ نەگىدۇ يۈتتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭغا ئاددىي بىر ھادىسە سەۋەب بولغانىدى.

رەخمەت ئالتە ياش ۋاقتىدا، بىر كۈنى ئانىسى سۈپۈرۈپ قويغان يەرنى كىچىك كەتمىنى بىلەن چېپىپ ئويناۋاتاتتى، ئانىسى كۆرۈپ قېلىپ:

— ھەي جوۋاينىمەك شوم ! ئاران سوپۇرگەن يەرنى نېمشقا تىلغىدىڭ ؟ — دېدى — دە ، قولىدىن كەتمەننى تارتىۋالدى . ئۇ تالىشىپ يىغلىغانىدى ، بېشىغا ئويۇنچۇق كەتمەننىڭ سېپى ئارقا — ئارقىدىن تېگىشكە باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن رەخمەت تىل ھەم تاياق يەپ ، ھەم كەتمەنىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى . كېيىن سەككىز ياشقا كىرگەندە بولىقىدىن ئايرىلدى . بۇنىڭغا سەۋەب بولغان ھادىسە رەخمەتنىڭ قاملاشمىغان بىر ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىقتى .

سىنىپ تەربىيىچىسى ئوقۇغۇچىلارغا كاردىن چىققان ئەسكى تۆمۈر — تەسەكلەرنى يىغىپ كېلىشنى تاپشۇردى . بۇ ھەرىكەتتە بىرىنچى بولغانلارغا تەقدىرنامە بېرىلىدىغانلىقنى ئېيتقانىدى .

رەخمەت بۇ ھەرىكەتكە ناھايىتى قىزىق بېرىلىپ كەتتى . ئۇ ، بۇلۇڭ — پۇشقاقلارنى تىمىسقىلاپ ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ، بىرقانچە پارچە ئەسكى تۆمۈر — تەسەكلەرنى توپلىدى . بۇ ھەرىكەتتە باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن توپلىغان نەرسىنىڭ ئاز بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ، يەنە بىرنەچچە پارچە ئەسكى تۆمۈر ئىزلەشكە چۈشتى ، چاي قۇتىسىنى ئېلىپ چىقىپ ، ئۇنىڭ ئاستىغا مىخ قېقىپ بىر نەچچە يېرىنى تېشىپ كاردىن چىقاردى . مانا شۇ ۋاقىتدا ئانىسى كۆرۈپ قېلىپ ، ئۇنى بولقىسى بىلەن كېلىشتۇرۇپ ئۇرغانىدى . مانا شۇ خاتالىقى بىلەن بولقىسىدىن ئاي-رىلدى .

رەخمەتنىڭ بىرىنچى بولۇشىنىلا كۆزدە تۇتۇپ ساق نەرسىنى بۇزۇپ ئىشتىن چىقىرىشى ھەم ئۇنى ئۆزى بۇزۇلغان نەرسە قىلىپ ئالدىماقچى بولغانلىقى خاتالىق . ئۇ شوخ ۋە ئالدىراڭغۇلىقىدىن بەزى ۋاقىتتا ئويلىمايلا شۇنداق خاتا ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ ، ئانىسىدىن دائىم تىل ئىشىتىپ يۈرەتتى . يەنە ئالتە ياش ۋاقتىدا بىر قېتىم مېۋىلىك دەرەخنىڭ غولىنى پالتا بىلەن چېپىپ قويۇپ تاياق يېگەن بولسا ، بىر قېتىم تۆت ياش ۋاقتىدا ، تەرگەن — تىككەن نېمىلەرنى يۇلۇپ قويۇپ ئۆلگۈدەك تاياق يە-گەن . لېكىن بۇ قېتىمقى بالىلىق خاتالىقى يۈزىسىدىن ئەڭ مۇھىم ئىككى خىل تەربىيىگە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېيتىپ ئۆتۈشمىز كېرەك .

www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچى، توپلىغان نەرسىنىڭ سانى كۆپ بولۇشىنىلا ئېتىبارغا ئېلىپ قالماستىن، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەھمىيىتىنى، قانداق نەرسىلەرنى توپلاش لازىملىقىنى ياش ئوقۇغۇچىلارغا ئوبدان چۈشەندۈرگەن بولسا، يۇقىرىقىدەك خاتالىقنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى. ئەسلىدە رەخمەت بۇ ھەرىكەتكە ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قاتناشماقچى بولۇپ، ياخشى ئىش قىلىۋېتىپ، بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانا بالىسىنى ئۇرۇپ تىللاۋەرمەستىن، ساق نەرسىنى ناكا قىلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، بۇ خاتالىقنىڭ زىيىنى نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك ئىدى. چۈنكى، رەخمەت قىلىۋاتقان ھەرىكەتتە سانىنىلا قوغلاپ كېتىپ، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى ئاجرىتىۋالالماي قالغانىدى.

× × ×

كېيىنكى كۈنلەردە رەخمەتنىڭ سىنىپ تەربىيىچىسى ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، رەخمەتنىڭ ئائىلىسىدىكى ئەھۋالنى بىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىمۇ مەكتەپ تەرىپىدىن چاقىرىلغان ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغا قاتنىشىدىغان بولدى. دېمەك، نىساخانمۇ ئوغلىنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالىنى بىلدى. نەتىجىدە نىساخان ئوغلى رەخمەت بىلەن ئەمدى ئانچە ئۇرۇشماس بولۇپ قالدى. «جوۋاينىمەك كەتكۈر، يا ئۆلمىدى بۇ شۇم» دەيدىغان بۇرۇنقى قاغىشلىرى ئورنىغا «ئايىقى يېنىك، تېتىك ئوغلۇم، ھە ماۋۇ ئىشىڭ ياخشى، ماۋۇ ئىشىڭنى تاشلا. بۇ زىيانلىق، ئۇنداق قىلما، ئوبدان بالام، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن» دېگەندەك ياخشى سۆز ئېيتىپ، ياخشى تىلەك تىلەيدىغان بولۇپ قالدى.

رەخمەتمۇ ئۇن بىر ياشقا كىرىپ تۆتىنچى سىنىپتا ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇ ئەمدى پايدا ـ زىياننى خېلى بىلىپ قالدى. ئانىسىنىڭ گەپلىرىگە بۇرۇنقىدەك بويۇن تولغىماستىن قۇلاق سالىدىغان بولدى.

ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش ـ تالاشلارنىڭ پەسىيىپ، ئائىلىدە خاتىرجەملىك بولۇشى بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ۋە كۆڭۈللۈك ئەھۋال.

ئانا ـ بالىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق ياخشىلىنىشقا باشلىدى؟

بۇ توغرۇلۇق ئەڭ ئاۋۋال روزنىئاخۇن ئۇستام خېلى كۈچ چىقاردى. نىساخاننىڭ كەمچىلىكىنى يېگىشتە سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن بولىدىغان مەجلىسلەرگە قاتناشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. نىساخان مەكتەپتىكى ئاتا ـ ئانىلار كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بولغان سۆھبەتلەر ئارقىلىق نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى ھاياتىنى ۋە ئۆيدە ئۆتكۈزىدىغان تۇرمۇشى، ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئۇقتى. رەخمەتنىڭ ئۆيدىكى ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ ئائىلىدىكى تەربىيىسى توغرىسىدا نۇرغۇن مەسلىھەتلەرنى بەردى. شۇنداق قىلىپ، نىساخان خوشى تۇتقاندا، ئوغلىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، ئەركە ـ تايتاڭ قىلىۋېتىش، كېيىن ئۇنى يىغىۋالالماي ئۇرۇپ ـ تىللاشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدى.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يېرىم يىللىق ئوقۇش نەتىجىلىرىنى پۈتۈن ئاتا ـ ئانىلار قاتناشقان مەجلىستە ئېلان قىلغاندا، رەخمەتنىڭ ئەلا دەرىجىدە ئىمتىھان بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ نىساخان ناھايىتى خۇشال بولغانىدى. ئەتىيازدىكى بىر مەجلىستە رەخمەتكە ئوغۇت توپلاش ھەرىكىتىدە ۋە تازىلىق ئىشلىرىدا ئۈلگىلىك ئىش كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن تەقدىرنامە تاپشۇرغاندا قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئانىلىق غۇرۇرى ئۆرلەپ كەتتى. ئۇ مەجلىستىن قايتقانلارنىڭ ئارىسىدا كۆكرىكىنى كېرىپ خۇشال كەيپىياتتا «كۆردۈڭلارمۇ، مېنىڭ ئوغلۇم قانداق ئىشچان ئىكەن. مانا مەن يېڭى جەمئىيىتىمىزگە شۇنداق ئۈلگىلىك ئىش قىلىپ بېرىدىغان ئوغۇل ئۆستۈرگەن ئانا بولىمەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان قىياپەتتە كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بولسا، مەكتەپنىڭ ئەلا دەرىجىلىك ئوقۇغۇچىسى پىئونېر رەخمەت قولىنى سىلىپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ كۆكرىكىدە قىزىل گالستۇكنىڭ قاناتلىرى ئۇتۇقلاردىن دېرەك بېرىپ يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

1958 ـ يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئالتۇننىڭ تەسرىدە

بېشىغا قىممەتلىك زەرلەر بىلەن زىننەتلەنگەن تاج كىيگەن، ئۈستىگە زەرلىك كىمخاپ تون يېپىنغان هالدا پادىشاھ ئالدىراشلىق بىلەن ساتىراشخانىغا كىرىپ كەلدى.

ساتىراش دەسلەپتە تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن پادىشاھنىڭ ھېچ نەرسىنى تەگستىمەسلىكى بىلەن مەغرۇر سۆلىتىدىن ئەيمەندى.

پادىشاھ يېشىنىپ كۇرسىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن ساتىراش ئەدەب بىلەن كېلىپ ئۇنىڭ چېچىنى ئالدى. ساقال، بۇرۇتىنى ياساۋېتىپ، بىردىنلا غەلىتە بىر تەسىرات بىلەن باشقا ۋەزىيەتكە ئۆتتى، پادىشاھنىڭ ساقىلىنى خۇددى ئۆچكىنىڭ ساقىلىنى تۇتقاندەك كاپ قىلىپ تۇتتى-دە، كارنىيىغا ئۇستىرىنى تىكلىۋېلىپ:

— ھىم، مانا مۇشۇنداقلا سۈرسەم، جانابلىرىنىڭ ئىشى تامام بولىدىغۇ، — دېدى.

— ھاي-ھاي، ئۇنداق بىمەنا گەپنى قىلما! — دېدى پادىشاھ ئالىيىپ.

ساتىراش پادىشاھنىڭ ساقىلىنى تېخىمۇ يۇقىرىغا تارتىپ كارنىيىنى بىر غېرىچ سوزۇۋېپ، ئۇستۇرىنى بوغمىزىنىڭ ئۈستىگە تاقىدى:

— مانا مۇشۇنداق قىلىپ بىرلا تارتىمەن، ئىش تامام-ۋەسسالام.

پادىشاھنىڭ پۇت-قوللىرى تۇتقاقلىق كېسەلدەك لاغىلداپ تىترەپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتتى:

— بۇ پەيلىڭدىن يان، نېمە خالساڭ شۇنى قىلاي، ساڭا خەزىنەمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قوياي، دۇنيا دەپنەمنى تىلىگەنچە ئال.

— خوش تەقسىر، «جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرىمەن» دەپ ماختىنىپ، ئەلنى قورقاتقانلىرى شۇمىدى؛ جاھاننى سەلتەنەتلىرى ئالدىدا تىترەتكەن جانابلىرى، ئەجەپ مېنىڭ ئۇستۇرام ئالدىدا تىترەپ كەتتى-

لىغۇ، ئەھۋال شۇمىدى؟

— جېنىم، بۇرادەر ئالتۇن بېرەي - ئالتۇن زەر ئال!

— زەر ئالمايمەن، قان ئالىمەن قان!... زەر مانا مېنىڭ قولۇمدىكى ئۇستۇرا. بۇ سېنى مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىدۇ.

— سادىغاڭ كېتەي قېرىنداش، زەر بېرەي - زەر! بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچ!

— مەن زەر ئۈچۈن سېنىڭ قېنىڭدىن كەچمەيمەن. ئەگەر ھەر-قاچان ماڭا بويسۇنىدىغان پادىشاھ بولساڭ كېچىمەن.

— بويۇن سۇناي، ئەزىبىرايى خۇدا بويۇن سۇناي!

— ساتىراش پادىشاھنى قويۇپ بەردى. پادىشاھنىڭ قارا تەرگە چۆمگەن بەدىنى بەزگەكتەك تىترەپ، سىقىرار ئىدى. ئۇ ئۆزىنى بىر يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك سېزەتتى. پادىشاھ ئوردىسىغا بېرىپ تەختىگە چىققاندىن كېيىن، دەر غەزەپ بولۇپ «جاللات!» دەپ ۋارقىرىدى. جاللات قويۇندەك ئۇچۇپ تەخت ئالدىغا كېلىپ:

— كىمگە ئەجەل يار بوپتۇ، كىمنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يېتىپتۇ، ئەي ئۇلۇغ شاھىنشاھ، بۇيرىغايسىز، شۇ سائەتتە بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغايمىز، — دېدى. پادىشاھ ئەركان دۆلەتكە قاراپ:

— ھەممىگە روشەن ۋە مەلۇم بولغايكى، ئۆي بازاردىكى ساتىراش ئەلەيھۆلەيىن شۇ سائەتتە كەلتۈرۈلۈپ دارغا ئېسىلسۇن ۋە پۈتۈن تېنى پارچە - پارچە قىلىپ چېپىلسۇن! — دەپ ئەمىر قىلدى.

نۆكەرلەر ساتىراشنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ، دار تەرەپكە ئېلىپ مېڭىشتى. ئوردىدا پەم - پاراسەتتە ئاقىل، دانالىقى بىلەن شۆھرەت چىقارغان ھەكىم بار ئىدى. ئۇ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تازىم قىلدى - دە:

— شاھىنشاھ، سەتىراشنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ بائىسى نېمىدۇر؟ — دەپ سورىدى.

پادىشاھ ساتىراشنىڭ قورقۇتقانلىقىنى سۆزلەپ، شۇنىڭ ئۈچۈن قىساس ئالماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى. ھەكىم بۇنى سوراق قىلىپ

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوبدان تەكشۈرۈپ، ئۆز گۇناھىغا ئىقرار بولغاندىن كېيىن جازا بېرىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتتى.

— بۇ ۋەقەنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرسەم ۋە ئۆز بېشىمدىن كەچۈرسەم، ئۇنى نېمە دەپ تەكشۈرۈش لازىم! — دېدى پادىشاھ.

— شۇنداق بولسىمۇ ئەدلى تارازىسى ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تارتىپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، — دېدى ھەكىم.

— مېنىڭ ئەدلى تارازام ساتىراشنىڭ گۇناھىنىڭ ھەددى - ھېسابسىز ئېغىرلىقىنى ئۆز زېمىنىدە كۆتۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنى ئۆلۈم بىلەن ئۆلچىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇنى ئادالەت دەپ بىلىش كېرەك.

— جانابلىرىنىڭ ئەدلى تارازىسىدا ئۆلچەنگەن ئادالەتنى پېقىرنىڭ ھېكمەت ئەلگىكىدە تاسقاپ كۆرۈشكە ئىجازەت قىلسىڭىز.

— رۇخسەت، لېكىن پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ بولۇش شەرتى بىلەن بولىدۇ، — دېدى شاھ. ھەكىم ساتىراشنى سوراق قىلدى.

— سەن ساتىراش بولغىلى نەچچە يىل بولدى؟

— ئوتتۇز يىل، — دېدى ساتىراش.

— پادىشاھىمىزنىڭ چېچىنى قاچاندىن بېرى ئالىسەن؟

— ئون بەش يىلدىن بېرى.

— ئون بەش يىلدىن بېرى پادىشاھ بىلەن ھەزىل (چاقچاق) قىلىشقانمىدىڭ؟

— يوق، ھەر دائىم ئەدەب بىلەن ئىش قىلدىم.

— بۇ قېتىم نېمە ئۈچۈن ئەدەب ساقلىمىدىڭ؟

— يوغسۇ ئەدەبتىن قىلچىلىك چىقمىدىم.

— پادىشاھنى ئۇستۇرا بىلەن بوغۇزلايمەن دەپ قورقۇتۇشۇڭ ئەدەبلىك ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەلەمدۇ؟

— يوغسۇ، پېقىر پۇقرالىرى ئۇنداق باتۇرلۇقتىن مەھرۇم. شۇنداق ئىشنى ئويگۇمدا تۇرماق چۈشۈمدىمۇ قىلىپ كۆرگىنىم يوق.

سوراق بۇ جايغا كەلگەندە پادىشاھ تاقەت قىلالماي سۆزگە ئارىلاشتى:

— كاززاپ . . . نامەرد ئىكەنسەن ، لەنىتى قورققاق ، ئۆلۈم ئالدىدا تىترەپ يالغان سۆزلەۋاتسەنغۇ ؟!
— ئۆمرۈمدە يالغان سۆزلىمىگەنىدىم تەقسىر ، بۇنى جانابلىرىدىن ئۇقۇپ ، ھەيران بوپ تۇرىمەن .
پادىشاھ بۇ سۆزنى تەنە دەپ چۈشىنىپ ، ئۆزىنىڭ ساتىراشخانىدا قورقۇپ تىترەپ كەتكەنلىرىنى ۋە بەرگەن ۋەدىلىرىنى خىيالىغا كەلتۈردى - دە ، دەر غەزەپ بولۇپ :
— جاللات ! پەرمانىنى جايىغا كەلتۈر ! — دەپ ۋارقىرىدى .
— ئازغىنە توختاڭ ، مەن بۇ ھادىسىنىڭ ھېكمىتىنى سەزگەندەك بولۇۋاتىمەن . — دېدى ھەكىم خىيالغا چۆمگەن بېشىنى كۆتۈرۈپ .
— خوش نېمە گەپ ؟ — دېدى پادىشاھ .
— ھازىر ، تەقسىر . — دېدى ھەكىم ۋە ساتىراشتىن :
— سەن پادىشاھنىڭ چېچىنى قەيەردە ئالغانىدىڭ ؟ — دەپ سو-رىدى .
— ئۆز دۇكىنىمدا .
— مۇندىن بۇرۇن پادىشاھىم شۇ دۇكانغا بارغانمىدى ؟
— يوغۇ ، ئۆمرۈمدە پادىشاھنىڭ چېچىنى ئۆز دۇكىنىمدا ئالغىنىم مۇشۇ ئىدى .
— سەن بۇ دۇكىنىڭدا قاچاندىن بېرى تۇرىسەن ؟
— تېخى كېچە كۆچۈپ كەلگەنىدىم .
— مەسىلە روشەنلەشمەكتە ، — دېدى ھەكىم ، پادىشاھقا تەزىم قىلىپ ، — جانابلىرى بىرەر سائەت سەۋر قىلىپ ، پېقىرغا بىرنەچچە نۆكەر قوشۇپ بەرسىلە ئىدى . ئەجەب بىر ھېكمەتنىڭ سىرى ئاشكارا بو-لۇر ئىدى .
— قېنى ، ھېكمىتىڭىزنى كۆرسەتكەيسىز ، لېكىن سورالغان ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتسە ، سىزنىڭمۇ بېشىڭىز ئۆلۈمدە .
— خوپ .
ھەكىم ، گۇناھكارنى زەنجىر ، كىشەنلەردىن بوشىتىۋېلىپ ، نۆۋ-

www.uyghurkitap.com

كەرلەر بىلەن ساتىراشخانىغا كېلىشتى ۋە ساتىراشتىن سورىدى:

— سەن پادىشاھنىڭ چېچىنى قەيەردە تۇرۇپ ئالغانىدىڭ؟

— مانا تەقسىر، پادىشاھ بۇ يەردە كۇرسىدا ئولتۇردى، پېقىر بولسام مانا بۇ يەردە تۇرۇپ ئالدىم.

ھەكىم ساتىراش دەسسەپ تۇرغان يەرنى كولاشقا بۇيرۇدى، نۆۋكەرلەر يەرنى بىر گەز كولىغاندى، ئادەمنىڭ قوچىقى يەتمەيدىغان، ئاغزى بېكىتىلگەن بىر كۈپ چىقتى. بۇ كۈپنى ناھايىتى مۇشەققەتتە ئورىدىغا ئېلىپ كېلىشىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىدى، كۈپنىڭ ئىچى ئاغزى بىلەن توشقۇزۇلغان ئالتۇن ئىكەن، پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ ھەكىمدىن بۇنىڭ سىرىنى سورىدى.

ھەكىم ئېيتتى:

— مانا بۇ كۈپتىكى ئالتۇن، جانابىڭىزنىڭ چېچىنى ئالغان ۋاقىتدا ساتىراش دەسسەپ تۇرغان يەردىن چىقتى. بۇنىڭ ھېكمىتى شۇدۇركى: مۇنداق ئاددىي ساتىراش سىزدەك بىر شاھنىڭ سەلتەنىتىنى كۆزگە ئىلماي، غەزىپىڭىزدىن قورقماي ئۇستۇرا بىلەن بوغۇزلىماقچى بولۇشى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قورقۇمسىز خىسلەت بولۇپ قالماستىن، دەسسەپ تۇرغان جايىنىڭ ئاستىدىكى خەزىنىنىڭ يەنى ئالتۇننىڭ خىسلىتىدۇر. جانابىلىرى ئالتۇن تاج ۋە ئالتۇن كەمەرلەردىن ئاجرىلىپ ئولتۇرغان ئەھۋالدا، يەرگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مانا شۇ كۈپتىكى ئالتۇن، ئۇستىدىكى تۇپراقنى دەسسەپ تۇرغان ساتىراشقا تەسىر قىلغان. ساتىراشنىڭ شۇ چاغدىكى تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى شاھ ئەمەس، ئاددىيغىنە بىر ئۆچكە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ساتىراش كۈپتىن نېرى كەتكەندە ئۆزىنىڭ شاھ بىلەن ئويناشقانلىقىنى بىلمەسلىكى ئەجەب ئەمەس. بۇ ھېكمەت بائىسىدىن قارىغاندا ساتىراشنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ، كىشىلەرنى ئەدەب، ئەخلاق ۋە ئىنسابتىن چىقىرىدىغان مانا شۇ ئالتۇننى دۆلەت غەزىنىسىگە ئېلىپ پۇقرالار ئۈچۈن سەرپ قىلىش لازىم.

ھەكىمگە بېرىلگەن بىر سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇمۇ ئۆلۈمگە لايىق بولغانىدى. لېكىن پادىشاھ نۇرغۇن ئالتۇنغا ئىگە بولغان

خۇشاللىقىدىن ھەر ئىككىسىنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى .

1947 ـ يىل .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

责任编辑:阿布都肉苏里·吾买尔
封面设计:加拉力丁·巴合拉木

锻炼 (维吾尔文)

(短篇小说)

祖农·哈迪尔 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
乌苏市印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 6.375印张9插页
1991年12月第1版 1998年3月第2次印刷
印数:3.501——8.500

ISBN7—228—03720—0/I·1421 定价:8.50元

ISBN 7-228-03721-9
9 787228 037216 >